قۇرئان كەرىم نۇرى ئاستىدا



# پەيغەمبەرلەر تارىخى

ئوسمان نۇرى توپباش

3

ئەركام نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

ئىستانبۇل - 2018

كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى: Nebîler Silsilesi -3

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلئەزىز ئەلى

تەھرىرى: مۇھەممەد سىدىق

ISBN: 978-605-302-443-9

بەتچىك: مۇستافا قايان

Language : Uighur

ئەركام نەشرىياتى

ئالاقىلىشىش ئادرېسى

Address : Ikitelli Organize Sanayi Bölgesi Mahallesi
Atatürk Bulvarı Haseyad 1. Kısım No: 60/3-C
Başakşehir - İstanbul / TURKEY

Phone : +90 212 671 07 00 (Pbx)

Fax : +90 212 671 07 48

E-mail : info@islamicpublishing.org

Web site : www.islamicpublishing.org

قۇرئان كەرىم نۇرى ئاستىدا

# پەيغەمبەرلەر تارىخى

# 3

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**”بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق“** (سۈرە ئەنبىيا 105 - ئايەت)

**”...ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر“** (سۈرە يۇسۇف 109 - ئايەت)

**"ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىنىدىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى ھېچ ئەھەدى قالمىدى"** (سۈرە مەريەم 98 ـ ئايەت)

**"ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى"** (سۈرە دۇخان 29 ـ ئايەت)

**"يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەمىمي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) رەھىم قىلىدۇ"** (سۈرە ئەئراف 153 - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«دىن نەسىھەتتۇر...» (بۇخارى، «ئىمان»، 42)

«جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن تۇسىسىلەر ياكى ئاللاھنىڭ يېقىندا ئۈستىڭلارغا ئەۋەتىدىغان ئازاپنى كۆرسىلەر! ئۇ زامان دۇئا قىلساڭلارمۇ دۇئايىڭلار قوبۇل بولمايدۇ!» (تىرمىزى، «فىتەن»، 9)

مەسنەۋىدىن:

«قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋال ۋە سۈپەتلىرىدۇر. قۇرئان كەرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇساڭ ۋە ئۇنى ئەمىلىيەتكە تەدبىقلىساڭ، ئۆزەڭنى پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندەك ھېس قىلىسەن! پەيغەمبەر قىسسىلىرىنى ئوقۇغانسىرى تەن قەپىزى جان قۇشىغا تار كېلىشكە باشلايدۇ!» (ھەزرىتى مەۋلانا)

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناجاتى:

"ئى رەببىم! سېنى ئەسلەپ، زىكىر قىلغانلارنىڭ مەجلىسىدىن ئايرىما! ئەگەر غاپىللارنىڭ مەجلىسگە بارىدىغان بولسام، ئۇ يەرگە بېرىشتىن بۇرۇن ئاياقلىرىمنى سۇندۇر! چۈنكى سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭ مەن ئۈچۈن بۈيۈك ئىلتىپاتتۇر."

**مەسنەۋىدىن:**

قۇرئان كەرىمنىڭ زاھىرىنى بىر مىقدار رەڭ بىلەن يېزىش مۇمكىن، لېكىن مىسلىسىز دەريا، بىپايان دېڭىزلار رەڭ بولسا، يەنە كۇپايە قىلمايدۇ!

«قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋال ۋە سۈپەتلىرىدۇر. قۇرئان كەرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ، ئۇنى ئەمىلىيەتكە تەتبىقلىساڭ، ئۆزەڭنى پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندەك ھېس قىلىسەن! پەيغەمبەر قىسسىلىرىنى ئوقۇغانسىرى تەن قەپىزى جان قۇشىغا تار كېلىشكە باشلايدۇ!» (ھەزرىتى مەۋلانا)

# مۇندەرىجە

## داۋۇد ئەلەيھىسسالام /11

تالۇت، جالۇت ۋە تابۇت ........................................ 11
ئىمتىھان ........................................ 15
داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلبىسى ........................................ 16
داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىلىشى ........................................ 24
ئەسھابۇ سەبت (شەنبە كۈنى ئىگىلىرى) ۋەقەسى ........................................ 27
داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن قالغان خاتىرە: «سەۋمى داۋۇد» ........................................ 31
داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ........................................ 32
داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ........................................ 33
زەبۇر ۋە دائىرىسى ........................................ 34

## ئەڭ گۈزەل كالامنى گۈزەل ئوقۇش / 37

## سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام / 61

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئات سەۋداسى ........................................ 71
سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىلىنىشى ........................................ 73
بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ بىنا قىلىنىشى ........................................ 77
سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ۋە چۈمۈلىلەر ........................................ 79
سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ........................................ 87
سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ........................................ 90
ھارۇت ۋە مارۇت قىسسىسى ........................................ 91
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن ئۈستۈنلىكى ...... 94

**مۇلۇك ئالاھقا ئائىتتۇر / 95**

ئىنفاق يەنى سەدىقىدە ئەدەپ ........................................ 105

**ئۇزەير ئەلەيھىسسالام /115**

ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ........................................ 119

ئەسھابۇلكەھف ........................................ 120

**ئەييۇب ئەلەيھىسسالام /141**

ئىمتىھان، سەۋر ۋە مۇكاپات ........................................ 142

كېسەلدىن قۇتۇلۇشى ........................................ 149

رەھىمە خانىمنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇكاپاتى ........................................ 152

**رىزا / 153**

**يۇنۇس ئەلەيھىسسالام /173**

نىنوۋالىقلار ........................................ 174

ئىمان، تەۋبە ۋە كەچۈرۈم ........................................ 175

**ئىلياس ئەلەيھىسسالام /187**

**ئەليەسە ئەلەيھىسسالام /193**

**زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام /197**

**لوقمان ھەكىم ئەلەيھىسسالام /203**

**ھەمدۇ ۋە شۈكۈر /215**

**زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام /233**
**يەھيا ھەكىم ئەلەيھىسسالام /233**
**ئىسا ئەلەيھىسسالام /233**

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ........................................234
يەھيا ئەلەيھىسسالام ........................................235
ئىسا ئەلەيھىسسالام ........................................240
يوقتىن ياراتقۇچى ئاتىسىزمۇ يارىتىدۇ ........................................243
ھەزرىتى ئىسانىڭ پەيغەمبەرلىكى ........................................253
ئاسماندىن داستىخان چۈشىشى (مائىدە) ........................................258
ھەبىب ئەن-نەججار ........................................265
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىشى ........................................269
ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن ..........272
كۆپ ئىنجىل يېزىلىشىنىڭ سەۋەپلىرى ........................................279
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى ........................................280
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ........................................281
بۈگۈنكى خرىستىئانلىق ........................................283
تەسلىس (ئۈچ تەڭرى) ئەقىدىسى ........................................294
تۆت ئىنجىلنىڭ ماھىيىتى ........................................308
ماتتا ........................................312

ماركوس ............................................................ 312
لۇقا ............................................................ 312
يۇھەننا ............................................................ 313
تۆت ئىنجىلدىكى زىتلىقلار ............................................................ 316
خرىستىئانلارنىڭ قارىشىچە ھەزرىتى ئىسانىڭ كرىستتا مىخلىنىشىنىڭ سەۋەپلىرى ..... 312
غۇربەت ............................................................ 328



# داۋۇد ئەلەيهسسالام

زىكرى بىلەن تاغۇ-تاشلار، ۋەھشى ھايۋانلارنى مەست قىلغان

## داۋۇد ئەلەيھىسسالام

داۋۇد ئەلەيھىسسالام قۇددۇستا دۇنياغا كېلىپ، تەخمىنەن 100 يېشىدا ۋاپات بولدى. نەسلى يەھۇدا بىن ياقۇب بىن ئىسھاق بىن ئىبراھىمغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ھەم ھۆكۈمدارلىق بېرىلدى. تارىخى مەنبەلەردە، داۋۇد ئەلەيھىسسالام تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1015 - 975 -يىللار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈردى.

قۇرئان كەرىمدە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى 16 يەردە زىكىر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئىبرانى تىلىدا زەبۇر نازىل قىلىندى.

### تالۇت، جالۇت ۋە تابۇت

مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرى تەۋرات بىلەن ئەمەل قىلدى. لېكىن يەھۇدىيلار باشلىرىدا پەيغەمبەر بولمىغان بىر پۇرسەت تاپسىلا دەرھال كىتابنى ئۆزگەرتىپ، كىتابنى ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە قاراپ ئىزاھلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەقىدە ۋە ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، يېڭى بىر پەيغەمبەر كېلىپ تۈزەتتى، لېكىن كۆپ ئۆتمەي يەنە پىتنە-پاساتقا يۈزلەندى.

ئۇ ۋاقىتلاردا مىسىر بىلەن شام ئارىسىدا ئەمالىقە قەۋمى ياشايتتى، ئۇلارنىڭ جالۇت نامىدا كۈچلۈك بىر رەئىسى بار ئىدى. ئاللاھ تائالا جالۇتنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا جازا سۈپىتىدە ئەۋەتتى. جالۇت ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، بالىلىرى ۋە ئاياللىرىنى ئەسىر قىلدى.

بەنى ئىسرائىلدە مۇسا ئەلەيھىسسالام زامانىدىن تارتىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم مۇقەددەس ئامانەت قويۇلغان قىممەتلىك بىر ساندۇق بار ئىدى. ساندۇقنى قولغا كەلتۈرگەن جالۇت ھاقارەت قىلىش مەقسىتىدە ئۇنى پاسكىنا يەرگە تاشلىۋەتتى. بۇ ساندۇق قۇرئان كەرىمدە «تابۇت»دەپ زىكىر قىلىنىدۇ.

ئۆيى، مال-مۈلكى، يۇرتىدىن ئايرىلغان ئىسرائىل ئوغۇللىرى قىيىن ئەھۋالدا قالدى ۋە تابۇتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىگە قايغۇرۇپ، تابۇتنى قايتۇرۇپ كېلىشنى

قاتتىق ئارزۇ قىلدى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىشموئىل نامىدا بىر پەيغەمبەر بار ئىدى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قوتۇلدۇرىدىغان بىر ھۆكۈمدار تەلەپ قىلدى. ئىشموئىل ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. ئاللاھ تائالا «تالۇت» ئىسىملىك بىر كىشىنى ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلەشنى ۋەھيي قىلدى. لېكىن بىر قىسىم يەھۇدىيلار تالۇتنى ھۆكۈمدار قىلىشنى خالىماي، بۇ ئىلاھىي ئەمرگە قارشى چىقىپ:«تالۇت ھۆكۈمدار نەسلىدىن ئەمەس!» دېدى.

چۈنكى شۇ ۋاقىتقىچە ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا كەلگەن پەيغەمبەرلەر لاۋى بىن ياقۇبنىڭ، ھۆكۈمدارلار بولسا يەھودا بىن ياقۇبنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ئىدى. تالۇت بولسا ھەر ئىككى نەسلىگە مەنسۇپ ئەمەس ئىدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

أَلَمْ تَرَ إِلَى الْمَلإِ مِن بَنِي إِسْرَائِيلَ مِن بَعْدِ مُوسَى إِذْ قَالُواْ لِنَبِيٍّ لَّهُمُ ابْعَثْ لَنَا مَلِكًا نُّقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللّهِ قَالَ هَلْ عَسَيْتُمْ إِن كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ أَلاَّ تُقَاتِلُواْ قَالُواْ وَمَا لَنَا أَلاَّ نُقَاتِلَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِن دِيَارِنَا وَأَبْنَآئِنَا فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ تَوَلَّوْاْ إِلاَّ قَلِيلاً مِّنْهُمْ وَاللّهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ

**"ساڭا مۇسا (ۋاپاتى) دىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە؛ «بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، (ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى) ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر: « سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر"** (سۈرە بەقەرە، 246- ئايەت)

وَقَالَ لَهُمْ نَبِيُّهُمْ إِنَّ اللّهَ قَدْ بَعَثَ لَكُمْ طَالُوتَ مَلِكًا قَالُوَاْ أَنَّى يَكُونُ لَهُ الْمُلْكُ عَلَيْنَا وَنَحْنُ أَحَقُّ بِالْمُلْكِ مِنْهُ وَلَمْ يُؤْتَ سَعَةً مِّنَ الْمَالِ قَالَ إِنَّ اللّهَ اصْطَفَاهُ عَلَيْكُمْ وَزَادَهُ بَسْطَةً فِي الْعِلْمِ وَالْجِسْمِ وَاللّهُ يُؤْتِي مُلْكَهُ مَن يَشَاء وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ

**"پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ. (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال - مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا» دېدى. پەيغەمبەر: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى، ئاللاھ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ» دېدى."** (سۈرە بەقەرە، 247 - ئايەت)

ئىسرائىل ئوغۇللىرى، ھۆكۈمدارلىق مال-دۇنياسى كۆپ بولغان كىشىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. ھالبۇكى بۇ پىكىر، جەمئىيەت مەنپەئەتىگە ۋە ئادالەت پىرىنسىپلىرىگە خىلاپ ئىدى. چۈنكى ھۆكۈمدارلىققا، بايلار ئەمەس بەلكى ئۇنىڭغا لايىق كىشى ئولتۇرۇشى كېرەك، شۇنداقلا ھۆكۈمدارلىق بۇ كىشىنىڭ مەنىۋى كۈچى، ئىلمى تەجرىبىسى ۋە جاسارىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بۈيۈك مۇپەسسىر فەخرىددىن رازىنىڭ بايان قىلىشىچە ئىشموئىل ئەلەيھىسسالام، ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ تەكلىپىنى مۇنۇ تۆت سەۋەپ تۈپەيلىدىن رەت قىلدى.

1. تالۇتنى ئاللاھ تاللىدى.
2. ھۆكۈمدارلاردا ئىككى سۈپەت بولۇشى كېرەك:
   (a) سىياسەت ئىلمىنى بىلىشى،
   (b) جىسمانى ۋە روھى جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشى،
3. مۈلۈك ئاللاھنىڭ بولۇپ، ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ.
4. ئاللاھ ئىھسانى بىلەن نامراتنى باي قىلىدۇ. سەلتەنەتكە كىمنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. (فەخرىددىن رازى، «تەپسىر»، 6، 147)

تالۇتنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا نارازى بولغان ئىسرائىل ئوغۇللىرى بۇ قېتىم: «ئەگەر ئۇ ھەقىقى ھۆكۈمدار بولسا، بىزگە بىر دەلىل كۆرسەتسۇن!» دېدى.
بۇنىڭ بىلەن:

وَقَالَ لَهُمْ نِبِيُّهُمْ إِنَّ آيَةَ مُلْكِهِ أَن يَأْتِيَكُمُ التَّابُوتُ فِيهِ سَكِينَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَبَقِيَّةٌ مِّمَّا تَرَكَ آلُ مُوسَى وَآلُ هَارُونَ تَحْمِلُهُ الْمَلآئِكَةُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ

**"ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى: «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ، ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر (ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان) بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى تابۇتنىڭ نازىل بولۇشىدا ئاللاھنىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا) ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن (روشەن) ئالامەت بار»**
(سۈرە بەقەرە، 248 - ئايەت)

❀

تابۇت ھەققىدە ھەرخىل رىۋايەتلەر بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەردە تابۇت ئاۋۋال ئادەم ئەلەيھىسسالامغا چۈشتى، ئۇنىڭدىن شىت ئەلەيھىسسالامغا ئۆتتى، كېيىن تەرتىپ بويىچە ئىبراھىم، ياقۇب ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام، تەۋرات لەۋھەسىنى ۋە بەزى مۇھىم نەرسىلەرنى تابۇت دەپ ئاتالغان بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىگە قويىدى. تابۇتنى ھەربى يۈرۈشلەردە ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر جاسارەتلەندى.

نەتىجىدە ئاللاھ تائالا، تابۇتنى پەرىشتىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تالۇتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا قويدۇردى. بۇنى كۆرگەن ئىسرائىل ئوغۇللىرى تالۇتنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قوبۇل قىلدى.

ئاللاھ تائالا تالۇتنىڭ ھۆكۈمدارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسرائىل ئوغۇللىرى تەلەپ قىلغان ئالامەتنى كۆرسەتتى. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىمان دەرىجىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان بىر ئىمتىھاننى ئىرادە قىلدى.

### ئىمتىھان

تالۇت ھۆكۈمدار بولغاندىن كېيىن قوشۇننى رەتكە سېلىپ، پادىشاھ جالۇتنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

ھاۋا ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسكەرلەر سۇغا تەشنا بولدى. لېكىن ئىشموئىل ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن بىر تەلىمات كەلدى. بۇ ئىلاھىي ئەمرنى بىلگەن تالۇت:

«ئاللاھ سىلەرنى سۇ بىلەن سىنايدۇ. كىم قانغۇدەك سۇ ئىچسە مېنىڭ ئەسكىرىم ئەمەس!" دېدى.

ئالدىدىكى دەريادىن، پەقەت بىر ئوچۇم ئىچىشكە رۇخسەت قىلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ دېيىشىچە، بۇ دەريا شەرىئا دەپ نام بېرىلگەن ئىئوردانىيە دەرياسىدۇر. (ئىبنى كەسىر، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 511)

تالۇت ۋە ئەسكەرلىرى، مەزكۇر دەرياغا كەلدى. قوشۇن 80.000 كىشى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 76.000ئى ئەمرگە خىلاپلىق قىلىپ، قانغىچە سۇ ئىچتى. پەقەت 4.000 كىشى بۇيرۇققا ئىتائەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدىنمۇ كۆپىنچىسى قېچىپ كېتىپ، پەقەت 313 كىشىلا قالدى. بۇ سان بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابىلارنىڭ سانى بىلەن تەڭ ئىدى.

بۇ ھەقتە بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇنداق دەيتتۇق: بەدرىدە بولغانلارنىڭ سانى، تالۇتنىڭ (پەلەستىن) دەرياسىدىن ئۆتكەن مۆمىن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى بولغان 313 ئىدى.» (بۇخارى، «مەغازى»، 6)

دەريادىن بىر ئوچۇمدىن ئارتۇق سۇ ئىچكەنلەرنىڭ تەشنالىقى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى، كالپۇكلىرى قۇرۇپ، ماغدۇرىدىن كەتتى. ئەمرگە قۇلاق سالغانلارنىڭ بولسا ئىچكەن بىر ئوچۇم سۈيى كۇپايە قىلدى ۋە ئىمانى كۈچلىنىپ، كۈچ-قۇۋۋىتى ئاشتى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَلَمَّا فَصَلَ طَالُوتُ بِالْجُنُودِ قَالَ إِنَّ اللهَ مُبْتَلِيكُم بِنَهَرٍ فَمَن شَرِبَ مِنْهُ فَلَيْسَ مِنِّي وَمَن لَّمْ يَطْعَمْهُ فَإِنَّهُ مِنِّي إِلاَّ مَنِ اغْتَرَفَ غُرْفَةً بِيَدِهِ فَشَرِبُواْ مِنْهُ إِلاَّ قَلِيلاً مِّنْهُمْ فَلَمَّا

جَاوَزَهُ هُوَ وَالَّذِينَ آمَنُواْ مَعَهُ قَالُواْ لاَ طَاقَةَ لَنَا الْيَوْمَ بِجَالُوتَ وَجُنودِهِ قَالَ الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلاَقُو اللّهِ كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللّهِ وَاللّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ

**"تالۇت ئەسكەرلىرى بىلەن** (بەيتۇلمۇقەددەستىن) **ئايرىلغان چاغدا: «ئاللاھ سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن** (ئۇسسۇزلۇقنى بىرئاز بېسىش ئۈچۈن) **ئىچكەن ئادەم** (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)**» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا** (دۈشمەنىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى)**: «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز» دېدى.** (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) **ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. ئاللاھ چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر."** (سۈرە بەقەرە، 249 - ئايەت)

بۇ ئايەتتە ھەربى ئىنتىزامنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى. بىر قوشۇننىڭ غەلىبىسى، ئەڭ ئاۋۋال قوماندانىنىڭ ئەمرىگە مۇتلەق بويسۇنۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇرۇشتا غەلبە قىلىش سان بىلەن ئەمەس، ھەق، ئادالەت، ئىمان ۋە مەنىۋىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. زەپەر تاجى، سانى كۆپ بولغان قوشۇنلارنىڭ ئەمەس بەلكى روھى كەيپىياتى ئۈستۈن، ئۆزىگە ئىشەنگەن ئاز قوشۇنلارنىڭ بېشىغا قونىدۇ. سائادەت دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر. يېقىن تارىخىمىزدىكى (تۈركىيە تارىخى) چاناققالە ئۇرۇشمۇ بۇ ھەقىقەتنىڭ مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

## داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلبىسى

تالۇتنىڭ قوشۇنىدا 18 ياشلىق بىر يىگىت بولۇپ، ئىسمى «داۋۇد» ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاتىسى ۋە ئون ئۈچ ئىسنى بىلەن بىللە تالۇتنىڭ قوشۇنىغا قاتناشتى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام قويلارغا قارايتتى. ناھايىتى جەسۇر ئىدى، بولۇپمۇ رەكىئەتكە ۋە تاش ئېتىشقا ماھىر ئىدى. بىر كۈنى ئاتىسىغا:

«پۈتۈن تاغۇ-تاشلار مەن بىللە تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ!» دېدى.
بۇنىڭ بىلەن ئاتىسى: «ئى داۋۇد! ساڭا خۇش خەۋەر بولسۇن!» دېدى.
داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى ناھايىتى مۇڭلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن تالۇتنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىلدى. تالۇت ئۇنى ئۆزىگە يېقىن دوست قىلدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ ئەسنادا تالۇتنىڭ ئەمالىقە قەۋمىگە قارشى تەييارلانغان قوشۇنىغا قېتىلدى.
ئاللاھ ئۇ پەيغەمبەرگە (ئىشموئىل ئەلەيھىسسالامغا) جالۇتنى داۋۇدنىڭ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇڭا ئۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى بىللە ئېلىۋالدى. يولدا ئۈچ تاش زۇۋانغا كېلىپ، داۋۇدقا:
«بىزنى ئال، جالۇتنى بىز بىلەن ئۆلتۈرىسەن!» دېدى. ئۇ تاشلارنى ئېلىۋالدى. كېيىن بۇ تاشلارنىڭ ھەممىسى بىر تاشقا ئايلاندى.
يەنە بىر تەرەپتىن تالۇت: «كىمكى جالۇتنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا قىزىمنى بېرىمەن» دەپ ۋەدە بەردى.
نەتىجىدە تالۇتنىڭ يېنىدا قالغان 313 نەپەر ئىمانلىق ئەسكىرى دۈشمەن بىلەن تۇتۇشتى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَلَمَّا بَرَزُواْ لِجَالُوتَ وَجُنُودِهِ قَالُواْ رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَثَبِّتْ
أَقْدَامَنَا وَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ

**"ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى** (ئۇرۇش مەيدانىدا) **مۇستەھكەم قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى"** (سۈرە بەقەرە، 250 - ئايەت)
بۇ ئايەتتە ئىشارەت قىلىنغاندەك، دۈشمەن ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان ئەسكەر ئۈچ سۈپەتكە ئىگە بولۇشى لازىم:
1. قېيىنچىلىقلارغا سەۋر،
2. جاسارەت ۋە سابات (قەتئىيلىك)،
3. ئىلاھىي ياردەمنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئاللاھقا يېقىن بولۇش.
ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندا، جالۇت ئۆزى بىلەن يەكمۇ-يەك ئېلىشىدىغان بىر ئادەم تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭغا قارشى داۋۇد ئەلەيھىسسالام چىقتى. بۇنىڭغا

ھەممەيلەن ھەيران قالدى. چۈنكى جالۇت ناھايىتى قاۋۇل ۋە كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا جالۇت ئۆز كۈچىگە ئىشىنىپ داۋۇدنى مەنسىتمەي:

«ئى ئوغۇلچاق، مەن بىلەن ئېلىشقىلى كەلدىڭمۇ!" ئېيتە، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟" دېدى.

داۋۇد:

«سەن بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن كەلدىم!» دېگەندە، جالۇت ئۇنى مەسخىرە قىلدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام مەنجىنىقنى (رەكەتكە) چىقىرىپ، ئۇ مەشھۇر تېشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ جالۇتقا ئاتتى. تاش جالۇتنىڭ پېشانىسىگە تەگدى ۋە جالۇت ئېتىدىن يىقىلىپ ئۆلدى.

كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن مەغرۇرلانغان ھۆكۈمدار جالۇت، ئوپ ـ ئوچۇق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان بولسىمۇ نەتىجىدە مەغلۇپ بولدى. ئاللاھ تائالا بۇنىڭ بىلەن ئىشلارنىڭ يالغۇز زاھىرى شەرتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۆز ئىرادىسى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. يەنە بۇ ۋەقە ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە قۇۋۋەتلىك كۆرۈنگەننىڭ، ئەمەلىيەتتە ئاجىز، ئاجىز كۆرۈنگەننىڭ بولسا ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قۇۋۋەتلىك بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئاللاھنى ئىنكار قىلغان زالىملار ئەبرەھەنىڭ مىسالىدا ئېيتىلغىنىدەك، قانچىلىك كۈچلۈك كۆرۈنسە كۆرۈنسۇن، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ھەقىقەتكە ئايلانغاندا، كىچىك بالىدىنمۇ ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ھەقىقەتكە ئايلىنىشىنى ئىرادە قىلغان باشقا ھېكمەتلەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، ئاللاھ تالۇتتىن كېيىن مۈلۈكنى، يەنى ھۆكۈمدارلىقنى ھەزرىتى داۋۇدنىڭ ئېلىشى ۋە ئورنىغا ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلدى. ھەزرىتى داۋۇدنىڭ جالۇتنى ئۆلتۈرۈشى بىلەن خەلقنىڭ نەزىرىدە كۈچى ۋە جاسارىتى ئىسپاتلاندى. بۇ ئەھۋال داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ھۆكۈمدارلىققا تەييارلىدى.

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

"فَهَزَمُوهُم بِإِذْنِ اللّٰهِ وَقَتَلَ دَاوُدُ جَالُوتَ وَآتَاهُ اللّٰهُ الْمُلْكَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَهُ مِمَّا يَشَاء
وَلَوْلاَ دَفْعُ اللّٰهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ الأَرْضُ وَلَكِنَّ اللّٰهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى
الْعَالَمِينَ"

**"مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى، داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى. ئاللاھ داۋۇدقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى** (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) **بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى** (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) **بىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا** (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) **ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى** (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)**، پەقەت ئاللاھ** (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) **پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر."** (سۈرە بەقەرە، 251 - ئايەت)

بۇ ئايەتتە دۇنيا ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىلاھىي ئىزاھاتى بار. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان سۇلتانلارنى مەيدانغا كەلتۈرمىگەن بولسا ئىدى، كۈچلۈك ئىنسانلار ئاجىزلارنى ئېزىپ قۇل قىلغان بولاتتى. بۇ ھەقتە بىر رىۋايەتتە:

«سۇلتان ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسىدۇر» دېيىلگەن. (ھەيسەمى، «مەجمائۇز-زەۋائىد»، 5،196، دەيلەمى، «مۇسنەد»، 2، 343)

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«شۈبھىسىز ئاللاھ، قۇرئان بىلەن توسمىغان نەرسىنى سۇلتان بىلەن توسىدۇ.» (ئىبنى كەسىر، «قىسەسۇل ئەنبىيا»، 516)

ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائى تەڭپۇڭلۇقنى بىر قىسىم سەۋەپلەرگە باغلىدى. بۇ سەۋەپتىن ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى باي، بىر قىسمى نامرات، بىر قىسمى كۈچلۈك، بىر قىسمى ئاجىز، بىر قىسمى ساق، بىر قىسمى كېسەل، بىر قىسمى مۆمىن، بىر قىسمى مۇشرىك بولىدۇكى، بۇلار ئارىسىدا قۇرۇلىدىغان ئالاقىلار، ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت ھالىتىدە ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ خۇددى مۇسبەت، مەنپى قۇتۇپلاردىن ئۇچقۇن ۋە ئېنىرگىيە ھاسىل بولغىنىدەك، ئىجابى، سەلبى ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللاردىمۇ ناھايىتى كۆپ ھېكمەتلەر بار. يۇقىرىدىكى ئايەت ئارقىلىق ئىلاھىي نىزامنىڭ بەزى پىرىنسىپلىرى چۈشەندۈرۈلدى. بۇ ئايەتنىڭ داۋامىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

تِلْكَ آيَاتُ اللّٰهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ وَإِنَّكَ لَمِنَ الْمُرْسَلِينَ

**"بۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇركى، ئۇنى بىز ساڭا توغرا رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئەلۋەتتە** (ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن) **پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىسەن."** (سۈرە بەقەرە، 252-ئايەت)

❀

تالۇت زەپەردىن كېيىن قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەرنى كۆيدۈردى. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە غەنىمەت مېلى ھالال بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆيدۈرۈلەتتى. تالۇت قۇددۇسقا قايتقاندا، ئىشمۇئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

«ئاللاھ ساڭا بىشارەت بەرگەن زەپەرنى نېسىپ قىلدى. سەنمۇ ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئورۇنلىغىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن تالۇت قىزىنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلدى.

تالۇتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھۆكۈمدار بولدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەم سەلتەنەت ھەم پەيغەمبەرلىك بېرىلگەن تۇنجى پەيغەمبەر بولدى. پەزىلەت ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئۈستۈن قىلىندى. ئايەتتە ئېيتىلغاندەك، ئۇنىڭغا تۆت بۈيۈك كىتابنىڭ بىرى بولغان زەبۇر نازىل بولدى.

وَرَبُّكَ أَعْلَمُ بِمَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَلَقَدْ فَضَّلْنَا بَعْضَ النَّبِيِّينَ عَلَى بَعْضٍ وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُورًا

**"پەرۋەردىگارىڭ ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ، بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، داۋۇتقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 55-ئايەت)

داۋۇد ئەلەيھىسسالام، ھاياتى بويىچە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلدى. پۇقراچە كىيىنىپ، خەلق ئىچىگە كىرىپ، خەلقتىن ھۆكۈمرانلىقى ۋە تۇرمۇشىدىن رازى بولۇپ، بولمىغانلىقى ھەققىدە قانداق چۈشەنچىسى بارلىقىنى سورىدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ھەققىدە سوئاللىرىغا بولمىغۇر جاۋاپ بەرگەن ۋە شىكايەت قىلغان ھېچكىم تېپىلمىدى. (قۇرتۇبى، «تەپسىر»، 14، 266) پۈتۈن خەلق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

اصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَاذْكُرْ عَبْدَنَا دَاوُودَ ذَا الْأَيْدِ إِنَّهُ أَوَّابٌ

**"ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، (دىندا) كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى."** (سۈرە ساد، 17 - ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، داۋۇد ئەلەيھىسسالام، قاتتىق ئىشتىياق بىلەن ئىبادەت قىلاتتى. بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل روزا «سەۋمى داۋۇد» يەنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسى دېيىلدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئەڭ پەزىلەتلىك ۋاقىتلارنى ئىزدىدى. بىر كۈنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن:

«ئى جىبرىئىل! قايسى ۋاقىت ئەڭ پەزىلەتلىكتۇر؟" دەپ سورىدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

«ئى داۋۇد! سەھەر ۋاقتىدا ئەرشنىڭ تىترىشىدىن باشقىنى بىلمەيمەن.» دەپ جاۋاپ بەردى. (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، «زۇھد»، 70، ئىبنى ئەبى شەيبە، «مۇسەننەپ»، 13، 240)

داۋۇد ئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ ئۈچتە بىرىدە ئۇخلاپ، قالغان ۋاقتىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئەھۋالنى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلدۇ:

إِنَّا سَخَّرْنَا الْجِبَالَ مَعَهُ يُسَبِّحْنَ بِالْعَشِيِّ وَالْإِشْرَاقِ وَالطَّيْرَ مَحْشُورَةً كُلٌّ لَهُ أَوَّابٌ

**"بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى (داۋۇدقا) بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى - ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى، قۇشلارنىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلارمۇ (تەرەپ - تەرەپتىن) توپلىنىپ، داۋۇد بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتاتتى، (تاغلارنىڭ، قۇشلارنىڭ) ھەممىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر."** (سۈرە ساد، 18 - 19 - ئايەت)

وَسَخَّرْنَا مَعَ دَاوُودَ الْجِبَالَ يُسَبِّحْنَ وَالطَّيْرَ وَكُنَّا فَاعِلِينَ

**"...تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇد بىلەن تەسبىھ ئېيتىشقا مۇسەخخەر قىلدۇق، (شۇنداق قىلىشقا) بىز قادىر ئىدۇق."** (سۈرە ئەنبىيا، 79 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا گۈزەل ۋە يېقىملىق ئاۋاز ئاتا قىلدى. ئۇ زەبۇرنى ئوقۇغاندا، پۈتۈن ياۋايى ھايۋانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ئۇنى تىڭشايتتى. ئاللاھ

تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا يەنە ساۋۇت (دۇبۇلغا) ياساش سەنئىتىنى بىلدۈردى، بۇ ھەقتە ئۇنى تەڭداشسىز بىر قۇدرەت بىلەن ھىمايە قىلدى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا:

وَلَقَدْ آتَيْنَا دَاوُودَ مِنَّا فَضْلًا يَا جِبَالُ أَوِّبِي مَعَهُ وَالطَّيْرَ وَأَلَنَّا لَهُ الْحَدِيدَ أَنِ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ وَقَدِّرْ فِي السَّرْدِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ

**"بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل** (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) **ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار»** (دېدۇق)**. تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق.** (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) **«مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا** (ھالقىلىرىنى بىر- بىرىگە) **تەكشى قىلغىن،** (ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!) **ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن»"** (سۈرە سەبەئ 10 - 11 - ئايەت)

وَعَلَّمْنَاهُ صَنْعَةَ لَبُوسٍ لَّكُمْ لِتُحْصِنَكُم مِّن بَأْسِكُمْ فَهَلْ أَنتُمْ شَاكِرُونَ

**"جەڭلەردە سىلەرنى** (ياردار بولۇشتىن) **ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق، سىلەر** (بۇنىڭغا) **شۈكۈر قىلامسىلەر؟** (يەنى شۈكۈر قىلىڭلار ۋە نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار)**."** (سۈرە ئەنبىيا، 80 - ئايەت)

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ساۋۇت ياساپ، قوشۇننى دۈشمەندىن قوغدىدى ھەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدىدى. سىياسى كۈچكە ئىگە، ئىقتىسادى ئىمكانى زور بىر پەيغەمبەر بولسىمۇ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تاللىدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ھېچ بىر ئىنسان ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن رىزىقتىنمۇ ياخشىراق بىر رىزىق يېمەيدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز كۈچىگە تايىنىپ رىزقىنى يەيتتى." (بۇخارى، «سېھىر»، 15؛ ئەنبىيا 37)

داۋۇد ئەلەيھىسسالام، ئىلاھىي ياردەمگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپلىگەن مۇھاپىزەتچىلەر بېرىلدى، چوڭ قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش ۋە ھەيۋەتلىك

بولۇشتەك ئۈستۈن ئۈنۋانلار بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەرلىك، توغرا كۆز قاراش، كىتاب، شەرىئەت، ئىلىم، ئەمەل، گۈزەل سۆزلەش ۋە ھېكمەتكە ئىگە بولدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَشَدَدْنَا مُلْكَهُ وَآتَيْنَاهُ الْحِكْمَةَ وَفَصْلَ الْخِطَابِ

**"داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە** (ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان) **روشەن سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئاتا قىلدۇق."** (سۈرە ساد، 20-ئايەت)

ئايەتتە ئۆتكەن فەسلە خىتاب، سۇددىنىڭ قارشىچە، ۋەقەنى پۈتۈنلەي چۈشىنىش ۋە بەرگەن ھۆكۈم جايىدا بولۇشتىن ئىبارەت. مۇجاھىدنىڭ قارىشىچە، سۆز ۋە ھۆكۈمدە ھەقىقەتچى ۋە قەتئىي بولۇشتۇر.

ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق خىتاپ قىلدى:

يَا دَاوُودُ إِنَّا جَعَلْنَاكَ خَلِيفَةً فِي الْأَرْضِ فَاحْكُم بَيْنَ النَّاسِ بِالْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعِ الْهَوَى فَيُضِلَّكَ عَن سَبِيلِ اللَّهِ إِنَّ الَّذِينَ يَضِلُّونَ عَن سَبِيلِ اللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ بِمَا نَسُوا يَوْمَ الْحِسَابِ

**"ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى** (يەنى قىيامەت كۈنى)**نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ."** (سۈرە ساد، 26-ئايەت)

پەيغەمبەر ۋە ئەينى زاماندا ھۆكۈمدار بولغان داۋۇد ئەلەيھىسسالام ۋاقتىنى تۆتكە ئايرىدى.

بىرىنچى ۋاقتتا، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئىككىنچى ۋاقتتا، قانۇنى داۋالارنى بىر تەرەپ قىلدى.

ئۈچىنچى ۋاقتتا، خەلققە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى.

تۆتىنچى ۋاقتتا، شەخسى ئىشلىرىنى قىلدى.

## داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىلىشى

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بەزى سىناقلارغا دۇچ كەلدى، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىنسان ئىكەنلىكى ۋە كىچىك خاتالىقلىرى بىلدۈرۈلدى. ئۇمۇ دەرھال تەۋبە قىلدى ۋە ئاللاھ ئۇنى ئەپۇ قىلىپ، يولىدىكى خەتەرلەرنى بىلدۈردى.

بىر كۈنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، ئىككى كىشى كەلدى. ھالبۇكى، ئىبادەت ۋە زىكىر قىلغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىم كىرمەيتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن ھودۇقتى. چۈنكى ئىشىكى تاقاق بولغان ئىبادەتخانىغا ھېچكىم بۇنداق كىرمەيتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلار قۇلاق سالماي:«ئىبادەتنىڭ كۈنى بولمايدۇ!» دەپ، تەلىۋىنى مۇنداق بايان قىلدى:

«قورقما! بىز داۋاگەرلەر. يېنىڭغا داۋا قىلىپ كەلدۇق. ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن!"

داۋۇد ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنداقتا ئېيتىڭلار!» دېدى.

ئىككى داۋاگەرنىڭ بىرسى: "قېرىندىشىمنىڭ 99 قويى بار، مېنىڭ بىر قويۇم بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ مەندىكى بىر تۇياق قوينىمۇ ئېلىۋالماقچى بولىۋاتىدۇ.» دېدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ناھەقچىلىق بولغانلىقىنى ئويلاپ ئاچچىقلانغان ھالدا ئىككىنچى كىشىدىن ھېچبىر سوئال سورىماستىن مۇنداق دېدى:

«ئۇ يالغۇز قويۇڭنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ساڭا زۇلۇم قىلىپتۇ. ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بولمىغان كىشىلەر مۇشۇنداق زۇلۇم قىلىدۇ. ياخشى ئىنسانلار ئاز ئۇچرايدۇ.» دېدى. ئۇلار قايتىپ كەتتى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام، ھۆكۈم بېرىشتە ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ئىككىنچى كىشىنى تىڭشىمىدى. ھالبۇكى، مەسىلىنىڭ ھەقىقىتى ئىككىنچى كىشىنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاش بىلەن ئۇتتۇرىغا چىقىشى، گۇناھكار گۇناھسىز، گۇناھسىز بولسا گۇناھكار بولۇپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن داۋۇد ئەلەيھىسسالام داۋاگەرلەر كەتكەندىن كېيىن خاتالاشقانلىقىنى بىلدى ۋە بۇنىڭ ئىلاھىي ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى بايقاپ، دەرھال سەجدە قىلغان ھالدا ئىستىغپار ئېيتىپ تەۋبە قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.

بۇلار پەيغەمبەر بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەگىشىش ئۇسۇلى ۋە ھېكمەتىنىڭ شەكىللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەردۇر. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ۋە گۇناھسىز سۈپەتلىرىگە نوقسان يەتكۈزمەيدۇ. مۇپەسسىرلەرنىڭ نەزىرىدە، بۇ خىل ئىمتىھانلار «ھەسەناتۇل ئەبرار، سەييىئەتۇل مۇقەررەبىين» ھۆكمىگە كىرىدۇ. يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتالىشىش شەكلىدە كۆرۈلگەن ھادىسىلەر، بىزمۇ ئوخشاش خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن ۋاقتىمىزدا قانداق قىلىشىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن مەيدانغا كېلىدۇ.

بۇ ھادىسە قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَهَلْ أَتَاكَ نَبَأُ الْخَصْمِ إِذْ تَسَوَّرُوا الْمِحْرَابَ إِذْ دَخَلُوا عَلَى دَاوُودَ فَفَزِعَ مِنْهُمْ قَالُوا لَا تَخَفْ خَصْمَانِ بَغَى بَعْضُنَا عَلَى بَعْضٍ فَاحْكُم بَيْنَنَا بِالْحَقِّ وَلَا تُشْطِطْ وَاهْدِنَا إِلَى سَوَاءِ الصِّرَاطِ

**"**(ئى مۇھەممەد!) **دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىسى ساڭا يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار** (داۋۇد ئىبادەت قىلىدىغان) **مەسجىدنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار داۋۇدنىڭ يېنىغا كىردى. داۋۇد ئۇلاردىن قورقتى، ئۇلار** (داۋۇدقا)**: «قورقمىغىن، بىز بىرىمىز ـ بىرىمىزگە چېقىلغان ئىككى دەۋاگەرمىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ناھەق ھۆكۈم چىقارمىغىن، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى."** (سۈرە ساد، 21 - 22 - ئايەت)

إِنَّ هَذَا أَخِي لَهُ تِسْعٌ وَتِسْعُونَ نَعْجَةً وَلِيَ نَعْجَةٌ وَاحِدَةٌ فَقَالَ أَكْفِلْنِيهَا وَعَزَّنِي فِي الْخِطَابِ

**"**(ئۇلارنىڭ بىرى) **«شۈبھىسىزكى، مېنىڭ بۇ قېرىندىشىمنىڭ 99 ساغلىقى بار، مېنىڭ بىر ساغلىقىم بار، قېرىندىشىم ئۇ بىر ساغلىقىنىمۇ ماڭا بەرگىن دەيدۇ،** (ئارىمىزدا بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرە بولۇپ) **ئۇ مېنى سۆزدە يېڭىپ قويىدى» دېدى."** (سۈرە ساد، 23 - ئايەت)

قَالَ لَقَدْ ظَلَمَكَ بِسُؤَالِ نَعْجَتِكَ إِلَى نِعَاجِهِ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنْ الْخُلَطَاء لَيَبْغِي بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَقَلِيلٌ مَّا هُمْ وَظَنَّ دَاوُودُ أَنَّمَا فَتَنَّاهُ فَاسْتَغْفَرَ رَبَّهُ وَخَرَّ رَاكِعًا وَأَنَابَ

**"داۋۇد ئېيتتى: «ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستلا سېنى بوزەك قىلىپتۇ، نۇرغۇن شېرىكلەر** (يەنى دوستلار)**، شۈبھىسىزكى، بىر - بىرىگە چېقىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا** (بىر - بىرىگە چېقىلمايدۇ) **بۇلار ئازدۇر». داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى. پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، سەجدىگە باردى.** (ئاللاھقا) **تەۋبە قىلدى."** (سۈرە ساد، 24 - ئايەت)

فَغَفَرْنَا لَهُ ذَلِكَ وَإِنَّ لَهُ عِندَنَا لَزُلْفَى وَحُسْنَ مَآبٍ

**"بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدۇق، ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ."** (سۈرە ساد، 25 - ئايەت)

داۋۇد ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى ئاللاھقا يېقىن بىر قۇل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغانلار قىيامەت كۈنى راھماننىڭ (يەنى ئاللاھنىڭ) ئوڭ تەرىپىدە نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. بۇلار ھۆكۈملىرىدە، ئائىلىلەر ۋە مەسئۇلىيەتلىرى بولغان كىشىلەر ھەققىدە ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشىلەردۇر» (ئىبنى ھەنبەل، 2، 160)

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن بولىدىغان كىشى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلغۇچىدۇر. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ۋە ئەڭ يىراق بولىدىغىنى بولسا زالىم ھۆكۈمراندۇر» دېگەن. (تىرمىزى «ئەھكام»، 4؛ نەسەئى، «زاكات»، 77)

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەتنىڭ ماھىيىتىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى شەكىلدە، مۇھەررەپ (كېيىن ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن) تەۋرات ۋە ئىنجىللاردا بىر قىسىم ھەقىقەتكە ماس كەلمەيدىغان بايان ۋە بۆھتانلار مەۋجۇت.

بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:
«كىمكى داۋۇد ۋەقەسىنى مەدداھلارغا ئوخشاش (خاتا ۋە قەبىھ شەكىلدە) ئاڭلىتىدىغان بولسا، ئۇنى 160 دەررە ئۇرىمەن!» دېگەن.
شۈبھىسىزكى، داۋۇد ئەلەيھسسالامغا ئاللاھنىڭ يېنىدا يېقىنلىق ۋە جەننەتتە ئالىي بىر مەرتىبە بار.

## ئەسھابۇ سەبت (شەنبە كۈنى ئىگىلىرى) ۋەقەسى

ئەسھابۇ سەبت، مىسىر بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەر ئارىسىدىكى قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى مەديەن شەھرىدە ياشايدۇ. نوپۇسى 70 مىڭ ئەتراپىدا. بۇلار شەنبە كۈنلىرىدە ئىبادەتتىن باشقا ھېچ بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانمايتتى. چۈنكى شەنبە كۈنى ئىبادەتتىن باشقا بىر ئىش قىلىش ھارام قىلىنىدى. بولۇپمۇ ئۇ كۈندە بېلىق تۇتماسلىق ھەققىدە داۋۇد ئەلەيھسسالامغا ۋەدە بەرگەن ئىدى.
مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شەيتان ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىپ:
«سىلەر بېلىق تۇتۇشتىن ئەمەس، بەلكى يېيىشتىن مەنئى قىلىندىڭلار!" دېدى. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن شەنبە كۈنى بېلىقلار كۆپىيىپ، باشقا كۈنلەردە ئازىياتتى. بۇ سەۋەپتىن شەيتاننىڭ پىچىرلىشى بەزىلىرىنىڭ قۇلىقىغا ياقتى. بۇ ھەقتە مەديەن خەلقى ئۈچكە بۆلۈندى:
بىر قىسمى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى كېلىپ بېلىق تۇتتى. ھەم يېدى ھەم ساتتى. بۇلار شەنبە كۈنى تور تاشلاپ يەكشەنبە كۈنى تورلىرىنى يىغدى.
يەنە بىر قىسمى، بېلىق تۇتۇش گۇناھىغا كىرمىدى، لېكىن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قارشى چىقمىدى. يەنى ئىلاھىي ئەمرنىڭ دەپسەندە بولۇشىغا سۈكۈت قىلىپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرمىدى ۋە نەسىھەت قىلىپ توسمىدى.
يەنە بىر قىسمى قىسمى بولسا، ئىلاھىي ئەمرگە بويسۇندى ۋە ئۇ كۈندە بېلىق تۇتقانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ نەسىھەت قىلدى. سۈكۈت قىلغانلارنىمۇ سۈكۈت قىلىش بىلەن توغرا قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.
سۈكۈت قىلغانلار، ئۆزلىرىنى ئاگاھلاندۇرغانلارغا:
«ھالاك بولىدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز قىلىپ ئۆزەڭلارنى چارچىتىسىلەر؟ قىلغان ئەجرىڭلارغا ئىسست!» دېدى.

ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغانلارمۇ:

«بىز ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا مەسئۇلىيەتكە قالماسلىقىمىز ئۈچۈن مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىۋاتىمىز!» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلار باشقىلىرىغا كېلىدىغان مۇسىبەت بىزگىمۇ كەلمىسۇن دەپ ئارىلىرىغا تام سوقتى. تامنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن ئاۋازلار توختىغاندىن كېيىن قاراپ باقسا، بىر كېچىدە ھەممىسى مايمۇنغا ئۆزگىرىپ قالدى! ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق جازاغا دۇچار بولغان بەدبەختلەر، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئازاپتىن قۇتۇلۇپ قالغان تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا بىر مۇددەت غەم-قايغۇ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مايمۇن سۈرىتىگە كىرگەن بۇ ئاسىيلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى.

ئىمام بەيزاۋىنىڭ "مەئالىمۇت-تەنزىل" ناملىق ئەسىرىدە:

«بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق گۇناھقا كىرمىگەن، لېكىن ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قارشى چىقمىغان، يەنى ئىلاھىي ئەمرنىڭ دەپسەندە بولۇشىغا سۈكۈت قىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، نەسىھەت بىلەن توسمىغانلارمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مايمۇنغا ئۆزگەردى» دېيىلگەن.

بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق ئىپادىلەر بار:

وَاسْأَلْهُمْ عَنِ الْقَرْيَةِ الَّتِي كَانَتْ حَاضِرَةَ الْبَحْرِ إِذْ يَعْدُونَ فِي السَّبْتِ إِذْ تَأْتِيهِمْ حِيتَانُهُمْ يَوْمَ سَبْتِهِمْ شُرَّعاً وَيَوْمَ لاَ يَسْبِتُونَ لاَ تَأْتِيهِمْ كَذَلِكَ نَبْلُوهُم بِمَا كَانُوا يَفْسُقُونَ

**"ئۇلار** (يەنى يەھۇدىيلار) **دىن دېڭىز** (يەنى قۇلزۇم دېڭىزى) **بويىدىكى** (ئەيلە) **شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن.** (ئۇنىڭ ئاھالىسى بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن كۈن) **شەنبىدە ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقاتتى. چۈنكى شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى، شەنبىدىن غەيرىي كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى، پاسىق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز."** (سۈرە ئەئراف، 163 - ئايەت)

وَإِذَ قَالَتْ أُمَّةٌ مِّنْهُمْ لِمَ تَعِظُونَ قَوْمًا اللهُ مُهْلِكُهُمْ أَوْ مُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا شَدِيدًا قَالُواْ مَعْذِرَةً إِلَى رَبِّكُمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ

**"ئۇز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە ئادەملەر: ئاللاھ ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېدى. ئۇلار** (يەنى ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلار): **«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا** (گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق دەپ) **ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھدىن قورقۇپ** (گۇناھتىن چەكلىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق)» **دېدى."** (سۈرە ئەئراف، 164 - ئايەت)

فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِ أَنجَيْنَا الَّذِينَ يَنْهَوْنَ عَنِ السُّوءِ وَأَخَذْنَا الَّذِينَ ظَلَمُواْ بِعَذَابٍ بَئِيسٍ بِمَا كَانُواْ يَفْسُقُونَ فَلَمَّا عَتَوْاْ عَن مَّا نُهُواْ عَنْهُ قُلْنَا لَهُمْ كُونُواْ قِرَدَةً خَاسِئِينَ

**"ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق. ئۇلار نەھيى قىلىنغان نەرسىنى تەرك ئېتىشتىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق.** (سۈرە ئەئراف، 165 - 166 - ئايەت)

ئاللاھ كېيىنكى نەسىللەرگە بۇ ۋەقەنى خاتىرىلىتىپ مۇنداق دېدى:

وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ الَّذِينَ اعْتَدَواْ مِنكُمْ فِي السَّبْتِ فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُواْ قِرَدَةً خَاسِئِينَ

**"ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى** (بېلىق تۇتماسلىق) **توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى** (قانداق قىلغانلىقىمىزنى)**، ئەلۋەتتە بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق."** (سۈرە بەقەرە، 65 - ئايەت)

فَجَعَلْنَاهَا نَكَالاً لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهَا وَمَا خَلْفَهَا وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ

**"ئۇنى (يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازانى) زاماندىشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلدۇق."** (سۈرە بەقەرە، 66 - ئايەت)

ئەيلە ئاھالىسى شەنبە كۈنى ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چىقىپ ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغىنىدا، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلار مايمۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. (ئەلمالىلى ھەمدى يازىر، «ھەق دىنى قۇرئان دىلى»، 3، 1786)

بۇ ۋەقەنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالام زامانىدا مەيدانغا كەلگەنلىكىگە شۇ ئايەت ئىشارەت قىلىدۇ:

لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوا وَّكَانُواْ يَعْتَدُونَ

**"بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى."** (سۈرە مائىدە، 78-ئايەت)

مۇسۇلمانلار پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئايرىمچىلىق قىلمىغانلىقى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ پەيغەمبەر دەپ قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن يەھۇدىيلار:

«بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىنمۇ يامان بىر دىن بىلمەيمىز!» دېيىشتى.

بۇنىڭ بىلەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى:

قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَلِكَ مَثُوبَةً عِندَ اللهِ مَن لَّعَنَهُ اللهُ وَغَضِبَ عَلَيْهِ وَجَعَلَ مِنْهُمُ الْقِرَدَةَ وَالْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ الطَّاغُوتَ أُوْلَئِكَ شَرٌّ مَّكَاناً وَأَضَلُّ عَن سَوَاء السَّبِيلِ

**"**(ئى مۇھەممەد!) **ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى بۇنىڭدىنمۇ يامان جازانى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟** (ئۇ شۇنداق) **كىشىلەرنىڭ** (جازاسىكى)، **ئاللاھ ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلدى، بىر قىسمىنى شەيتانغا ئىبادەت قىلىدىغان قىلدى، ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ يامانىدۇر** (يەنى دوزاختۇر)، (ئۇلار) **توغرا يولدىن ئەڭ ئاداشقاندۇر»"** (سۈرە مائىدە، 60-ئايەت) (ۋاھىدى، «ئەسبابۇن نۇزۇل»)

ئايەتتە دېيىلگەندەك، ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلدىن يامانلىقتا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان ئۇ بەدبەختلەرنى ئاۋۋال مايمۇنغا ئايلاندۇرۇپ، كېيىن ھالاك

قىلدى. بۇنىڭ، ئىنسانلار مايمۇندىن تۆرەلگەن دېگەن ئاساسسىز قاراش بىلەن ئالاقىسى يوق.

**داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن قالغان خاتىرە: «سەۋمى داۋۇد» (داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسى)**

بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتماسلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «سەۋمى داۋۇد» داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قالغان بىر ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ پەزىلەتلىك روزىنىڭ «سەۋمى داۋۇد» ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئەمر بىن ئەل-ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۆمۈر بويى روزا تۇتىمەن، كېچىلىرى ناماز ئوقۇيمەن.» دېگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

«سەن شۇنداق دېدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى.

مەن:

«ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق دېدىم»

ماڭا:

«بۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ! بەزىدە روزا تۇت، بەزىدە يە، بەزىدە ئۇخلا، بەزىدە (تەھەججۇت) ئۇچۇن (كېچىسى) ئورنىڭدىن تۇر! ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇت! بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى ئون ھەسسە بولىدۇ. مانا بۇ، پۈتۈن يىلنى روزا تۇتقان ھالدا ئۆتكۈزگەنگە تەڭ» دېدى.

مەن:

«بۇنىڭدىن كۆپرەكىنى قىلىشقا كۈچۈم يېتىدۇ!" دېدىم.

«ئۇنداقتا، بىر كۈن روزا تۇت، ئىككى كۈن ئاغزىڭ ئوچۇق يۈر!» دېدى.

«بۇنىڭدىن كۆپرەكىنى قىلالايمەن» دېدىم.

«ئۇنداقتا بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتما! بۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر ۋە روزىنىڭ ئەڭ نورمىلى ۋە ئەڭ ئۈستۈنىدۇر!" دېدى.

مەن:

«بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكىنى قىلالىشىم مۇمكىن!» دېگەن ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«پەزىلەتتە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقى يوق.» دېدى. (بۇخارى، «سەۋم» 57 - 55، «تەھەججۇت» 7؛ مۇسلىم، «سىيام» 181 - 193)

## داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھقا يۈزلىنەتتى.

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن **«قۇلىمىز داۋۇد»** دېدى.

ئۇنىڭغا تۆت بۈيۈك ئىلاھىي كىتابتىن بىرى بولغان زەبۇرنى بەردى.

تاغلار ۋە قۇشلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە زىكىر قىلدى.

ئۇ قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى.

ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق بولۇپ، زەبۇرنى ئوقۇغاندا تاغلار ۋە قۇشلار ئۇنىڭغا قۇلاق سالاتتى.

تۆمۈر ئۇنىڭ قولىدا مۇمدەك ئېرىپ كېتەتتى. ئۇ تۇرمۇشىنى تۆمۈرچىلىك بىلەن قامدىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى مەدھىيىلىگەنىدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىش قابىلىيىتى ۋە ھېكمەت بېرىلدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلىتى ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى ئىدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام كۆپ شۈكۈر قىلاتتى. ئۇ بىر قېتىم مۇنداق دېدى:

«ئى رەببىم! مەن ساڭا قانداق شۈكۈر قىلاي؟ چۈنكى سېنىڭ شۈكرىڭگە پەقەت سېنىڭ نېمىتىڭ بىلەن ئېرىشەلەيمەن.»

ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەھيي قىلىندى:

«ساڭا بولغان نېمەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ مەندىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟»

داۋۇد ئەلەيھىسسالام:

«ھەئە» دېدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا:

«بۇ شەكىلدە چۈشىنىشىڭ، مېنىڭ سەندىن رازى بولۇشۇمغا كۇپايە قىلدۇ.» دېدى. (ئىبنى كەسىر، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 524)

خۇلاسىلىغاندا، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۈستۈن قىلىنغان بىر پەيغەمبەردۇر. قۇرئان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ آتَيْنَا دَاوُودَ مِنَّا فَضْلًا

**"بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل** (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) **ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇت بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار»** (دېدۇق). **تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق."** (سۈرە سەبەئ، 10 - ئايەت)

## داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«داۋۇد ئەلەيھىسسالام دىنى غەيرىتى كۈچلۈك، ھايا ۋە ئار-نۇمۇسقا ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۆيىدىن چىققاندا ئىشىكنى چىڭ ئېتىپ قويۇپ چىقاتتى. قايتىپ كەلگىچە ھېچكىم كىرەلمەيتتى.

بىر كۈنى ئۆيىدىن چىقىپ، ئىشىكنى ئەتتى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەلگىنىدە، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن: «سەن كىم؟» دەپ سورىدى.

ئۇ:

«مەن ھۆكۈمرانلاردىن قورقمايمەن ۋە پەردىلەر (توسالغۇلار) مېنى چەكلىيەلمەيدۇ» دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان داۋۇد ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنداقتا سەن ئۆلۈم پەرىشتىسى. ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن خۇش كەلدىڭ» دېدى.

بىر مۇددەتتىن كېيىن روھىنى ئالدى. (ئەھمەد بىن ھەنبەل، «مۇسنەت»، 2، 419)

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرىق يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى. داۋۇد ئەلەيىسسالام قۇددۇسنى پەتھ قىلىپ، دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلدى. ئۇ ھەم ھۆكۈمدار ھەم پەيغەمبەر ئىدى. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە ئوغلى چىقتى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغىمۇ پەيغەمبەرلىك بەردى.

**زەبۇر ۋە دائىرسى**

قۇرئان كەرىمدە «زەبۇر» كەلىمىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدىغان «زۇبۇر» كەلىمىسى بار. زەبۇر كىتاب، زۇبۇر بولسا، كىتابلار دېگەنلىك بولىدۇ.

زەبۇر كەلىمىسى قۇرئان كەرىمدە ئۈچ يەردە دېيىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇ ھەقتە قۇرئاندا:

وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُورًا

**"...داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق"** (سۈرە نىسا،163- ئايەت)

زۇبۇر كەلىمىسى پەقەت داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەنلا ئەمەس، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن كىتابلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا دېيىلگەن.

قۇرئان كەرىمدە:

وَإِنَّهُ لَفِي زُبُرِ الْأَوَّلِينَ

**"ھەقىقەتەن قۇرئان ئىلگىرىكى** (پەيغەمبەرلەرنىڭ) **كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان"** (سۈرە شۇئەرا، 196- ئايەت)

بۇ ئايەت ئەينى زاماندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى كىتابلاردا ئالدىن بىشارەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن زەبۇر ھەققىدە قۇرئاندا مۇنداق بىر مەلۇمات بار:

وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي الزَّبُورِ مِن بَعْدِ الذِّكْرِ أَنَّ الْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ

**"بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا** (ئەزەلدە) **يازغاندىن كېيىن،** (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) **زەبۇردا زېمىنغا** (يەنى جەننەت زېمىنغا) **ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق"** (سۈرە ئەنبىيا، 105- ئايەت)

قۇرئان كەرىمدە زەبۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇنىڭدىن ئارتۇق مەلۇمات يوق. ئىسلامى مەنبەلەر داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا زەبۇرنىڭ بېرىلىشىنى ئۇنىڭ ئۇستۈن ئالاھىدىلىگىدىن بىرسى دەپ نەقىل قىلىدۇ.

ئىسلام ئالىملىرى، زەبۇردا شەرئى قانۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئاللاھقا قارىتا ئىلتىجا ۋە مۇناجاتلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن داۋۇد ئەلەيھىسسالام شەرئىتىنى تەۋرات بىلەن يۈرگۈزدى. زەبۇر بولسا ئىنسانلاردا ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتنى، ئاللاھقا ئىپادىلەپ، مۇناجاتلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەل سۈرەتتە ئەمىلىلەشتۈرۈشنى نىشانلىغان ئىلاھىيلەر مەجمۇئەسىدۇر.

زەبۇر پۈتۈنلەي نەزم شەكلىدىكى بىر كىتابتۇر. شۇنداقلا كىتابى مۇقەددەستە (تەۋرات ۋە ئىنجىل) «مەزمۇرلار» ئىسمىدا بىر بۆلۈم بولۇپ، بۇ بۆلۈم مۇزىكى شەكىلدە سۆزلەنگەن نەزم شەكلىدىكى پارچىلاردىن ئىبارەت. سانى 150 بولۇپ، بۇلاردىن 70 داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت قىلىنىدۇ. باشقىلىرىنىڭ بولسا، باشقىلارغا ئائىت ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

كۈنىمىزدىكى زەبۇر، قۇرئان كەرىمدە دۆۋد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەنلىكى ئېيتىلغان زەبۇر ئەمەستۇر. چۈنكى كىتابى مۇقەددەس پۈتۈن بۆلۈملىرى بىلەن تۈنجى كەلگەن شەكىلدە مۇھاپىزەت قىلىنىپ يېزىلمىدى. كۈنىمىزگە قەدەر ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىشلەرگە ئۇچرىدى. بۇ تارىخى ھەقىقەت زەبۇرنىڭمۇ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئېھتىمالنى مۇمكىن قىلمايدۇ.

كۈنىمىزدىكى زەبۇر داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 500 يىل كېيىن يېزىلىشقا باشلىدى. زەبۇرغا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە تەبلىغىغا قوشۇپ، مەنبەسى ئېنىق بولمىغان 100 گە يېقىن شائىرنىڭ شېئىرلىرى قوشۇپ كىرگۈزۈلدى.

كۈنىمىزدىكى زەبۇرنىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى، ۋەھىي ئارقىلىق يېزىلغانمۇ ياكى ئىلھام يولى بىلەن يېزىلغانمۇ ئېنىق ئەمەس.

بۇ ھەقتە مۇستەشرىق ھورن:

«زەبۇرنىڭ داۋۇد پەيغەمبەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر ئەسلى بولمىغان ئاجىز بىر پىكىردۇر، بۇ پىكىر ئوچۇق خاتا» دەيدۇ.

زەبۇردىكى تەڭرى چۈشەنچىسىمۇ، تەۋراتتىكىگە ئوخشاش ئانتروپومورفىك، يەنى ئاللاھقا سۈرەت نىسبەت قىلغان بىر شەكىلدە. كىتابى مۇقەددەسنىڭ باشقا بۆلۈملىرىدە بولغاندەك، ئاللاھقا ئوغۇل نىسبەت بېرىش ئارقىلىق تەۋھىدكە

زىت بولغان بىر ماھىيەتتە تەقدىم قىلىدۇ. كۆنىمىزدىكى زەبۇردا، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر مۇناجاتىدا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«رەب ماڭا دېدى: «سەن مېنىڭ ئوغلۇم! مەن سېنى بۈگۈن بالا قىلدىم!»»
(مەزمۇرلار، 7\2)

خۇلاسىلىغاندا، بۈگۈنكى زەبۇر شېرىك كىتابىدۇر. ئىچىدە داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ۋە باشقىلىرىغا نىسبەت قىلىنغان بىر قىسىم مۇناجاتلاردىن باشقا بىر نەرسە يوق، قانچىلىكىنىڭ ھەقىقى زەبۇرغا ئائىت ئىكەنلىكى مەجھۇل.

# ئەڭ گۈزەل كالامنى گۈزەل ئوقۇش

ئاللاھ كالامىنىڭ ئىنسانلار ۋە جىنلاردا تېخىمۇ تەسىرلىك بولۇشى ئۈچۈن، قىرائەتنىڭ (ئوقۇلىشىنىڭ) توغرا ۋە خاتاسىز بولۇشى كېرەك بولغىنىدەك، ئوقۇغۇچىنىڭ ئاۋازىنىڭ گۈزەل بولۇشىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاساسەن ئىنسان سۆزى ئۈچۈنمۇ كەلىمىلەر تەلەپپۇز ئوخشىماسلىقى بىلەن ئايرىم مەنىلەرگە كەلگەندەك، بەزى ئەھۋالدا تەسىرى كۈچىيىپ، بەزى ئەھۋالدا ئازىيىدۇ. بىر تىلەمچىنىڭ يېلىنىش ئۇسلۇبى، پەقەت تاللىغان كەلىمىلىرى بىلەن ئەمەس، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ تەلەپپۇز شەكلى بىلەنمۇ ئاشكارا بولىدۇ. ئوت ۋە ئۆلۈم چېچىپ تۇرغان ئۇرۇشتىن بۇرۇن بىر قوماندانىنىڭ ئەسكەرلىرىنى جەڭگە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان سۆزلىرىدىكى تەلەپپۇز شەكلىنىڭ يەنى كەلىمىلەرنىڭ ئاھاڭىنىڭ ئەسكەر ئۈستىدىكى تەسىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مەدىنىيىتىمىزدە مۇھىم بىر ئورۇنغا ئىگە بولغان «مەھتەر» (مارش مۇزىكىسى)نى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئامىل دەل مۇشۇ تەسىر كۈچىدۇر.

ئاددى ئىنسان سۆزى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە بولىدىغان بۇ ئالاھىدىلىك، ئىلاھىي بىر كالام بولغان قۇرئان كەرىم ئۈچۈن تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. كىم بىلسۇن، بەلكى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنىڭ سۈننەت، تىڭشاشنىڭ پەرز بولۇشى مۇشۇ ھېكمەتكە بىنائەندۇر. يەنە بۇ ھەقىقەت سەۋەبىدىن ئىسلامى ئىلىملەر ئارىسىدا قۇئان كەرىمنىڭ ئوقۇلىشىغا دائىر مۇستەقىل بىر ئىلىم ئوتتۇرىغا چىقتى. «قىرائەت ئىلمى» دەپ ئاتالغان بۇ ئىلىمدىمۇ مەزھەب ئىماملىرىدەك ئىماملار چىقتى.

شۇڭا ئۆزىگە كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەرلەردىن داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ، باشقا سۈپەتلىرىگە قارىغاندا، ئىنسانلار تارىخىدا «داۋۇدى» دەپ بىلىنگەن گۈزەل ئاۋازى بىلەن خاتىرىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى بىلەن سابىتتۇركى، ھەزرىتى داۋۇدنىڭ ئەڭ گۈزەل كالام بولغان ئىلاھىي كىتابنى ئوقۇغان ھەيران قالارلىق ئاۋازى، قۇشلار ۋە تەسبىھ

ئېيتقان تاغلارنى ئۆزىگە بويۇن ئەگدۈرگەن.

يەنە بۇ ئاۋاز بىلەن بىرلىكتە ۋەھشى ھايۋانلار، ھەتتا تاش-تۇپراقمۇ ئۇنىڭ تەسبىھىگە قاتناشقان.

❀

ئاۋاز ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتقا بەرگەن بۈيۈك نېمەتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاۋاز بولمىغان بولسا، كائىناتتا نەقەدەر بۈيۈك بىر بوشلۇق بولغان بولاتتى. چۈنكى ئاۋاز ئىجابى ياكى سەلبى كۈچىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر.

ئاۋاز باشقا نېمەتلەرگە ئوخشاش، ياخشىلىققا بولغىنىدەك يامانلىققىمۇ ۋاستە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ئالەم، ياخشىلىق-يامانلىققا ئوخشاش ھەر ھالەتتە ئىككى قۇتۇپ بولغىنىدەك، ئاۋازنىڭمۇ گۈزەل ۋە قوپىلى بار. بۇلبۇل ئاۋازى سەزگۈر بىر روھقا نەقەدەر ھۇزۇر بەرسە ئۇنىڭ زىددى بولغان قارغا ئاۋازى شۇ دەرىجىدە ناخۇش بىر تەسىر قالدۇرىدۇ.

ئاۋاز ئىنسانلار ئارىسىدا بولغىنىدەك، ھايۋانلار ئارىسىدىمۇ ئىجابى ياكى سەلبى تەسىر قالدۇرىدۇ. ئورماندا بىر شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى، پۈتۈن ئاجىز مەخلۇقلارنىڭ يۈرىكىنى ئېغىزىغا كەلتۈرىدۇ. ئەڭ سۆرۈن تەلەت ھايۋان بولغان يىلان گۈزەل بىر نەغمە بىلەن ھىند پېقىرىنىڭ سىۋىتىدىن چىقىپ ئويناشقا باشلايدۇ. چۆللەردە تۆگىنىڭ مېڭىشىنى تېزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ناخشىدىن پايدىلىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇنىڭغا ئەرەپ مۇزىكىسىدا «ھىدا» دېيىلىدۇ.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئوۋچىلارمۇ ساپ ۋە گۈزەل كۆرۈنگەن كېيىكلەرنى بۇلاق بېشىدا «نەي» ساداسىغا تايىنىپ ئوۋلايدۇ. نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلىغان كېيىكلەر ئورماندىن چىقىپ، بۇلاق بېشىغا كېلىپ سۇغا چۆمۈلۈپ، ھەرىكەتسىز شەكىلدە مۇزىكا تىڭشايدۇ ۋە كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. ئۇ ئەسنادا يۇشۇرۇنغان ئوۋچىلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى قولاي شەكىلدە ئوۋلايدۇ.

ھايۋانلارنىمۇ بۇ قەدەر تەسىرلەندۈرگەن ئاۋاز، ئۇلاردىن تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە ھىس-تۇيغۇلارغا ئىگە بولغان ئىنساننىڭ ھېسسىياتىدا قانداق تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ؟ شۇڭلاشقا كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئاۋازى ماتېرىيالىستلارنىڭ؛ سۇ ۋە بۇلبۇل ئاۋازى رومانتىك، شائىر روھلۇق كىشىلەرنىڭ؛ قۇرئان بىلەن ئەزاننىڭ ئۇلۇغ ساداسى بولسا، روھنى ساپلاشتۇرغان ھەق يولچىلىرىنىڭ ھۇزۇر مەنبەسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ روھىغا بەرگەن بىئاراملىقنى كەتكۈزۈپ، كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن بەزىدە:

«ئى بىلال! ئەزان ئوقۇساڭ، بىرئاز راھەتلىنەيلى!" دېگەن. (ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 78)

بۇلبۇل سايرىسا قارشى تاغلاردىن، ئەزان ساداسى ياڭراپ، پۈتۈن ئەتراپنى قاپلىغاندا بولسا، ئاسمانلاردىن باشقا ئاۋازلار كەلمەيدۇ، دېگەن بۇ تۇيغۇلىرىمىز قانچىكى گۈزەل بولسا بۇ گۈزەل ئاۋازلارنىڭ تەسىرى شۇ قەدەر ئارتۇق بولىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا مەسنەۋىسىدە «نەي»نىڭ ھال تىلىغا تەرجىمان بولىدۇ. نەي دەردىنى تۆكەر. ئۆزىنى چۈشەنمىگەنلەر ئۈچۈن:

«نەينىڭ ساداسى ئوت بولدى. ئۇنى قۇرۇق بىر نەغمە دەپ گۇمان قىلما! كىمدە بۇ ئوت بولمىسا، ئۇنىڭ ھالىغا ئىسىت! » دەپ پەريات چېكەر.

بىر نەيچى:

«سەھەر ۋاقتىدا نەيىمنىڭ ساداسى ۋە پىغانى تېخىمۇ ئالاھىدە بولىدۇ! » دەپ نەي ساداسىدىكى سەزگۈرلۈك ۋە ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

مۇھيىددىن ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ:

«بارلىق جانلىقلار ئۆزىگە خاس بىر ئۇسلۇبتا ئاللاھنى زىكىر قىلىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

بىرىنچى دەرىجىدە جانسىزلار كېلىدۇ، يەنى تاش، تۇپراق، سۇ، مەدەنلەرگە ئوخشاش جانسىزلار ئالەمى، (ئاللاھنى ئەڭ كۆپ زىكىر قىلغان جانلىقلاردۇر. چۈنكى ئۇلار) نەپسانىيەتتىن، يېمەك-ئىچمەك، نەپەسلىنىشكە ئوخشاش ئېھتىياجلاردىن خالى بولغانلىقى ئۈچۈن غەپلەتتىن يىراقتۇر.»

ئاللاھ جاماداتلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

لَوْ أَنزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَّرَأَيْتَهُ خَاشِعًا مُّتَصَدِّعًا

مِّنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَتِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ

**"ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز."** (سۈرە ھەشر، 21-ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە:

وَسَخَّرْنَا مَعَ دَاوُودَ الْجِبَالَ يُسَبِّحْنَ وَالطَّيْرَ وَكُنَّا فَاعِلِينَ

**...تاغلارنى، قۇشلارنى داۋۇد بىلەن تەسبىھ ئېيتىشقا مۇسەخخەر قىلدۇق، (شۇنداق قىلىشقا) بىز قادىر ئىدۇق."** (سۈرە ئەنبىيا، 79 - ئايەت)

مۇھىيددىن ھەزرەتلىرىنىڭ بايانلىرىدا، ئاللاھنى زىكىر قىلىش ھەققىدە غەپلەتتىن يىراق ـ يېقىنلىق جەھەتتە، جانسىزلاردىن كېيىن ئۆسۈملۈكلەر ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ سۇ، ھاۋا ۋە قۇياش نۇرىغا ئوخشاش بىر قىسىم ئېھتىياجلىرى بولۇپ، جانسىزلارغا قارىغاندا مۇكەممەلرەك. تۇپراقنى شوراپ ئالغان بىر قىسىم خېمىيەلىك ماددىلارنى، ئىلاھىي تەيىن بىلەن تەركىب قىلىپ رەڭگا ـ رەڭ چېچەك، يوپۇرماق ۋە مېۋىلەر مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۆسۈملۈكلەر، جانسىزلارغا نىسبەتەن ئازراق زىكىر قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھايۋانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھاياتى فونكسىيىلىرى ئۆسۈملۈكلەردىن تېخىمۇ مۇكەممەل. بۇ سەۋەپتىن ئېھتىياجلىرى كۆپ، نەپسى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

ئىنسانلار ئەڭ ئاخىرقى دەرىجىدە بولۇپ، ھەم ئىجابى ھەم سەلبى تەرەپتىن چۈشەنجىسى تېخىمۇ كەڭ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىمان تەكلىپىگە چاقىرىلىشى تەبىئى ئەھۋالدۇر. لېكىن ئىنساننى شەخسىيەتچىلىك، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە دۇنيا ھېرىسمەنلىكى داۋاملىق غەپلەتكە چاقىرىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَسْجُدُ لَهُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَمَن فِي الْأَرْضِ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ وَالنُّجُومُ وَالْجِبَالُ وَالشَّجَرُ وَالدَّوَابُّ وَكَثِيرٌ مِّنَ النَّاسِ وَكَثِيرٌ حَقَّ عَلَيْهِ الْعَذَابُ

**"بىلمەمسەنكى، ئاسماندىكىلەر** (يەنى پەرىشتىلەر)**، زېمىندىكىلەر** (يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندا ياشايدىغان بارلىق مەخلۇقاتلار)**، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋاناتلار ئاللاھقا بويسۇنۇپ، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ) ۋە نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر** (كۇفرى سەۋەبلىك) **ئازابقا دۇچار بولىدى..."** (سۈرە ھەج، 18 - ئايەت)

بۇ ئايەتتە يۇقىرىدا دېيىلگەن تۆت سىنىپنىڭ ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ئاللاھنى بىلىشكە ئاساسەن گۈزەل تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، كائىناتتا تەسبىھ ئېيتمايدىغان ھېچ بىرجانلىق يوق. مەخلۇقاتلار ئىچىدە غاپىل، زىكرى ئەڭ ئاز ۋە ھەقتىن ئەڭ يىراق بولغان جانلىق پەقەت ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

يەنە بىر ئايەتتە مەخلۇقاتنىڭ داۋاملىق ئاللاھنى زىكىر قىلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدَهِ وَلَكِن لاَّ تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ إِنَّهُ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا

**"يەتتە ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ،** (كائىناتتىكى) **قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ** (يەنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ)**، پەقەت سىلەر** (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) **ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن** (بەندىلىرىگە) **ھەلىمدۇر** (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) **مەغپىرەت قىلغۇچىدۇ."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 44- ئايەت)

كۆڭۈل تۇيغۇلىرى ئوچۇق بولغان ئىنسانلار، ھەر ئاۋازدا بۇ تەسبىھ ئاۋازىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ بىر زەرگەر دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بولقا ئاۋازىنىڭ ئاھاڭلىرىدىكى زىكىردىن مەست بولۇپ ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا ساما ئوينىغاچ، ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا غەرق بولۇپ كەتكىنىدەك، كائىناتتىكى ئومۇمى زىكىرنىڭ ئۇيغۇنلىقىغا بېرىلگەن ھالەتتە ياشايدۇ.

زىكرۇللاھنىڭ سىرلىق ئالىمدە ياشىغان كۆڭۈل كىشىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، شائىر نەجىپ پازىل مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئۇ كىشىلەركى، كۆڭۈل ئالىمدە،
توپراقتا سۇرۇلۇپ دەرت ئەلەمدە،
يۇلتۇزلارنى تەسبىھ، تەسبىھ ئېيتار،
نامازدا ئارقا سەپتە تۇرارلار،
ئىچىگە نەپس سىزغان ئىبادەتلەرنىڭ،
بىر- بىرىنىڭ كەينىدىن قازا قىلار.

كۆنى ھەر دەم تولۇپ ھەردەم باشلىغان،
ئەزەل ھۆججىتىنىڭ ئىمزاسىدادۇر.

كائىناتتىكى بۇ ئومۇمى زىكىر ھالىتى، ھەرپ، يېزىق، ئاۋازلاردىن خالى بولغان ۋە ھەر قۇلاق ئاڭلىيالمايدىغان بىر زىكىردۇر. بۇ سىرلىق زىكىرنى تۇيۇش پەقەت ئەرباپلىرىغا مەخسۇس بىر ئەھۋالدۇر. يۇنۇس ئەمرىنىڭ، سېرىق بىر چېچەك بىلەن چوڭقۇر تۇيغۇلار ئىلكىدە سۆھبەت قىلىشى بۇ تۇردىن ئىبارەت.

كۆڭلى دائىم زىكىر بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە زىكىر بىلەن ھەم-نەپەس بولۇشنى تەبىئىتى ھالىغا كەلتۈرەلىگەن كىشىلەر بۇ باسقۇچتىن كېيىن ھەر ئاۋازدىكى زىكىر تەرىپىنى ئىدراك قىلالايدۇ.

قىسقىچە، خەلق تىلىدا، ھەرپ ۋە ھەرپسىز ئاۋازلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى زىكىردۇر. زىكىر ئۆزىنىڭ خۇسۇسى مەنىسىنىڭ يېنىدا ئىلاھىي كىتابلارغا ئىسىم بولغان ۋە چوڭقۇر مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كەلىمىدۇر. شۇڭلاشقا بەزى ئايەتلەردە تەۋرات ۋە قۇرئان كەلىمىسىنىڭ ئورنىغا «زىكىر» كەلىمىسى ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ جەھەتتىن ئاۋاز ۋە نەپەسلەر ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى تۇنجى پەرمانى بولغان: **«ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن!»** ئەمرىگە ئاساسەن قۇرئان ساداسى بىلەنمۇ خۇسۇسى بىر زىكىر، ئىززەت ۋە شەرەپكە ئىگە بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئاننى ئاۋازلىرىڭلار بىلەن بېزەڭلار، (ئۇنى گۈزەل ئاۋازلار بىلەن توغرا ۋە چىرايلىق ئوقۇڭلار)! (ئىبنى ماجە، «ئىقامەت»، 176)

«قۇرئاننى ئاۋازىڭلار بىلەن بېزەڭلار. چۈنكى يېقىملىق ئاۋاز، قۇرئاننىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.» (دارىمى، «فەزائىلۇل قۇرئان»، 34)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر رىۋايەتتە:

«قۇرئاننى ئاھاڭ بىلەن ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەستۇر.» دېگەن. (بۇخارى، «تەۋھىد»، 44؛ ئەبۇ داۋۇد، «ۋىتر»، 20) بۇ ھەدىس شەرىپتىكى «ئاھاڭ»دىن مەقسەت «ئاۋاز گۈزەللىكى» ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن ئالىملار، ئاۋازى گۈزەل بولمىغان كىشىلەرنىڭ بولسا، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە گۈزەل ئوقۇشقا غەيرەت كۆرسىتىشىنىڭ لازىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

چۈنكى كالاملارنىڭ ئەڭ گۈزىلى قۇرئان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتكە ئائىت بولغان ئاۋازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆركەم ۋە گۈزەللىكىمۇ قۇرئان ساداسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ھەر گۈزەل ئاۋازغا بىر مۇددەتتىن كېيىن قېنىلىدۇ، لېكىن قۇرئان ئاۋازىغا قانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئاھاڭى نەسىبى بولغان كۆڭۈللەرگە جەننەت پۇراقلىرىنى بېغىشلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ تائالا گۈزەل ئاۋازلىق بىر پەيغەمبەرنىڭ، قۇرئاننى ئاھاڭ بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشىدىن سۆيۈنگىنىدەك، ھېچ بىر نەرسىدىن سۆيۈنمەيدۇ.»

(بۇخارى، «فەزائىلۇل قۇرئان»، 19؛ تەۋھىد 32؛ مۇسلىم، «مۇسافىرىن» 232 - 234)

ھەدىس شەرىپلەر بىزگە قۇرئان ئوقۇشتا تەجۋىد قائىدىلىرىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تەۋبەكارلار ۋە جاپاكەشلەرنىڭ كۆڭۈل ھۇزۇرىمۇ، قۇرئان ئاھاڭلىرىنىڭ روھلارنى مەستخۇش قىلىدىغان دورىسىدا مەخپىدۇر. ئەبەدى قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىگەنلەر، ئۇنىڭ روھلارغا ھايات بېغىشلىغان جەننەت تىلىنىڭ ئىرشادىغا موھتاجدۇر.

قۇرئاننىڭ ساداسىغا كۆڭۈل بەرمىگەن غاپىللار ھاياتنىڭ پەقەت سىرتقى يۈزىنى بىلىپ، چەكسىز ئالەمنىڭ ھېكمەت ۋە ھەقىقەتلىرىدىن مەھرۇمدۇر. ئۇلار ئۆمۈر بويى دۇنيا لەززەتلىرى ۋە شەھۋەتلىرىنىڭ پېشىدە بولۇپ، دۇنيانىڭ يارىتىلىش ھېكمەتلىرىدىن غاپىلدۇر.

ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن قانغىچە پايدىلىنىدۇ. لېكىن نېمەتلەرنىڭ ھەقىقى ئىگىسى بولغان «رەززاق»نى تونىمايدۇ.

تۇغقانلىرىنى مازارلىققا كۆمۈپ قويۇپ، تۇپراقنىڭ ئاستىدىكى بۈيۈك ماجرالاردىن خەۋەرسىز ياشايدۇ. ئۇلار سەلۋىلەرنىڭ ھەرپسىز ۋە سۆزسىز تىللىرىنى ئاڭلىمايدۇ.

يەر تەۋرەش، بوران-چاپقۇن ۋە تۈرلۈك مۇسىبەتلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلسىمۇ، ھەقىقەتلەرگە ئارقىسىنى قىلىۋېلىپ «تەبىئى ئاپەت» دېگەندىن ئىبارەت بۇ سەپسەتىلىرى ئارقىلىق ساختا تەسەللىلەرگە سىغىنىپ، قاچىدىغان تۆشۈك ئىزدەيدۇ. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئىلاھىي مۈلۈك ئىچىدە ياشاپ، مۈلۈك ئىگىسىگە دۈشمەن بولىدۇ.

قەلبى قۇرئان نۇرى بىلەن ئايدىڭلاشقان مۆمىنلەر بولسا ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى تەپەككۇر قىلىدۇ. ئوقۇغان ئىلاھىي كالام ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ھال تىلى بىلەن:
«سەن ئاللاھنىڭ قۇلى، ئۇنىڭ مۈلكىدە ياشاۋاتىسەن، ئۇنىڭ بەرگەن رىزىقلىرىدىن رىزىقلىنىۋاتىسەن. قۇرئاننىڭ ھېكمەت ۋە سىرلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، رەببىڭگە قەلبى سەلىم بىلەن سەپەرگە چىققىن! » دەپ تەربىيە بېرىدۇ.
قۇرئاننىڭ ئىلاھىي تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلگەنلەر، دائىم ئاللاھقا قۇللىق ئېڭى ئىچىدە بولىدۇ. ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىپ، پانىي ھاياتىنى ئەبەدى ھاياتىنىڭ سەرمايىسى قىلىش غەيرىتى ئىچىدە ياشايدۇ.
بۇ جەھەتتىن قۇرئان كەرىم روھانىيەتى مۇھەممەدىيدىن بىر نېسىۋە ئالالىغانلار ئۈچۈن ئاسمان ـ زېمىننىڭ تىلى، بەرىكەت ۋە پەيز خەزىنىسىدۇر.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ قۇللىرىغا ئىلتىپات قىلغان ئىككى بۈيۈك نۇر مەنبەسىدۇر.
ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى تولۇقى بىلەن تەجەللى قىلغان ئۈچ مەۋجۇدىيەت بار:
«كائىنات، قۇرئان ۋە ئىنسان»
كائىنات، ئىلاھىي سۈپەتلەرنىڭ پېئىلى تەجەللىسى، قۇرئان كالامى تەجەللىسى. ئىنسان بولسا زۇبدە (ئۆز) سۈرىتىدە پۈتۈن تەجەللىلەرنىڭ بىرلەشمىسىدۇر. ئىنسانسىز دۇنيا نەقەدەر خاراب بولسا، قۇرئانسىز بىر ئىنسانمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:
«قەلبىدە قۇرئاندىن بىر مىقدار بولمىغان كىشى، خاراب ئۆيگە ئوخشايدۇ.»
(تىرمىزى، «فەزائىلۇل قۇرئان»، 18؛ دارىمى «فەزائىلۇل قۇرئان»، 1)
كائىنات ساداسىز بىر قۇرئان، قۇرئان بولسا سادالىق بىر كائىناتتۇر. ئىنسان بولسا ئىلاھىي سىرلارنىڭ بىر تەجەللى ئابىدىسى بولغان ھالدا، بۇلارنىڭ ئۆزى ۋە زۇبدىسىگە ئوخشايدۇ. قۇرئان بىر بايان مۆجىزىسى ۋە ھەق نۇتقىدۇر. قۇرئانى ھەقىقەتلەردىن يىراق بىر كۆڭۈل، ئىچىگە قاراماي تۆكۈلگەندەك قاپ ـ قارا، نۇرسىز ۋە ئىككى دۇنيا بەدبەختىدۇر.

❀

قۇرئان كەرىمنىڭ سان ـ ساناقسىز ھېكمەت ۋە بەرىكەتلىرىدىن بىر قانچىنى زىكىر قىلىپ ئۆتەيلى:

قۇرئان ئىنسانغا تاشقى ئالەمدىكى قۇدرەت جەريانلىرىنى تاماشا قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچ دۇنياسىنى ئويغىتىدۇ. قۇلنى بۇ گۈزەل كائىنات ئالدىدا زېرەك بىر يۈرەك بىلەن تىترىتىپ، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئىقلىمىغا كۆتىرىدۇ.

ئىككى دۇنيا سائادىتىنىڭ رەھبىرى بولغان قۇرئان ئۆزىگە ئىلتىجا قىلغانىنىڭ ھاياتىنى رەتكە سېلىپ، ئۇنى بەختلىك بىر ھاياتىنىڭ سائادەت باغچىسىدا سەيلە قىلدۇرىدۇ.

كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر زەررىچە كۈچلۈك بىر تەڭپۇڭلۇق نىزام قانۇنىغا ئەگەشكەن ئىكەن، قۇرئانغا ئېسىلماي ئەسلى شان-شەرىپىنى يوقاتقان ئىنسان، ئۆزىنى پەسكە چۈشۈرگەن ۋە زىيانكارلىق ھېڭىغا يۇمۇلانغان بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانىڭ روھ ۋە بەدىنىدىكى تەڭپۇڭلۇق قۇرئان كەرىم بەدىئىسىنىڭ بىر ئەسىرىدۇر.

قۇرئان كەرىم كۆڭۈل تىلى ئۈچۈن چوڭقۇر بىر تەپەككۇر دەرياسىدۇر. ھەر ئىدراك ئىگىسى ئۈچۈن زامان، ماكان ئىچىدىكى ئىلاھىي سەلتەنەتنى تەپەككۇر قىلىش ۋە ھېكمەت بىلەن تولۇپ تاشقان قىسسىلەردىن نېسىۋە ئېلىش ئارقىلىق كامالەتكە يېتىشى شەرتتۇر، بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بىر رەھمەت تەجەللىسىدۇر.

كۆرۈلمىگەن ۋە بىلىنمىگەن چەكسىز ئالەمنىڭ سىرلار خەرىتىسىنى كۆزلەر ئالدىدا يايغان ھالدا، غەيب ئالەمنىڭ ئۇپۇقلىرىدىن ھەقىقەت ئۇچقۇنلىرىنى تەقدىم قىلىشمۇ، يەنە قۇرئانغا خاس بىر سىر تەجەللىسىدۇر.

قۇرئان كەرىم ئىنساننى توغرىغا، گۈزەل ئەخلاققا، ئىبادەتكە، ئىلىمگە ۋە ئاخىرەت سائادىتىگە دەۋەت قىلىدىغان بىر تەلىم-تەربىيە مەجمۇئەسىدۇر. بۇلارنى لايىقىدا ئىدراك قىلىشمۇ، ئاللاھ ئىلتىپات قىلغان پاراسەت سايىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

قۇرئان ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلىدۇ. تىرىك بىر قۇرئان تەپسىرى ماھىيەتتىكى ئەملى پائالىيتى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر ھىدايەت رەھبىرىدۇر. يەنى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قاراشقا ئىنسانىيەتنىڭ ئىنكار ۋە غەپلەت كېسەللىكلىرىنىڭ يېگانە شىپاسىغا ئىگە بولغان ئالى بىر دورىخانا ھۆكمىدىدۇر. بۇ سەۋەپتىن قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇن كېلىدىغان ئاخىرقى ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئىنسانىيەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدۇر. بۇلارنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ دەۋىتىگە ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن «ئۈممەتى ئىجابە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەسلى

مۇھەممەد ئۈممىتىنى تەشكىل قىلغانلار بولاردۇر. باشقىلىرى بولسا «ئۈممىتى غەيرى ئىجابە» دېيىلىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ سائادەت مەنبەسى، پەقەت قۇرئان بىلەن تەربىلىنىش، ئۇنىڭ ھۇزۇر ئىقلىمىغا كىرىش، ئۇنىڭ ھۆكمى بىلەن ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندىن يىراق بولغان ھەر ھايات، ئەبەدىيلىك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېگەنلىكتۇر.

روھ، ھايات، ئۆلۈم، تىرىلىش، ئاخىرەت، ئەبەدىيلىككە ئوخشاش ئىنسانى ئىدراكىنى ئاجىز قالدۇرغان ئەڭ مۇرەككەپ سىرلار، ئەڭ تەسىرلىك ۋە قايىل قىلارلىق ئۇسلۇبتا پەقەت قۇرئان بىلەنلا يېشىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز ئىلىم ۋە كالامىنىڭ بىر تەجەللىسى بولغان قۇرئاندا، تەرىپى مۇمكىن بولمىغان تەڭداشسىز قايىل قىلارلىق، ۋىجدان ھۇزۇرى ۋە راۋانلىق بار. تارىخ گۇۋاھدۇركى، ئىلاھىي دەۋەتنىڭ نۇرلۇق چىراقلىرى ئورنىدا بولغان پەيغەمبەرلەردىن ھەر بىرى، ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارنى كۈچلەندۈرۈپ تەستىقلىغان ئەھۋالدا، پەيلاسوپلار ئەقلىنىڭ ئاخىرى يوق يوللاردا ۋە بۇزۇق سەپسەتىلىرىنىڭ گىرداۋىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، دائىم ئەجداتلىرىنى يالغانغا چىقىرىپ كەلدى. ھايات ۋە كائىناتنىڭ چەكسىز مەنىسىنى چۈشىنىش غايىسى ئاستىدا تارىخ بويىچە ئەقلىنىڭ چەكلىك ئىمكانلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانى ئىلىملەرمۇ، دەۋە-دەۋە ئىختىلاپلار ئىچىدە بوغۇلۇۋاتىدۇ.

بۇ سەۋەپتىن قۇرئان كەرىم بىلەن يۇغۇرۇلغان مۆمىنلەرنىڭ كۆڭۈللىرى، ئىلاھىي ھەقىقەتنىڭ بىرەر خەزىنىلىرى بولغان ئىكەن، پەيلاسوپلارنىڭ ئاجىز ئىدراكلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانى نەزىرىيەلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولسا، قارڭغۇلۇقتا تەمتىلەپ ئۆزىنىڭ بىلگىنچە يول تېپىشقا ئۇرۇنغان ئەبەدىييەت نامراتلىرى بولىدۇ.

❀

ئۇ ھالدا ھەقىقى ھايات قۇرئان ھەقىقەتلىرىنىڭ جەننىتىدە ياشاشتىن ئىبارەتتۇر.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«قەلبلەر خۇددى تۆمۈر داتلىشىپ كەتكىنىدەك داتلىشىدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغانلار:

«ئۇنىڭ جۇلاسى نېمە؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟» دەپ سورىغاندا:
«ئاللاھنىڭ كىتابىنى كۆپ تىلاۋەت قىلىش ۋە ئاللاھنى كۆپلەپ زىكىر قىلىشتۇر.» دەپ جاۋاب بەردى. (ئەلى ئەل مۇتتەقى، «كەنزۇل ئۇممال»، 2، 241)
يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
«كۆزۈڭلارغا ئىبادەتتىن نېسىۋىسىنى بېرىڭلار!» دېگەندە، ساھابىلار:
«كۆزىمىزنىڭ نېسىۋىسى نېمە؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟» دەپ سورىغاندا:
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
«قۇرئانغا قاراش، ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئىنچىكىلىكىدىن ئىبرەت ئېلىش.» دەپ جاۋاب بەردى. (سۇيۇتى، «ئەلجامىئۇس-سەغىر»، 1، 39)
ئاللاھ تائالا ئەبەدى ئۇتۇقنى ئېرىشكەن بەختىيار قۇللىرىنىڭ بىشىدا تۇنجى بولۇپ، كۆپ قۇرئان ئوقۇغانلارنى سانايدۇ. بۇ ئەھۋالنى قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

إِنَّ الَّذِينَ يَتْلُونَ كِتَابَ اللَّهِ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً يَرْجُونَ تِجَارَةً لَّن تَبُورَ لِيُوَفِّيَهُمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدَهُم مِّن فَضْلِهِ إِنَّهُ غَفُورٌ شَكُورٌ

**"شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى** (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) **يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەرگە ئاللاھ ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر."** (سۈرە فاتىر، 29 - 30 - ئايەت)

يَتْلُونَ آيَاتِ اللّٰهِ آنَاء اللَّيْلِ وَهُمْ يَسْجُدُونَ

**"...كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار."** (سۈرە ئال ئىمران، 113 - ئايەت)
چۈنكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇش ئىماننى كۈچلەندۈرىدۇ. باشقا بىر ئايەتتە:

إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللّٰهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ

**"پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر."** (سۈرە ئەنفال، 2-ئايەت)

❀

ئاللاھنىڭ كالامىنى ئوقۇش، شۈبھىسىزكى ئىبادەتلەر ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەڭ توغرا شەكىلدە قىرائەت قىلىش، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا:

وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلًا

**"...قۇرئاننى تەرتىل بىلەن** (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) **ئوقۇغىن."** (سۈرە مۇززەممىل، 4-ئايەت)

يەنە بىر تەرەپتىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى يېنىدا ئۇنى سۈكۈت بىلەن تىڭشاش ناھايىتى مۇھىم. شۇنداقكى، قۇرئاننى ئوقۇش سۈننەت بولسا، ئۇنى تىڭشاش پەرزدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُواْ لَهُ وَأَنصِتُواْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

**"ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار** (يەنى سۆز قىلماڭلار)**."** (سۈرە ئەئراف، 204-ئايەت)

ناماز ئوقۇغاندا ياكى نامازنىڭ سىرتىدا قۇرئان ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ مەنىلىرىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە مۇئامىلىمىزنى ئۇنىڭغا قاراپ تەرتىپكە سېلىشىمىز ئۈچۈن پۈتۈن دىققىتىمىزنى قۇرئانغا بېرىشىمىز كېرەك.

چۈنكى سۈكۈت ياخشى تىڭشاشقا، ياخشى تىڭشاش بەسىرەتكە، بەسىرەت ئىمان ۋە ئەمەلگە، ئىمان ۋە ئەمەل بولسا رەھمەت ۋە ئىلاھىي نېمەتكە ۋەسىلە بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى باشقىلاردىن تىڭشاشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوقۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئىشتىياق بىلەن تىڭشايتتى. بىر قېتىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان ئوقۇغاندا ئۇنى تىڭشاپ كۆزلىرى ياشقا تولغان ئىدى.

بۇ ۋەقەنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

«ئي ئىبنى مەسئۇد! ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بەرگىن!» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا:

«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قۇرئان ساڭا نازىل بولغان تۇرسا، ئۇنى سىزگە قانداق ئوقۇپ بېرىمەن؟» دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن قۇرئاننى باشقىسىدىن تىڭشاشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى.

مەن نىسا سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلىدىم ۋە:

فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلاء شَهِيدًا

"**بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە** (ئى مۇھەممەد!) **سېنى بۇلارغا** (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) **گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟"**

(سۈرە نىسا، 41-ئايەت)

دېگەن يەرگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«كۇپايە» (توختىغىن) دېدى.

ئۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم." (بۇخارى، تەپسىر، 9\4؛ مۇسلىم، مۇساپىرىن، 247)

يەنە باشقا بىر ۋەقە بولسا مۇنداق: ئۇۋەيس ئىبنى خۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچىسى بەقەرە سۈرىسى ياكى كەھف سۈرىسىنى (مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن) ئوقۇۋاتقان ئىدى. ئېتى يېنىدا باغلاقلىق بولۇپ، ئۇۋەيس قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا ئات ھۈركۈشكە باشلىدى. ئۇۋەيس توختىغاندا، ئاتمۇ جىم تۇردى. تەكرار ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئات يەنە شاشلاندى. ئۇۋەيس توختىغاندا ئاتمۇ جىم تۇردى. ئۇۋەيس يەنە ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئات يەنە شاشلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇۋەيس

ئوقۇشتىن ۋازكەچتى. ئوغلى يەھيا بولسا ئاتقا يېقىن بىر يەردە ئۇخلاۋاتقان ئىدى. ئات دەسسەپ قويمىسۇن دەپ ئوغلى يەھيانى سەل يىراقلاشتۇردى. بۇ ئەسنادا بېشىنى كۆتىرىپ ئاسمانغا قارىغاندا، بىر پارچە بۇلۇت سايىسىگە ئوخشاش بىر ئىس ئىچىدە چىراغقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسىلەرنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەتىسى بۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

«ئوقۇغىن ئى خۇزەير ئوغلى، ئوقۇغىن ئى خۇزەير ئوغلى!» دېدى.

ئۇۋەيس بىن خۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتنىڭ يەھيانى دەسسەپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدىم. چۈنكى ئۇ ئاتنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ ئەسنادا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىغىنىمدا، بىر پارچە ئاق بۇلۇت سايىسىگە ئوخشاش بىر ئىس ئىچىدە، چىراغقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسىلەرنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. كېيىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ يوقاپ كەتتى.» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئۇۋەيس! ئۇلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى.

ئۇۋەيس:

«ياق!» دەپ جاۋاپ بەرگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئۇۋەيس! ئۇلار پەرىشتىلەر ئىدى. سېنىڭ ئاۋازىڭغا يېقىنلاشتى. ئەگەر قۇرئان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان بولساڭ، تاڭ ئاتقىچە سېنى تىڭشايتتى. ئىنسانلارمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ، خەلقنىڭ كۆزىدىن قاچمايتتى. » دېدى. (بۇخارى، «فەزائىلۇل قۇرئان»، 15؛ مۇسلىم «مۇسافىرىن»، 240 - 243)

ھەدىس شەرىپتە قۇرئان ساداسىنىڭ پەرىشتىلەرنى ھەتتا ھايۋانلارنىمۇ ئىلھاملاندۇرىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. ئەھۋال مۇنداق ئىكەن، قۇرئان كەرىم پۈتۈن كىرلاردىن تازىلىنىپ ساپلاشقان ۋە نۇرانىيەتكە پۈركەنگەن بىر كۆڭۈلگە ئۆزىنىڭ سىرلىرىدىن نەقەدەر ئاشكارا قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھۋالىمۇ ئىنسانىنى ئويغا سالىدىغان بىر مىسالدۇر. ئۇ:

«بەقەرە سۈرىسىنى ئون ئىككى يىلدا تۈگەتتىم ۋە شۈكۈر ئۈچۈن بىر تۆگە قۇربانلىق قىلدىم! » دېدى. (قۇرتۇبى، «تەپسىر»، 1، 40). چۈنكى ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇشى، پەقەت ئىبارىتىنى تەلەپپۇز قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەس ئىدى. بۇ

قۇرئاننىڭ ھېكمەت ۋە سىرلىرىغا ۋاقىف بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئىلاھىي نوقتىلارنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىش ۋە ئەمەلىيەتتە تەدبىقلاپ ئوقۇشتۇر. قۇرئاننى ھەقىقى مەنىدە ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن لايىقىدا پايدىلىنىش پەقەت بۇ شەكىلدە مۇمكىندۇر.

قۇرئان كەرىمنى مۇنداق يۈكسەك روھ بىلەن ئوقۇشقا دائىر مۇنۇ مىسال ناھايىتى ئىبرەتلىكتۇر:

ئەبۇ بەكىر ۋەرراق ھەزرەتلىرىنىڭ كىچىك بىر ئوغلى بار ئىدى، قۇرئان ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇستازىدىن دەرس ئېلىشقا ئەۋەتىلەتتى. بىر كۈنى مەكتەپتىن يۈزى ساغىرىپ، تىترىگەن ھالدا بالدۇر قايتىپ كەلدى. ئەبۇ بەكىر ۋەرراق ھەزرەتلىرى بۇ ئەھۋالدىن ھەيران قالغان ھالدا ئوغلىدىن سورىدى:

«ئوغلۇم ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن بالدۇر يېنىپ كەلدىڭ؟»

ئوغلى، ئۇ كىچىك قەلبىگە ئورۇنلاشقان ئاللاھ قورقىسى نەتىجىسىدە كۆز يوپۇرماقلىرىغا ئايلانغان يۈزى بىلەن:

«ئى ئاتا! بۈگۈن ئۇستازىمىز ماڭا قۇرئاندىن بىر ئايەت ئۆگەتتى، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ قورقانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئەھۋالغا قالدىم» دېدى.

ئاتىسى: «ئوغلۇم! ئۇ قايسى ئايەت؟» دېدى.

ئوغلى ئوقۇشقا باشلىدى:

فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلاء شَهِيدًا

"(ئى قۇرەيش جامائەسى!) **ئەگەر ئىمان ئېيتمىساڭلار،** (دەھشىتىدىن) **باللارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر.**" (سۈرە مۇزەممىل، 17-ئايەت)

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇ كىچىك بالا بۇ ئايەتنىڭ دەھشەت ۋە ھەيۋىتىدىن كېسەل بولۇپ، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن ۋاپات بولدى.

ئاتىسى ئەبۇ بەكىر ۋەرراق بۇ ۋەقەدىن تەسىرلىنىپ، پات-پات ئوغلىنىڭ قەۋرىسىگە بېرىپ مۇنداق دېدى:

«ئى ئەبۇ بەكىر! سېنىڭ ئوغلۇڭ قۇرئاندىن بىر ئايەت ئۆگىنىپ ئاللاھ قورقىسىدىن روھىنى تەسلىم قىلدى. سەن بولساڭ ھازىرغىچە قۇرئان ئوقۇۋاتىسەن، تېخىچە ئىلاھىي قانۇندىن كىچىك بالىنىڭ قورققىنىدەك قورقمايسەن!»

مانا بۇ قۇرئان نازۇك يۈرەكلەرنى شۇنداق تىترىتىدىغان سىرلار ۋە ھېكمەتلەر دېڭىزىدۇر. تۆۋەندىكى ئايەتمۇ قۇرئاننىڭ مەنىۋى ھەجمىنىڭ چەكسىزلىكىنى، شۇڭا ئاللاھنىڭ ئىلىم ۋە سەلتەنىتىنىڭ چەكسىزلىگىنى گۈزەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

وَلَوْ أَنَّمَا فِي الْأَرْضِ مِن شَجَرَةٍ أَقْلَامٌ وَالْبَحْرُ يَمُدُّهُ

مِن بَعْدِهِ سَبْعَةُ أَبْحُرٍ مَّا نَفِدَتْ كَلِمَاتُ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

**"ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز** (سىيا) **بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز** (نىڭ سىياسى) **قوشۇلغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى** (يېزىپ) **تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (سۈرە لوقمان، 27 - ئايەت)

ئىنسانلارمۇ بۇ دەريادىن قەلبى ئىستىدادىغا يەنى قابىلىيىتىگە قاراپ نەسىبىنى ئالىدۇ. لېكىن بۇ بىر چۆمۈلنىڭ دەريادىن ئالغان مىقدارى قەدەردۇر. شائىر بۇ مەنىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر جەۋھەرلەر دېڭىزىغا چۆكتۈم،
مەن كۆچۈمنىڭ يېتىشچە ئالدىم،
ئالغىنىم ھەپ بىر تامچىدۇر،
دەريا يەنە ئۆز ھالىدا لىمۇلىق.

خۇلاسىلىغاندا، بۇ جىلغىدا ئىنسان ئۈچۈن دائىم ئاجزىيەت، ئاجزىيەت، ئاجزىيەت. بىردىن بىر چارە ئاللاھنىڭ لۇتپىغا سېغىنىشتۇر!

بۇ ھەدىس شەرىپنىڭ سىررى نەقەدەر گۈزەل:

«كىم ئۆز نەپسىنى تونىسا، (ئۇ نىسبەتتە) رەببىنى تونۇيدۇ.» (ئاجلۇنى، «كەشفۇل خەفا»، 2، 361)

ھەزرىتى مەۋلانا:

«قۇرئاننىڭ زاھىرىنى بىر مىقدار رەڭ بىلەن يېزىش مۇمكىن. سىرلىرىنى يېزىشقا چەكسىز دېڭىز ۋە دەريالار كۇپايە قىلمايدۇ!» دەيدۇ.

ھەقىقى قۇرئان ئەھلى، ئۇنى ئوقۇش بىلەن روھى لەززەت ئالىدۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى بىلەن ياشايدۇ، ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىدۇ ۋە ھېكمىتى بىلەن كامالەتكە يېتىدۇ. بۇ سۈپەتتىكى قۇرئان ئەھلى ئۈچۈن تۇپراققا، ئۇنىڭ جەسىتىنى يېمەسلىككە ئەمر قىلىنىدۇ.

ئەھلۇللاھتىن بىرى بولغان ماھمۇد سامى رامازان ئوغلى ئادانادا بۇ سۈپەت بىلەن ۋاپات بولغان بىر قارىنىڭ، ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئۇستىگە يول كېلىپ قالغانلىق زۆرۈرىيىتى بىلەن باشقا بىر يەرگە يۆتكەش ئۈچۈن قەبرىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ جەسىتىنىڭ ھېچ بوزۇلمىغانلىقى، كېپەنىنىڭمۇ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى نەقىل قىلدى.

❀

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ تەبلىغ قىلىش بىلەن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس شەرىپتە:

**«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكىنىڭلاردۇر.»**

**دېگەن.** (بۇخارى، «فەزائىلۇل قۇرئان»، 21)

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن نازىل بولغان ئەڭ بۈيۈك ھەدىيەسى بولغان ئۇلۇغ بىر كالامدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ كالامىنىڭ، مەخلۇقاتلىرىنىڭ سۆزلىرىگە بولغان ئۈستۈنلىكى، ئاللاھنىڭ قۇللىرىغا بولغان ئۈستۈنلۈكىگە ئوخشايدۇ.» (دارىمى، «فەزائىلۇل قۇرئان»، 6)

قۇرئان كەرىم ئىنسان كالامى بىلەن قىياس قىلىنمايدىغان دەرىجىدە مىسلىسىز ۋە چەكسىزدۇر. پەقەت ئىلاھىي كالامنى ئويغاق بىر كۆڭۈل بىلەن ئوقۇش لازىم. چۈنكى قۇرئان ئۆزىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا قارىتا ئېچىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئان ئوقۇغان مۆمىن ماندارىن مېۋىسىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى يېقىملىق، تەممۇ تاتلىقتۇر. قۇرئان ئوقۇمىغان مۆمىن خورمىغا ئوخشايدۇ. پۇرىقى يوق، لېكىن تەمى تاتلىقتۇر. قۇرئان ئوقۇغان مۇناپىق رەيھانغا ئوخشايدۇ، پۇرىقى يېقىملىق، ئەمما تەمى ئاچچىقتۇر. قۇرئان ئوقۇمىغان مۇناپىق ئەبۇ جەھىل تاۋۇزىغا (جىن سويمىسىغا) ئوخشايدۇ؛ پۇرىقى بولمىغىنىدەك تەممۇ يوقتۇر.» (بۇخارى «ئەتئىمە»، 30، «فەزائىلۇل قۇرئان»، 17، 36؛ مۇسلىم، «مۇساپىرىن» 243)

باشقا بىر ھەدىس شەرىپتە غاپىل ھالەتتە قۇرئان ئوقۇغانلار ئۈچۈن:

«ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، (پەقەت ئوقۇغانلىرى) بوغۇزىدىن پەسكە ئۆتمەيدۇ!»

دېگەن. (بۇخارى، «فەزائىلۇل قۇرئان»، 36).

دېمەككى، تەپەككۇر قىلماي ئوقۇغان قۇرئاندىن ھېچ بىر بەرىكەت ھاسىل بولمايدۇ. مۇنداق بىر قىرائەت ئۇ كىشىنى جەھەننەمگە كۆتۈرىدۇ. قۇرئاننى بۇ شەكىلدە ئوقۇغان كىشىلەر ھەققىدە، ئاللاھ تائالا:

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا

**"ئۇلار** (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) **قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار** (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)**."** (سۈرە مۇھەممەد، 24-ئايەت)

چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە چۈشەنچىگە ئىگە كەڭ قورساق قۇللار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشتىن دەرىسىنى ئالىدۇ. چۈشىنىش كېرەككى، قۇرئاندىن:

رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

(ئۇلار ئېيتىدۇ) **«پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن."** (سۈرە ئال ئىمران، 191-ئايەت)

ئايىتى نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭمۇ زوقىنى كەلتۈرگىدەك ئۈنچە مارجاندەك كۆز ياشلىرى بىلەن تاڭ ئاتقۇچە يىغلىدى.

تابىئىنلەردىن بولغان ئەتا ئىبنى رەباھ رەھمەتۇللاھ ئەلەيھ مۇنداق دەيدۇ: ھەزرىتى ئائىشىگە:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەن ھەيران قالارلىق ئەھۋالنى ماڭا ئېيتىپ بېرەمسىز؟» دېدىم.

ئائىشە ئانىمىز:

«ئۇنىڭ قايسى ھالى ھەيران قالارلىق ئەمەسكى!» دېدى ۋە مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

«بىر كېچە يېنىمغا كېلىپ، تۆشەككە كىردى، كېيىن:

«رۇخسەت قىلساڭ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، رەببىمگە ئىبادەت قىلاي» دېدى.

مەن:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بىلەن بىللە بولۇشنى خالايمەن. لېكىن سېنى سۆيۈندۈرگەن نەرسىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن» دېدىم.

بۇنىڭ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدى. كېيىن نامازغا تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇنچىلىك يىغلىدىكى، كۆز ياشلىرى كۆكسىگە ئاقتى. كېيىن رۇكۇ

قىلدى، يەنە يىغلىدى. كېيىن سەجدە قىلدى، سەجدىدىمۇ يىغلىدى. ئاندىن سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈردى، يەنە يىغلىدى. بۇ ئەھۋال تاكى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ سەھەر ئەزانىنى ئوقۇغىچە داۋاملاشتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ:

«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۆتمۈش ۋە كېلىچەكتىكى پۈتۈن گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنغان تۇرۇپ، نېمىشقا يىغلايسەن؟» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھقا كۆپ شۈكۈر قىلغان قۇللاردىن بولمايمەنمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ كېچە ماڭا شۇنداق بىر ئايەت نازىل بولدىكى، ئۇنى ئوقۇپ ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!" دېدى ۋە ئارقىدىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ
الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ
وَالأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

**"شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرىشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ.** (ئۇلار ئېيتىدۇ) **«پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن."** (سۈرە ئال ئىمران، 190 - 191 - ئايەت) (ئىبنى ھىببان، 2، 386)

مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھ قورقىسى بىلەن تۆككەن كۆز ياشلىرى، پانى كېچىلەرنىڭ زىنىنتى، قەبرى قاراڭغۇلۇقىنىڭ يورۇتقۇچى، جەننەت باغچىلىرىنىڭ شەبنەملىرىدۇر. ئاللاھ قۇرئانىنىڭ ھېكمەت ۋە سىرلىرى ئالدىدا تەسىرلەنمەيدىغان يۈرەكتىن ۋە ياش تۆكمەيدىغان كۆزدىن ھەممىمىزنى مۇھاپىزەت قىلسۇن!

❀

خۇلاسىلىساق، قۇرئاننى پەقەت ئوقۇپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماسلىق كېرەك. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، ھۆكۈملىرىنى ئەمەلىيەتتە

تەدبىقلاش كېرەك. چۈنكى قۇرئاندىن پايدىلىنىشنىڭ بەرىكىتى بۇنىڭدا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ۋە ئۈممىتىگە مۇشۇنداق تەلىم بېرىدۇ.

ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەس ـ سۇلەمى مۇنداق دەيدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن بىزگە قۇرئان تەلىم بەرگەن بىر زات بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئون ئايەت ئالاتتۇق، بۇ ئايەتلەردىكى ئىلىم ۋە ئەمەللەرنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، باشقا ئون ئايەتكە ئۆتمەيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەم ئىلىم ھەمدە ئەمەلنى بىرلىكتە ئۆگەتەتتى.» (ئىبنى ھەنبەل، 5، 410؛ ھەيسەمى1، 165)

ھەزرىتى مەۋلانا مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋال ۋە سۈپەتلىرىدۇر. قۇرئان كەرىمنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىساڭ، ئۆزەڭنى پەيغەمبەرلەر، ۋەلىلەر بىلەن كۆرۈشكەندەك پەرەز قىلىسەن! پەيغەمبەر قىسسىلىرىنى ئوقۇغانسىرى بەدەن قەپىزى جان قۇشىغا تار كېلىشكە باشلايدۇ!»

«بىز بۇ بەدەن قەپىزىدىن پەقەت بۇ ۋەسىلە بىلەن قۇتۇلدۇق. ئۇ قەپەزدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن، بۇ يولدىن يەنى تەۋھىد يولىدىن باشقا چارە يوق!»

**ئى رەببىم! قەلبىمىزنى قۇرئان نۇرىدىن ۋە ھەبىبىڭنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىما!**

**ئامىن!**


ئاق دېڭىز
دمەشق
ھەيفا
تەبەرىيە
ناسرا
ئىئوردانىيە دەرياسى
بۇسرا
پەلەستىن
يافا
رەملە
ئەرىخا
ئاممان
قۇدۇس
ئەسدۇد
بەيتلاھەم
ئۆلۈك دېڭىز
سودوم


سۇلەیمان ئەلەیھسسالام

بايلىق ۋە دۇنيا سەلتەنىتىنى قەلبىدىن چىقىرىپ تاشلىغان

# سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام غەززەدە دۇنياغا كەلدى. ئاتىسى داۋۇد ئەلايھىسسالام ۋاپات بولغاندا، 12 - 13 ياشلىرىدا ئىدى. ئاتىسىغا ئوخشاش ئاۋۋال ھۆكۈمدار كېيىن پەيغەمبەر بولدى. بەيتۇلمۇقەددەسنى رېمونت قىلىپ، 7 يىلدا قۇرۇلۇشنى تاماملىدى. يەمەندىكى سەبە مەلىكىسى بەلقىز بىلەن نىكاھلىنىپ، قۇددۇستا ۋاپات بولدى.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئىلىملىك ۋە ئەقىللىق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىگى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«...ئۆز ۋاقتىدا ئىككى ئايال ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بىردىن ئىككى بالىسى يانلىرىدا بولۇپ، يولدا كېتىۋاتقاندا بىر بۆرە كېلىپ ئاياللاردىن چوڭراقىنىڭ بالىسىنى ئېلىپ قاچتى. بۇ ئايال يېنىدىكى ئايالغا:

«بۆرە سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ قاچتى» دېدى.

يېشى كىچىك بولغان ئايال:

«ئۇنداق ئەمەس، سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ قاچتى!» دېدى.

نەتىجىدە بۇ ئىككى ئايال ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىشى ئۈچۈن داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئىلتىجا قىلىپ كەلدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ بالىنىڭ يېشى چوڭراق ئايالغا ئائىت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. ئۇلار مەھكىمىدىن چىقىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بولسا: "ماڭا بىر پىچاق كەلتۈرۈڭلار! بالىنى بۇ ئىككى ئايالغا بۆلۈپ بېرەي!" دېدى. كىچىك ئايال: «ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قىلما! ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن! بۇ بالا ئۇ ئايالنىڭدۇر!» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىنىڭ كىچىك ئايالغا ئائىت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 40)

چۈنكى ئانىنىڭ شەپقىتى ئەۋلادىنىڭ ئۆلىشىگە رازى بولمايدۇ.

❀

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پاراستى بىلەن مۇناسىۋاتلىك يەنە بىر رىۋايەت مۇنداق: "بىر كېچە بىر توپ قوي بىر ئېتىزلىقنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ئېتىزلىقنىڭ ئىگىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئەرز قىلىپ كەلدى. نابۇت بولغان ئېتىزلىق قىممەت جەھەتتىن ئۇ قويلارنىڭ قىممىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام قويلارنى ئېتىزلىقنىڭ ئىگىسىگە بېرىلىشىگە ھۆكۈم قىلدى. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇ زامانلاردا كىچىك بولسىمۇ:

«ئى ئاتا! بۇنىڭ باشقا بىر يولىمۇ بار، قويلارنى ئېتىزلىقنىڭ ئىگىسىگە قەرز سۈپىتىدە بېرەيلى. سۈتى ۋە يۇڭىدىن پايدىلانسۇن. بۇ ئەسنادا ئېتىزنى رەتكە سالسۇن. ئېتىزلىق بۇرۇنقى ھالىغا كەلگىچە قويلار ئۇنىڭدا قالسۇن. ئىشى يولىغا كىرگەندە، بۇ قويلارنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسۇن!» دېدى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَدَاوُودَ وَسُلَيْمَانَ إِذْ يَحْكُمَانِ فِي الْحَرْثِ إِذْ نَفَشَتْ فِيهِ
غَنَمُ الْقَوْمِ وَكُنَّا لِحُكْمِهِمْ شَاهِدِينَ

**"داۋۇت بىلەن سۇلايماننىڭ** (قىسسىسىنى بايان قىلغىن)**. ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ** (بۇزۇۋەتكەندە)**، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى . ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىت ئىدۇق."** (سۈرە ئەنبىيا، 78-ئايەت)

فَفَهَّمْنَاهَا سُلَيْمَانَ وَكُلًّا آتَيْنَا حُكْمًا وَعِلْمًا

**"قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۈردۇق، تەسبىھ ئېيتىشقا مۇسەخخەر قىلدۇق،** (شۇنداق قىلىشقا) **بىز قادىر ئىدۇق..."** (سۈرە ئەنبىيا، 79-ئايەت)

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ناھايىتى پاراسەتلىك ۋە ھەققە چىن كۆڭلىدىن باغلانغانلىقى تۈپەيلىدىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنى ئۇن توققۇز ئوغلىنىڭ

ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ ئورنىغا خەلىپە قىلىپ تاللىدى. لېكىن ئىسرائىل ئوغۇللىرى بۇنىڭغا قارشى چىقىپ: «سۇلەيمان تېخى كىچىك بىر بالا، ئارىمىزدا ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەر بار!» دېيىشتى.

بۇنىڭ بىلەن داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئالىملارنىڭ ھۇزۇرىدا بىر ئىمتىھان ئالدى. ئوغلى سۇلەيمانغا:

«توغرىلىقى باشقا قىسىملىرىنىڭ توغرىلىقىغا، بۇزۇقلىقى باشقا قىسىملىرىنىڭ توغرىلىقىغا سەۋەپ بولغان نېمە؟» دەپ سورىدى.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام:

«قەلبتۇر!» دېدى.

بۇ جاۋابنى ناھايىتى ياقتۇردى.

كېيىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەممەيلەننىڭ ھاسىسىنىڭ ئۈستىگە ئىسمىنى يېزىپ، بىر ئۆيگە قويۇپ قۇلۇپلاپ قويدى. يالغۇز سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ كۆكلەپ يوپۇرماق چىقارغانلىقىنى كۆردى. ئاللاھنىڭ بۇ لۇتپىغا داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەمدۇ ئېيتتى. ئىسرائىل ئوغۇللىرىمۇ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىكىنى قوبۇل قىلىپ مەمنۇن بولۇشتى.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ لۇتفى بىلەن خەلىپە ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئوغلى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق نەسىھەت قىلدى:

«ئى ئوغلۇم! چاخچاق قىلىشتىن ھەزەر قىل، چۈنكى ئۇنىڭ پايدىسى ئاز، پۇشايمىنى كۆپ. غەزەپلىنىشتىنمۇ ھەزەر قىل. چۈنكى ئۇ يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. تەقۋالىقىقا ئېسىل، چۈنكى تەقۋا ھەر ھالغا غالىپتۇر.

ئىنسانلاردىن ئۈمىد كۈتمە، مانا بۇ ھەقىقى بايلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا ساڭا بەرمەي باشقىلىرىغا بەرگەن نېمەتلەرگە كۆز تىكىش سېنىڭ ئۈچۈن پېقىرلىقتۇر. ئۆزرە ئېيتىشقا سەۋەپ بولىدىغان ئىش-ھەرىكەت ۋە سۆزلەردىن ھەزەر قىل!

نەپسىڭنى ۋە تىلىڭنى توغرىلىققا كۆندۈر!

بۈگۈنىڭ تۈنۈگۈنكىدىن تېخىمۇ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن تىرىش!

نامىزىڭنى ئاخىرقى نامىزىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزىدەك ئوقۇ!

ئاددى ۋە نادان كىشىلەر بىلەن ئۈلپەتداش بولما!

غەزەپلەنگەن ۋاقتىڭدا ئۇ يەردىن ئايرىل!

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بول! چۈنكى ئۇنىڭ رەھمىتى ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»(سەئلەبى، «ئارائىس»، 323)

❁

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ھۆكۈمدار بولدى:

وَوَهَبْنَا لِدَاوُودَ سُلَيْمَانَ نِعْمَ الْعَبْدُ إِنَّهُ أَوَّابٌ

**"بىز داۋۇدقا سۇلەيماننى ئاتا قىلدۇق، سۇلەيمان نېمىدېگەن ياخشى بەندە! ئۇ** (ئاللاھقا) **ھەقىقەتەن ئىتائەت قىلغۇچى ئىدى."** (سۈرە ساد، 30-ئايەت)

ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ نېمەت بېرىلدى.

وَلَقَدْ آتَيْنَا دَاوُودَ وَسُلَيْمَانَ عِلْمًا وَقَالَا الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي فَضَّلَنَا عَلَى كَثِيرٍ مِّنْ عِبَادِهِ الْمُؤْمِنِينَ

**"بىز ھەقىقەتەن داۋۇدقا، سۇلايمانغا** (دۇنيا ۋە دىن ئىلىملىرىدىن كەڭ) **ئىلىم ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئېيتتى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى نۇرغۇن بەندىلىرىدىن ئارتۇق قىلغان ئاللاھقا خاستۇر!»."** (سۈرە نەمل، 15-ئايەت)

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قۇشلارنىڭ تىلى ۋە تەسبىھلىرىنى تىڭشايتتى:

وَوَرِثَ سُلَيْمَانُ دَاوُودَ وَقَالَ يَا أَيُّهَا النَّاسُ عُلِّمْنَا مَنطِقَ الطَّيْرِ وَأُوتِينَا مِن كُلِّ شَيْءٍ إِنَّ هَذَا لَهُوَ الْفَضْلُ الْمُبِينُ

**"سۇلايمان** (پەيغەمبەرلىكتە، ئىلىمدە، پادىشاھلىقتا ئاتىسى) **داۋۇدقا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى.** (دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) **ھەممە نەرسە ئاتا قىلىندى، بۇ ئەلۋەتتە** (ئاللاھنىڭ) **روشەن ئېھسانىدۇر» دېدى."** (سۈرە نەمل، 16-ئايەت)

ئىنسان، جىن، ھايۋانات، شامال ئۇنىڭ ئىشلىتىشى ۋە ئەمرىگە بېرىلدى.

وَلِسُلَيْمَانَ الرِّيحَ عَاصِفَةً تَجْرِي بِأَمْرِهِ إِلَى الْأَرْضِ الَّتِي بَارَكْنَا فِيهَا وَكُنَّا بِكُلِّ شَيْءٍ عَالِمِينَ

**"سۇلايمانغا قاتتىق چىقىدىغان شامالنى مۇسەخخەر قىلىپ بەردۇق، شامال سۇلايماننىڭ ئەمرى بويىچە، بىز بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنغا** (يەنى شامغا) **باراتتى، بىز ھەممىنى بىلگۈچىمىز."** (سۈرە ئەنبىيا، 81 - ئايەت)

وَلِسُلَيْمَانَ الرِّيحَ غُدُوُّهَا شَهْرٌ وَرَوَاحُهَا شَهْرٌ وَأَسَلْنَا لَهُ عَيْنَ الْقِطْرِ وَمِنَ الْجِنِّ مَن يَعْمَلُ بَيْنَ يَدَيْهِ بِإِذْنِ رَبِّهِ وَمَن يَزِغْ مِنْهُمْ عَنْ أَمْرِنَا نُذِقْهُ مِنْ عَذَابِ السَّعِيرِ

**"سۇلەيمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق، بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلەيماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز."** (سۈرە سەبە، 12 - ئايەت)

يَعْمَلُونَ لَهُ مَا يَشَاء مِن مَّحَارِيبَ وَتَمَاثِيلَ وَجِفَانٍ كَالْجَوَابِ وَقُدُورٍ رَّاسِيَاتٍ اعْمَلُوا آلَ دَاوُودَ شُكْرًا وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ

**"ئۇلار سۇلەيمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى،** (مىستىن - ئەينەكتىن ئاجايىپ) **ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى،** (چوڭلۇقتىن) **مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى،** (ئېيتتۇقكى) **«ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر!** (ئاللاھنىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) **شۈكۈر قىلىڭلار»، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن** (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) **شۈكۈر قىلغۇچى بەك ئاز."** (سۈرە سەبە، 13 - ئايەت)

بۇ ئايەتتە دېيىلگەن **«تەماسىل»** كەلىمىسى: مىس، تۇپراق، ئەينەكتىن ياسالغان جانلىق-جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەيكەللىرى، رەسىملىرى ۋە تەسۋىرلىرى

بولۇپ ئىزاھلانغان. لەپزىنىڭ دالالىتىگە قارىغاندا ئايەت، جانلىق-جانسىز رەسىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«تەماسىل» كەلىمىسى ئايەتتە ئومۇمى بىر مەنىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە جانلىق، جانسىز پۈتۈن جانلىقلارنىڭ سۈرەت، رەسىم ۋە ھەيكەللىرىنى ياساشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى مۇمكىن. بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر ئوخشىمىغان كۆز قاراشلاردا بولۇپ، بۇلارنى ئىككى ماددىدا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. مۇپەسسىرلەرنىڭ بىر قىسمى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە جانلىقلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ۋە ھەيكەللىرىنى ياساشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى، چۈنكى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ شەرىئىتىدە بولسا جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى ياساشنىڭ ئوچۇق چەكلەنگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇ قاراشقا قارىغاندا «تەماسىل» كەلىمىسى پەقەت جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلامدىكى جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى مۇۋاپىق. ئەگەر سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە رەسىم، ھەيكەللەرنى ياساش جائىز بولغان بولسا، بۇنىڭ ئۇ زاماندا تېخى بۇتلارغا چوقۇنۇش خەۋپىنىڭ بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

2. بەزى مۇپەسسىرلەر، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە جانلىق-جانسىز نەرسىلەرنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللىرىنى ياساشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ ھالدا «قۇرئاندا جانلىق-جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەيكەل ۋە رەسىملىرىنى ياساشنىڭ ئىسلامدىمۇ جائىز دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولامدۇ؟» دېگەن بۇ سوئالغا ئىسلام پېقىھچىلىرى ۋە مۇپەسسىرلەر: «ئىسلامدا مەنزىرە، تاغ، ئورمان، دەرەخكە ئوخشاش پەقەت جانسىز مەۋجۇدات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش جائىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن ھەدىسلىرىدە جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى مەنئى قىلغان. رەسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر بۇنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىم دۇنيادا بىر جانلىق نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىزسا، قىيامەت كۈنى ئۇ سىزغان رەسىمگە جان كىرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. ئۇ بولسا (رەسىمگە) ئەسلا جان كىرگۈزەلمەيدۇ» (بۇخارى، «لىباس»، 97؛ تەبىر، 45؛ مۇسلىم، «لىباس»، 100)

يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەككىنىڭ فەتھى كۈنى بەيتۇللاھتا ھەيكەللەرنى كۆرۈپ ئىچىگە كىرمىدى ۋە ئۇلارنى چىقىرىۋېتىشنى بۇيرىدى. ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيهىسسالامنىڭ قوللىرىدا پال ئوقلىرى بولغان ھالدىكى رەسىملىرىنى كۆرۈپ، مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ (بۇ رەسىملەرنى سىزغانلىنىڭ) جېنىنى ئالسۇن! ۋاللاھى (ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى) ئۇلار (ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام) ئەسلا ئوقلار بىلەن (پال ئوقلىرى) تەلەيلىرىنى سىناپ باققان ئەمەس» (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 8؛ ھەج، 54؛ «ماغازى»، 48)

نەتىجىدە، سۇلەيمان ئەلەيهىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەللىرىنى ياساش جائىز دەپ قارالغان تەقدىردىمۇ، ئىسلامدا پۈتۈنلەي چەكلەنگەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزغانلارنىڭ قىيامەت كۈنى شىددەتلىك ئازابقا قالدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بۇخارى، «لىباس»، 89؛ مۇسلىم، «لىباس»، 96) چۈنكى رەسىم ۋە ھەيكەللەرگە ھەددىدىن ئارتۇق ئەھمىيەت بېرىش ئىنسانلارنى بۇتپەرەسلىككە ئېلىپ بارغاندى.

ئائىشە رەزىيەللاھ ئەنھامۇ مۇنداق دەيدۇ:

جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيهسالامغا مەلۇم بىر سائەتتە كېلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ۋەدىلەشكەن ۋاقىت كەلدى. لېكىن جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام كەلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قولىدىكى تاياقنى يەرگە ئاتتى ۋە: «ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ۋەدىسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ!» دېدى.

كېيىن ئەتراپقا قارىدى. بىردىنلا كارىۋاتنىڭ ئاستىدا بىر ئىتنىڭ كۈچىگىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

«ئى ئائىشە! بۇ كۈچۈك بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالدى؟» دەپ سورىدى.

مەن:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بىلمەيمەن» دېدىم.

ئەمىر قىلدى، ئىتنىڭ كۈچىكى ئۆيدىن چىقىرىلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام دەرھال كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ماڭا ۋەدە قىلدىڭ، مەن ساقلىدىم، ئەمما سەن كەلمىدىڭ» دېدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

«كېلىشىمگە ئۆيىڭىزدىكى ئىت توسقۇنلۇق قىلدى. بىز پەرىشتىلەر ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز» دەپ جاۋاپ بەردى. (مۇسلىم، «لىباس» 81، 82؛ بۇخارى، «بەدئۇل ھەق»، 7، لىباس، 94؛ ئىبنى ماجە، «لىباس» 44)

بۇ ھەدىس شەرىپتە «ئىت» بىلەن بىرلىكتە زىكىر قىلىنغان «سۈرەت» پەقەت رەسىم مەنىسىدە بولماستىن، ئۇ جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەيكەل ۋە ئويما رەسىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسىم بولسا بىر ساينىڭ بىلىنىشىگە ئوخشايدۇ، بىر ھەجىمگە ئىگە ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن بىللە «سۈرەت» ھەر تۈرلۈك جانلىق نەرسىنىڭ رەسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر شەكىلدە چۈشىنىلىسىمۇ، ئۇنىڭ ھەققىدىكى چەكلىمە بۇتپەرەسلىككە يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

كۈنىمىزدە رەسىم ۋە فوتوگرافلارنىڭ كۈنلۈك تۇرمۇشىمىزدا قوللىنىش ساھەسىنىڭ كېڭەيگەنلىكى ۋە بەزى ئەھۋاللاردا زۆرۈر ئېھتىياج ھالىغا كەلگەنلىكى مەلۇمدۇر. دىنامىك بىر قۇرۇلۇشقا ئىگە بولغان ئىسلام دىنى زامان ئىچىدە زۆرۈرىيەت دەرىجىسىگە كەلگەن بۇ تۈر ئېھتىياجلار ئۈچۈن مەلۇم بىر رۇخسەت چېگراسى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ.

❀

بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىمۇ خاتىرىلىتىش لازىم. يۇقىرىدىكى ھەدىس شەرىپتە ئىپادىلەنگەندەك، ئىت بار ئۆيگە پەرىشتىنىڭ كىرمەيدىغانلىقىمۇ مۇھىم بىر ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلام ئۆي ئىچىدە ئىت بېقىشنى چەكلىگەن. چۈنكى ئىتنىڭ نەپەسى ۋە شۆلگىيى نىجىستۇر. شۇڭا ئىتنىڭ شۆلگىيى، تۈكى ھەتتا نەپەسلىرىدىن ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى، شۈبھىسى بولمىغان بىر ھەقىقەتتۇر.

بۇلار، كۆنىمىزدە ئىلىم ئىسپاتلاپ چىققان بىر قىسىم ھەقىقەتلەردۇر. ئىسلامنىڭ بۇ جەھەتتە ئاشكارا بولمىغان كۆپ ھېكمىتى بار.

ھەدىس شەرىپتە بايان قىلىنغىنىدەك، ئۆيگە تاسادىپىي كىرىپ قالغان بىر ئىتنىڭ كۈچىكى تۈپەيلىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرەلمىدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىچىدە ئىت بېقىلغان ئۆيلەرنىڭ ھالىنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك! چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشىگە:

«بۇ ئىتنىڭ كۈچىكى بۇ يەرگە قاچان كەلدى؟» دەپ سورىشى ۋە ئۇنىڭمۇ:

«ۋاللاھى بىلمەيمەن» دەپ قەسەم قىلىپ، جاۋاپ بېرىشى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە ئۇ بىلىپ تۇرغان ھالدا ئىتنىڭ بولۇشى ئەقىلغىمۇ سىغمايدىغان بىر ئىشتۇر. بۇ ۋەقەمۇ سەۋەپسىز ئەمەس، مۆمىنلەر ئۈچۈن، بىر ھۆكۈمنىڭ زاھىر بولۇش ھېكمىتىگە بىنائەن مەيدانغا كەلگەن.

ئۆزى كۆندۈرۈلگەن بىر ھايۋاننىڭ ئۆيدە بولۇشىنىڭ بىر توسالغۇسى يوق. لېكىن ئۆينىڭ ئىچىدە ئىت بېقىش جائىز ئەمەس. لېكىن ئوۋچىلىق، پادىچىلىق ۋە باغۇ-بوستانلىقنى قاراشتىن ئىبارەت ۋەزىپىلەر ئۈچۈن (ئۇ بولسىمۇ) ئۆينىڭ سىرتىدا بولۇش شەرتى بىلەن ئىت بېقىشقا رۇخسەت بار. چۈنكى بۇ بىر ئېھتىياجنى قامداشتۇر.

ھەقىقەتەن، ئاللاھ ئىتنى ئىنساننىڭ ئەمرىگە بەردى ۋە ئۇنى باشقا نۇرغۇن ھايۋانلاردىن ئالاھىدە قىلىپ، ئىگىسىگە نىسبەتەن ۋاپادار قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنى كۆپلىگەن پەننى ئۇسكۈنىلەر ئىگە بولالمىغان ئالاھىدە قابىلىيەتلەر بىلەن قورallاندۇردى. شۇڭا كۈنىمىزدە خىروئىن ئىزدەش ياكى تەبىئىي ئاپەتلەردىن يىقىلغان بىنالارنىڭ ئاستىدا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىدا قوللىنىلغان ئىتلار، باغ ۋە باغچىغا قارايدىغان ئىشلارنىڭ يېنىدا ئىنسانىيەتنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم خىزمەتلەردە ئىشلىتىلمەكتە.

كۈنىمىزدە بولۇپمۇ غەرپ ئەللىرىدە ئائىلە پارچىلاندى ۋە ئىنسانلار يالغۇز ياشاشقا باشلىدى. يالغۇز ياشىغانلار، ئوغرى ۋە باشقا كېلىشمەسلىكلەرگە قارشى ئۆي ئىچىدە ئىت بېقىۋاتىدۇ. كۆپلىگەن غەرپ دۆلەتلىرىدە ئۆيدە بېقىلغان ئىتلارغا سۇغۇرتا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. ئىتلارنىڭ بېقىش خىراجىتى يېنىدا سۇغۇرتا پۇلىنى تۆلەشتىمۇ چىقىملار كۆزلىرىگە كۆرۈنمەي سېخىيلارچە مۇئامىلە قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى، جەمئىيەتتىكى يېقىرلارغا نىسبەتەن ئەينى

سېخىيلىقنى كۆرستىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ جاپا-مۇشەققەت ۋە خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالغان ھالدا ئىت بېقىشى، زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىتنىڭ ھەم ئىگىسىنىڭ تەبىئىتىنى بۇزىۋاتىدۇ. چۈنكى ئىتقا قىلىنغان مۇئامىلە ئۇنى ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىغۇدەك دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويىدى. بۇ مۇبالىغە ئۆز ئەۋلادىنى ئىككىنچى دەرىجىدە كۆرۈشكە قەدەر ئىلگىرلىدى. بۇنىڭ ئەڭ قورقۇنچ نەتىجىسى، شەخسىيەتچىلىكنىڭ كېڭىيىپ ئەۋلادقا بېرىلىشى كېرەك بولغان مېھرى-مۇھەببەتنى ئىتلارغا بېرىش ئارقىلىق ئەۋلات قالدۇرۇش مايىللىقىنى تۆۋەنلەتتى. كۈنىمىزدە كۆپلىگەن غەرپ دۆلەتلىرىدە نوپۇس ئازالماقتا.

بولۇپمۇ ئۆيدە ئىت بېقىش، ئىت ئۈچۈن بىر ھىمايە قىلىش ئەمەس، ئەكسىچە بىر قاراشتا يارىتىلىشغا زىت بولغان شەرتلەر ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر قىلىشتىن ئىبارەت.

زامانىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئىسلامنىڭ ئىت بېقىشنى پەقەت ئۆينىڭ سىرتىدا ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا لايىق كۆرۈشى ئالدىدا، غەرپ ئەللىرىنىڭ بۇ ئەھۋالى نەقەدەر قورقۇنچ، ئازغۇن ۋە ئائىلە بۇزغۇنچىلىقىدۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى، كۈنىمىزدە جەمئىيتىمىزدىمۇ كۆزگە كۆرۈلىۋاتقان ئۆيدە ئىت بېقىش ئادىتى، قارىغۇلارچە غەرپ تەقلىدچىلىكىنىڭ سەلبى كۆرىنىشىدىن پەقەت بىرسىدۇر.

ئىسلامنىڭ ئۆيدە ئىت بېقىش ھەققىدىكى چەكلىمىسى، ئۇنىڭغا قارشى سەلبى بىر پۇزىتسىيەدە بولۇشنى شەرت قىلمايدۇ. ئىتلارنىڭ بېقىلماسلىقى ياكى ئۇلارغا يامان مۇئامىلىدە بولۇش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئىسلام مەرھەمەتى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئىتلارنىڭ ھاياتىنى قوغداشنى، باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش ئۇلارغىمۇ شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

شۇڭا بىر ھەدىس شەرىپتە، ئۇسسۇزلىقتىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ئىتقا سۇ بەرگەن گۇناھكار بىر ئايالغا جەننەت بىلەن خوشخەۋەر بېرىلگەن.

تارىخىمىزدىمۇ مەخلۇقاتلارغا مەرھەمەت تۇيغۇسىنىڭ مۇئەسسەسەلەشكەن ھالدا ھەرخىل ۋەقپىلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى، بۇ ۋەقسپلەرنىڭ شەپقەت قولىرىنىڭ ھىمايىگە موھتاج ھايۋاناتلارغا قەدەر ئۇزانغانلىقى مەشھۇردۇر.

شۇڭا ئىت بېقىش ھەققىدە ئىسلام بەلگىلىگەن چەك-چېگرالارغا رىئايە قىلىش كېرەك.

## سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئات سەۋداسى

ئالل‍اھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

إِذْ عُرِضَ عَلَيْهِ بِالْعَشِيِّ الصَّافِنَاتُ الْجِيَادُ فَقَالَ إِنِّي أَحْبَبْتُ حُبَّ الْخَيْرِ عَن ذِكْرِ رَبِّي حَتَّى تَوَارَتْ بِالْحِجَابِ رُدُّوهَا عَلَيَّ فَطَفِقَ مَسْحًا بِالسُّوقِ وَالْأَعْنَاقِ

**"ئۆز ۋاقتىدا كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنىڭغا ياخشى يۈگۈرۈك ئاتلار توغرىلاندى. سۇلەيمان ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاتلارنى پەرۋەردىگارىمنى ئەسلەش ئۈچۈن ياخشى كۆردۈم، ئۇلار** (كۆزۈمدىن) **غايىب بولغۇچە** (ئۇلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بىلەن بولدۇم)» . **سۇلەيمان ئېيتتى: «ئاتلارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار».** (ئاتلار ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن) **سۇلەيمان ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى."** (سۈرە ساد، 31 - 33 - ئايەت)

بىر قىسىم مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام:

«مەن ئاتلارنى رەببىمنىڭ زىكرى تۈپەيلىدىن ياخشى كۆردۈم!» دېگەن.

نامىزىنى ۋەيا ۋىردىنى (كۈنلۈك زىكرى) ئاقساتمىدى. نەتىجىدە، ئۇ ئاتلار پەردىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. ئېغىللىرىغا كىرىپ كەتتى ياكى يۈگۈرۈشتە كۆزدىن غائىپ بولدى، ئۇ زامان نامىزىنى تاماملىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن:

«ئۇلارنى ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، بويۇن ۋە پاچاقلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. ئۇنى سىلاپ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بەردى.

فەھرىددىن رازىنىڭ باياندا، ئىسلامدىكىگە ئوخشاش سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىمۇ ئۇرۇش ئۈچۈن ئات بېقىش مۇستەھەب ئىدى. بىر كۈنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاتلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئىدى. ئۈچ پۇتى بىلەن دەسسەپ، بىر پۇتىنىڭ تۇيىقىنى يەرگە تەگكۈزگەن ھالدا تىزىلىپ تۇرغان ئاتلارغا قاراپ:

«مەن پەقەت رەببىمنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يەنى ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەر يەرگە تارقىتىش ئۈچۈن دۇنيا مېلىنى ياخشى كۆردۈم، نەپسىم ئۈچۈن تەلەپ قىلمىدىم!» دېدى.

كېيىن ئات باقارلارغا ئاتلارنىڭ چېپىشى ئۈچۈن ئەمىر قىلدى. تېز سۈرەتتە چېپىپ يېنىدىن يىراقلاشقان ئاتلار كۆزىدىن غايىپ بولغىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان ھالدا ئات باقارلىرىغا: «ئۇلارنى ماڭا كەلتۈرۈڭلار» دەپ ئەمىر قىلىپ، كەلتۈرۈلگەن ئاتلارنى سىلاپ تاردى. شۇنداق قىلىپ، رەببىنىڭ قۇدرەت ۋە سەنئىتىنىڭ گۈزەل تەجەللىسىنى كۆردى. بۇ ئايەتتىن شۇ مەنە چىقىدۇ. ئاتلار تۇرقى ۋە يۈگۈرۈش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىلاھىي قۇدرەت تەجەللىسىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئات: تارىخ بويىچە جەڭگىۋارلارنىڭ قەھرىمانلىق، زەپەر ۋە شان ـ شەرەپىنىڭ خوشخەۋەرچىسى ئىدى.

ئات: ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلغان ئالاھىدە مەخلۇقاتلىرىدىن بىرىدۇر:

وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا فَالْمُورِيَاتِ قَدْحًا فَالْمُغِيرَاتِ
صُبْحًا فَأَثَرْنَ بِهِ نَقْعًا فَوَسَطْنَ بِهِ جَمْعًا

"(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) **ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى،** (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) **تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە** (دۈشمەن ئۈستىگە) **باستۇرۇپ كىرگۈچى،** (قاتتىق چاپقانلىقتىن) **توپا ـ چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا ـ چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى."** (سۈرە ئادىيات 1 - ئايەتتىن 5 - ئايەتكىچە)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئات ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنىگىچە، ئاتلارنىڭ پېشانىلىرىگە خەير، يەنى ئەجىر ۋە غەنىمەت پۈتۈلگەن» (بۇخارى، «جىھاد»، 43؛ مۇسلىم، «ئىمارە»، 99 - 96)

«كىم ئاللاھقا ھەقىقى ئىشەنگەن ھالدا، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭ يولىدا جىھات قىلىش ئۈچۈن ئات بېقىپ تەييارلىق قىلسا، ئۇ ئاتنىڭ يېگەن ـ ئىچكىنى، ۋە تېزەك ـ سۈيدۈكلىرىمۇ قىيامەت كۈنىدە ئۇ كىشىنىڭ ساۋاپلىرى ئارىسىدا بولىدۇ.» (بۇخارى، «جىھاد»، 45؛ نەسەئى، «خايل»، 11)

ئات روھى جەھەتتىن ئىنسانغا ئەڭ يېقىن مەخلۇقتۇر. جەڭگە چىقىدىغان ئاتلىق ئەسكەر، ئاتنى ئۆزىنىڭ مىجەزىگە قاراپ تاللايدۇ. چۈنكى ئات دۈشمەن

ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى جەڭچى بىلەن بىللە ئوخشاش ھاياجاندا بولىدۇ. ئات ئەينى زاماندا بىر قۇدرەت تەجەللىسىدۇر. ۋۇجۇدىمۇ ئايرىم بىر تاناسىپتا.

## سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىلىنىشى

بىر كۈنى، ئاللاھ تائالا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنى سىناپ، ئۇشتۇمتۇت ھالدا پۈتۈن قۇدرىتىنى قولىدىن ئالدى. بۇ ئەھۋالنى قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ فَتَنَّا سُلَيْمَانَ وَأَلْقَيْنَا عَلَى كُرْسِيِّهِ جَسَدًا ثُمَّ أَنَابَ

**"بىز ھەقىقەتەن سۇلەيماننى سىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۇستىگە بىر جەسەتنى تاشلىدۇق، ئاندىن** ئۇ (بۇنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ) تەۋبە قىلدى." (سۇرە ساد، 34-ئايەت)

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن ھەممە نەرسە بىردىنلا ئېلىنىپ، ھېچ نەرسە قالمىدى.

ئايەتتە دېيىلگەن «فتنە» يەنى ئىمتىھان ھەققىدە ھەرخىل رىۋايەتلەر بار:

1. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ئەقسانى بەرپا قىلىش جەريانىدا، ئىشلىگەن سەنئەتكارلار ئىچىدە سەنئەتكارلىقىنىڭ ھىلىسىنى بىلىدىغان بىر قىسىم شەيتانلارنىڭ قوزغىغان توپىلىڭى تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل نوپۇزىنى يوقاتتى ياكى تەختىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى كۈچسىز بىر جەسەتكە ئوخشاش ھۆكۈمسىز قالدى ياكى تەختى ئىشغال قىلىنىپ، ئورنىغا 40 كۈن بويىچە مۇردىغا ئوخشايدىغان بىرى ئولتۇردى.

2. بىر رىۋايەتتە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئوغۇل بالا تۇغۇشىنى ۋە بۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھات قىلىشىنى ئارزۇ قىلدى. لېكىن «ئىنشائاللا» (ئاللاھ خالىسا) دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىشنى ئۇنۇتتى. بۇ سەۋەپتىن پەقەتلا بىر ئايالىدىن مېيىپ بىر ئوغول دۇنياغا كەلدى. (بۇخارى «ئەنبىيا»، 40، ئەيمان،3؛ مۇسلىم، «ئەنبىيا»، 23/1654)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن روھ، ئەسھابۇل كەھف ۋە زۇلقەرنەين ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سورالغاندا:

«ئەتە كېلىڭلار، ئېيتىپ بېرىمەن!» دېدى.

لېكىن «ئىنشائاللاھ» دېيىشنى ئۇنۇتتى. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر مەزگىل ۋەھيي كەلمىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَا تَقُولَنَّ لِشَيْءٍ إِنِّي فَاعِلٌ ذَلِكَ غَدًا إِلَّا أَن يَشَاء اللَّهُ
وَاذْكُر رَّبَّكَ إِذَا نَسِيتَ وَقُلْ عَسَى أَن يَهْدِيَنِ رَبِّي لِأَقْرَبَ مِنْ هَذَا رَشَدًا

**"سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، «ئەتە شۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېمەي «خۇدا خالىسا» دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن** (يەنى خۇدا خالىسا قىلىمەن دېگىن)، (خۇدا خالىسا دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى «خۇدا خالىسا» نى ئېسىڭگە كەلگەندە ئېيتقىن) **ھەمدە: «پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ يېقىن توغرا يولغا باشلىشىنى** (يەنى دىنىم، دۇنيايىمدا مېنى ئەڭ تۈزۈك ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى) **ئۈمىد قىلىمەن» دېگىن."** (سۈرە كەھف، 23-24-ئايەت)

3. يەنە بىر قاراشتا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئېغىر بىر كېسەل بىلەن ئىمتىھان قىلىنىپ، تەختىنىڭ ئۈستىدە جانسىز بىر بەدەنگە ئوخشاپ قالدى.

4. يەنە بىر رىۋايەتتە ئاللاھ تائالا ئىچىگە بىر قورقۇ سالدى. شۇنداقكى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بالايى-ئاپەت كېلىپ قېلىش ئەندىشىسى بىلەن قورقۇپ جانسىز بىر بەدەنگە ئوخشاپ قالدى.

كېيىن ئاللاھنىڭ لۇتفى بىلەن بۇرۇنقى ھالىغا كەلدى ۋە مۇنداق ئىستىغپار ئېيتتى:

قَالَ رَبِّ اغْفِرْ لِي وَهَبْ لِي مُلْكًا لَّا يَنبَغِي لِأَحَدٍ مِّنْ بَعْدِي إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ

**"سۇلەيمان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن** (مەندىن باشقا) **ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن»."**
(سۈرە ساد، 35-ئايەت)

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان كۈچىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشى، پەخىرلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى

زامانىدىكى زالىم پادىشاھلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دەۋرىدىكى پادىشاھلار، تەكەببۇرلۇقى بىلەن زۇلۇم قىلاتتى.

فەھرىددىن رازى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىغا مۇنداق مەنە بەردى: «رەببىم! ماڭا شۇنداق بىر مۈلۈك بەرگىنكى، مەن ئۇنىڭغا ئېرىشىپ ئۆلگەندىن كېيىن «دۇنيا مۈلكىنىڭ ۋاپاسى بولسا ئىدى، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا بولغان بولاتتى!» دەي، ھېچ كىم دۇنيا مال-مۈلكىگە ھېرىس قىلمىسۇن!»

بۇ ئىپادىلەردە، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى مەقسىتى دۇنيا مۈلكىنى ئەمەس، ئاخىرەت مۈلكىنى ئارزۇ قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان دەيدۇ:

مَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الْآخِرَةِ نَزِدْ لَهُ فِي حَرْثِهِ وَمَن كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الدُّنْيَا نُؤتِهِ مِنْهَا
وَمَا لَهُ فِي الْآخِرَةِ مِن نَّصِيبٍ

**"كىمكى** (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) **ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى** (ئەمەلى بىلەن) **دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە،** (ئۇنىڭ تىلىگەن) **مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە** (ساۋابتىن) **ھېچ نېسىۋە يوق."** (سۈرە شۇرا، 20 - ئايەت)

يەنە ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك ئاللاھ تائالا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى:

فَسَخَّرْنَا لَهُ الرِّيحَ تَجْرِي بِأَمْرِهِ رُخَاء حَيْثُ أَصَابَ وَالشَّيَاطِينَ كُلَّ بَنَّاء وَغَوَّاصٍ
وَآخَرِينَ مُقَرَّنِينَ فِي الْأَصْفَادِ

**"بىز سۇلەيمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شامال سۇلەيماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى. ھەمدە ئۇنىڭغا** (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) **قۇرغۇچى ۋە** (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە - مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) **غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. يەنە نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنغاندۇر."** (سۈرە ساد، 36 - 37 - 38 - ئايەت)

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئاللاھ تائالا بىنا سېلىش ۋە غەۋۋاسلىق قىلىش ئۈچۈن شەيتانلارنى (جىنلارنى) سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە بەردى. بۇ شەيتانلاردىن بىر قىسمى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن

بۈيۈك بىنالار، مەسجىدلەر، سارايلار، رەسىملەر، كۆلدەك چوڭلۇقتا ساپال قاچىلار، چوڭ قازانلار ياسىدى. بۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ كۈچى يەتمىدى. بۇ شەيتانلارنىڭ بىر قىسمى، دېڭىزدىن خىلمۇخىل نېمەتلەر، ئۈنچە-مارجانلار ۋە دېڭىزدىلا تېپىلىدىغان قىممەتلىك بۇيۇملارنى چىقاردى.

ئايەتتىكى: «نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنغان» ئىپادىسى ئىككى خىل مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. بىر قىسىم مۇپەسسىرلەر سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىكى قۇل ۋە ئەسىرلەر دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بۇ تەپسىرگە قارىغاندا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قۇل ۋە ئەسىرلەرنى قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن باغلىدى.

2. بىر قىسىم مۇپەسسىرلەر، بۇ ئىپادىدە بەزى شەيتانلارنىڭ (جىنلارنىڭ) سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ ئىشلىشى ۋە جازالىنىشى ئۈچۈن ئىشكەل سېلىنغان دەپ قارايدۇ. مۇپەسسىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ قاراشنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىبنى كەسىرمۇ ئىككىنچى قاراشنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىشكەل سېلىنغانلارنىڭ شەيتانىنىڭ جاھىل، ئىسيانكار، ئىش قىلىشتىن قاچىدىغان قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق بىر قۇدرەت ۋە تەنتەنە بەرگەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كەڭرى بىر تاسارۇپ (خىراجەت) قىلىش سالاھىيىتىنىمۇ بەرگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

هَذَا عَطَاؤُنَا فَامْنُنْ أَوْ أَمْسِكْ بِغَيْرِ حِسَابٍ وَإِنَّ لَهُ عِندَنَا لَزُلْفَى وَحُسْنَ مَآبٍ

" (بىز سۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى) **«بۇ بىزنىڭ** (ساڭا بەرگەن كەڭ) **ئاتايىمىز، (ئۇنىڭدىن سەن خالىغان كىشىگە) بەرگىن، ياكى بەرمىگىن، (بۇ ھەقتە سەندىن) ھېساب ئېلىنمايدۇ» ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ھەقىقەتەن يېقىنلىققا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولىدۇ."** (سۇرە ساد، 39-40-ئايەت)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«جىنلاردىن بىرى، تۈنۈگۈن كەچتە نامىزىمنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇستۇمگە ئاتىلدى. ئاللاھ تائالا ئىمكان بەردى، مەن ئۇنى تۇتىۋالدىم. ھەتتا تاڭ ئاتقاندا سىلەرنى كۆرسۇن دەپ ئۇنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرىگە باغلاپ قويۇشنى

ئارزۇ قىلدىم. لېكىن قېرىنداشىم سۇلەيمان ئەلەيھسسالامنىڭ شۇ سۆزىنى خاتىرلىدىم:

"سۇلەيمان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا مەندىن كېيىن (مەندىن باشقا) ھېچ ئادەمگە مۇيەسسەر بولمايدىغان پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن كۆپ ئاتا قىلغۇچىسەن» (سۈرە ساد، 35-ئايەت) ئاللاھ ئۇنى خور قىلغان ھالدا ئەسلىگە قايتۇردى.» (بۇخارى، «سالات»، 75، «ئەنبىيا»، 40؛ مۇسلىم، «مەساجىد»، 39/541)

سۇلەيمان ئەلەيھسسالام ئۆزىگە بۇ قەدەر مۈلۈك ۋە سەلتەنەت بېرىلگەن بولسىمۇ، دائىم كەمتەرلىك ئىچىدە قۇللۇق قىلىپ، قەلبىنى دۇنيادىن بىھاجەت قىلىشنى بىلدى. ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتى مۇنداق بايان قىلىندى:

«سۇلەيمان ئەلەيھسسالام ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان بۇ نېمەتلەر ئالدىدا ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىتائەتمەنلىكى سەۋەپتىن ۋاپاتىغا قەدەر ئاسمانغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ باقمىدى.» (ئىبنى ئەبى شەيبە، «مۇسەننەپ»، ج. 8، 118)

## بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ بىنا قىلىنىشى

داۋۇد ئەلەيھسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، لېكىن بۇنىڭغا ئۆمرى يار بەرمىدى. سۇلەيمان ئەلەيھسسالام جىنلارنى يىغدى. ئۇلار بىلەن بەيتىل مەقدىسنىڭ قۇرۇلۇشىنى قالغان يەردىن داۋاملاشتۇردى. ئەتراپىغا ئون ئىككى مەھەللىسى بولغان بىر شەھەر قۇردى. (مىلادىدىن بۇرۇنقى 953 ياكى 967)

دەسلەپتە بەيتىل مەقدىس دەپ ئاتالغان بۇ مابەدنىڭ ئىسمى كېيىن مەسجىدى ئەقسا بولدى. پەزىلىتى جەھەتتىن ئۈچ ئۇلۇغ مەسجىددىن بىرىدۇر. بۇ ئۈچ مەسجىدنىڭ بىرىنجىسى مەسجىدى ھەرەم (كەئبە)، ئىككىنجىسى مەسجىدى نەبەۋى، ئۈچىنجىسى بولسا مەسجىدى ئەقسادۇر.

مۇقەددەس ئامانەت ۋە تەۋرات لەۋھەلىرى قويۇلغان تابۇت بۇ مەسجىدتە ئىدى.

بەيتۇل مۇقەددەس سۇلەيمان ئەلەيھسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر قانچە قېتىم بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ مىلادىدىن بۇرۇن 586-يىللاردا بۇختۇنناسار (نابۇكەتنازار) قۇددۇسقا كىردى ۋە شەھەرگە ئوت قويۇپ بەردى. مەسجىدى ئەقسانىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى بابىلغا ئېلىپ كەتتى.

بەيتۇل مۇقەددەس ئۇزۇن يىللار رىمنۇت قىلىنالمىدى. پارىسلار بابىلىلىقلارنى يېڭىپ، يەھۇدىيلارنىڭ قايتىدىن بۇرۇنقى تۇپراقلىرىغا قايتىشىغا ۋە بەيتۇل مۇقەددەسنى يېڭىلىشىغا رۇخسەت بەرگىنىدە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 515 - يىللاردا بەيتۇل مۇقەددەسنى ئىككىنچى قېتىم يېڭىلىدى. لېكىن مىلادىدىن كېيىنكى 70 - يىللاردا رىملىقلار بوزۇپ، ئوت قويۇپ بەردى. بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ ئورنى ئۇزۇن يىللار بىكار قالدى، لېكىن بۇ مۇبارەك ماكان يەنىلا بىر ئىبادەت ئورنى دەپ قارىلىپ، مۇھاپىزەت قىلىندى. مىلادى 637 - يىلى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ يەرگە بىر مەسجىد سالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. 691 - يىلى ئەمەۋى خەلىپىسى ئابدۇل مەلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجدا دەسسىگەن يېرىگە «قۇببەتۇسسەھرا»نى، يېنىغا مەسجىدى ئەقسانى سالدۇردى، ئۇنىڭ ئوغلى 1 - ۋەلىد زامانىدا بىنا تاماملاندى. مەسجىدى ئەقسا كۆنىمىزگىچە نۇرغۇن قېتىم رىمونت قىلىندى.

❀

مەسجىدى ئەقسا دىنىمىزدا مۇقەددەس ۋە يۇقىرى پەزىلەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ تۇنجى قىبلىسىدۇر. مۇسۇلمانلار ھىجرەتنىڭ ئون ئالتىنچى ئېيىغا قەدەر مەسجىدى ئەقساغا قاراپ ناماز ئوقۇدى. يەنە بىر تەرەپتىن «ئىسرا ۋەقەسى»نىڭ ئاخىرلىشىپ، مىراجنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىمۇ بۇ مەسجىدى ئەقسا بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«(زىيارەت قىلىش مەقستى بىلەن) پەقەت ئۈچ مەسجىدكە سەپەر قىلىنىدۇ: مەسجىدى ھەرەم، مېنىڭ مەسجىدىم ۋە مەسجىدى ئەقسا.» (بۇخارى، «فەزائىلۇس سالات»، 6؛ مۇسلىم، «ھەج»، 288/827)

باشقا بىر ھەدىس شەرىپتە:

«سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بەيتۇل مۇقەددەسنى بىنا قىلغاندا، ئاللاھ تائالادىن ئۈزىگە ئۈچ ئالاھىدىلىكنىڭ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى:

- ئىلاھىي ھۆكۈمگە لايىق ھۆكۈم بېرىشكە ئادەتلىنىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئۇنىڭغا بېرىلدى.

- ئۆزىدىن كېيىن ھېچكىمگە بېرىلمەيدىغان بىر سەلتەنەت تەلەپ قىلدى. بۇمۇ ئۇنىڭغا بېرىلدى.

- مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، بۇ مەسجىدكە پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ، ئۇنىڭدىن چىققاندا ئانىدىن تۇغۇلغان

كۈندىكىدەك پۈتۈن گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغان ھالدا چىقىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ دۇئاسىمۇ قوبۇل قىلىندى.» (نەسەئى، «مەساجىد»، 6؛ ئىبنى ماجە، «ئىقامەتۇس ـ سالات»، 196/1408)

## سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ۋە چۈمۈلىلەر

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَحُشِرَ لِسُلَيْمَانَ جُنُودُهُ مِنَ الْجِنِّ وَالْإِنسِ وَالطَّيْرِ فَهُمْ يُوزَعُونَ حَتَّى إِذَا أَتَوْا عَلَى وَادِي النَّمْلِ قَالَتْ نَمْلَةٌ يَا أَيُّهَا النَّمْلُ ادْخُلُوا مَسَاكِنَكُمْ لَا يَحْطِمَنَّكُمْ سُلَيْمَانُ وَجُنُودُهُ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ

**"سۇلايماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى (سۇلايمان ئەلەي ىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەبدەبە بىلەن ماڭاتتى). ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار (شامدىكى بىر) چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كىتىڭلار، سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن».**" (سۈرە نەمل، 17 - 18 - ئايەت)

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سەلتەنىتى كاتتا سەلتەنەتتۇر، ئېزىلىپ كېتىسىلەر! ئۇۋاڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار! دېدى.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ:

«ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ سەلتەنىتىم ئۆتكۈنچىدۇر! مېنىڭ دۇنياۋى ھاياتىممۇ چەكلىكتۇر. بىر تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ كەلتۈرگەن سائادىتى بولسا چەكسىزدۇر!» دېدى.

بۇ ئەھۋالنى قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

فَتَبَسَّمَ ضَاحِكًا مِّن قَوْلِهَا وَقَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ وَأَدْخِلْنِي بِرَحْمَتِكَ فِي عِبَادِكَ الصَّالِحِينَ

**"سۇلايمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر**

**قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن».** (سۈرە نەمل، 19 - ئايەت)

ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام پۈتۈن سەلتەنەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ كەمتەر ۋە قۇللۇق تۇيغۇسىدا ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئىلتىجا قىلدى.

❀

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئوغلۇم! كېچىلىرى كۆپ ئۇخلىما! چۈنكى كېچىلىرى كۆپ ئۇخلاش، قىيامەت كۈنى ئىنساننى پېقىر قىلىدۇ» (ئىبنى ماجە، «ئىقامەتۇس-سالاھ»، 174/1332)

وَتَفَقَّدَ الطَّيْرَ فَقَالَ مَا لِيَ لَا أَرَى الْهُدْهُدَ أَمْ كَانَ مِنَ الْغَائِبِينَ

**"ئۇ قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ! يا ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ."** (سۈرە نەمل، 20 - ئايەت)

ئاۋۋال: «ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ!» دەپ شەپقەت بىلەن ھۆپۈپنى ئىزدىگەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئۆزىدىن رۇخسەت ئالماستىن ئايرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، قوشۇنىدىكى ئەسكىرى نىزام قانۇنى بويىچە مۇنداق دېدى:

لَأُعَذِّبَنَّهُ عَذَابًا شَدِيدًا أَوْ لَأَذْبَحَنَّهُ أَوْ لَيَأْتِيَنِّي بِسُلْطَانٍ مُّبِينٍ

**"ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم** (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) **بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ»"** (سۈرە نەمل، 21 - ئايەت)

فَمَكَثَ غَيْرَ بَعِيدٍ فَقَالَ أَحَطتُ بِمَا لَمْ تُحِطْ بِهِ وَجِئْتُكَ مِن سَبَإٍ بِنَبَإٍ يَقِينٍ

**"ئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ كەلدى، ئۇ ئېيتتى: «مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ** (كەلدىم)، **ساڭا مەن سەبەدىن** (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھىرىدىن) **بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم."** (سۈرە نەمل، 22- ئايەت)

سەبە يەمەندە بوۋىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن خاتىرىلەنگەن بىر قەبىلىنىڭ ئىسمىدۇر. سەبە شەھىرى، بىلقىسنىڭ ھۆكۈمدارلىقىدىكى دۆلەتنىڭ پايتەختى ئىدى. بۇ ئەھۋالنى قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

لَقَدْ كَانَ لِسَبَإٍ فِي مَسْكَنِهِمْ آيَةٌ جَنَّتَانِ عَن يَمِينٍ وَشِمَالٍ
كُلُوا مِن رِّزْقِ رَبِّكُمْ وَاشْكُرُوا لَهُ بَلْدَةٌ طَيِّبَةٌ وَرَبٌّ غَفُورٌ

**"شۈبھىسىزكى، سەبە قەۋمىگە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايىدا** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك) **دەلىل بار ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار، سول تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار بار ئىدى.** (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) **«پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار،** (سىلەرنىڭ جايىڭلار) **بەلەن جايدۇر،** (سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى) **مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر."** (سۈرە سەبە، 15- ئايەت)

ھۆپۈپ كۆرگەنلىرىنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇردى:

إِنِّي وَجَدتُّ امْرَأَةً تَمْلِكُهُمْ وَأُوتِيَتْ مِن كُلِّ شَيْءٍ وَلَهَا عَرْشٌ عَظِيمٌ

**"مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا** (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) **بىر ئايالنىڭ** (يەنى بىلقىسنىڭ) **پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا** (ئۆزىگە ۋە سەلتەنەتىگە كېرەكلىك) **ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ تەرشكە ئىگە ئىكەن."** (سۈرە نەمل، 23- ئايەت)

وَجَدتُّهَا وَقَوْمَهَا يَسْجُدُونَ لِلشَّمْسِ مِن دُونِ اللَّهِ وَزَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُ أَعْمَالَهُمْ
فَصَدَّهُمْ عَنِ السَّبِيلِ فَهُمْ لَا يَهْتَدُونَ

**"ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئاللاھنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى** (يەنى ئاللاھنى قويۇپ، قۇياشقا

چوقۇنغانلىقلىرىنى) **چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ."** (سۈرە نەمل، 24-ئايەت)

أَلَّا يَسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي يُخْرِجُ الْخَبْءَ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَيَعْلَمُ مَا تُخْفُونَ وَمَا تُعْلِنُونَ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ

**"ئۇلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھقا سەجدە قىلمايدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»."** (سۈرە نەمل، 25-26-ئايەت)

قَالَ سَنَنظُرُ أَصَدَقْتَ أَمْ كُنتَ مِنَ الْكَاذِبِينَ

**"سۇلايمان ئېيتتى: «سەن راست دەۋاتامسەن، يا يالغانمۇ؟ قارايمىز."**
(سۈرە نەمل، 27-ئايەت)

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تامغىسى بار ئىدى. ئۈزۈك تېشى شەكلىدىكى بۇ تامغىنى بارمىقىغا سالغاندا پۈتۈن مەخلۇقات ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ تامغىنىڭ ئۈستىدە «لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن خەت بار ئىدى.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام «بىسمىللاھ» بىلەن باشلانغان بىر مەكتۇپ يېزىپ، ئۈستىگە تامغىسىنى باسقان ھالدا ھۆپۈپكە بېرىپ مۇنداق دېدى:

اذْهَب بِّكِتَابِي هَذَا فَأَلْقِهْ إِلَيْهِمْ ثُمَّ تَوَلَّ عَنْهُمْ فَانظُرْ مَاذَا يَرْجِعُونَ

**"بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا تاشلىغىن، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق** (جايدا يوشۇرۇنۇپ) **تۇر، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىغىن»."** (سۈرە نەمل، 28-ئايەت)

ھۆپۈپ مەكتۇپنى ئېلىپ، بىلقىسنىڭ تەختى ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى بىر چەتتە قاراپ تۇردى.

سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان بىلقىس تەختىنىڭ ئۈستىدىكى مەكتۇپنى كۆرۈپ، نەدىن كەلگەنلىكىگە ھەيران قالدى. چۈنكى ئىشىكلەر ئېتىك ئىدى. مۇھاپىزەتچىلىرىدىن:

«بۇ مەكتۇپ نەدىن كەلدى؟» دەپ سورىدى.

ئۇلار:

«بىز ئىشىكنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇردۇق. ھېچكىم ئىچىگە كىرمىدى!» دېيىشتى.

بىلقىس ھەيرانلىق ئىچىدە مەكتۇبنى ئوقۇپ ھەيران قالدى. دەرھال قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنى يىغىپ:

قَالَتْ يَا أَيُّهَا المَلَأُ إِنِّي أُلْقِيَ إِلَيَّ كِتَابٌ كَرِيمٌ

إِنَّهُ مِن سُلَيْمَانَ وَإِنَّهُ بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

**"ئۇ** (يەنى بىلقىس) **ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلايماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى.** (ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇكى) **ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن."** (سۈرە نەمل، 29 - 30 - ئايەت)

بەزى مۇپەسسىرلەر بىلقىسنىڭ مەكتۇپقا قىلغان ھۆرمىتى نەتىجىسىدە ھىدايەت بىلەن شەرەپلەنگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

سېھىگەرلەرمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

«ئى مۇسا! ئاۋۋال سەن ئاتامسەن ياكى بىز ئاتامدۇق؟» دەپ ھۆرمەت بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلدى، نەتىجىدە ئىمان بىلەن شەرەپلەندى.

بۇنىڭ ئەكسىچە خىسراۋ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدايەتكە دەۋەت مەكتۇبىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا يىرتىپ يەرگە تاشلىغانلىقى ۋە ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈچۈن سەلتەنىتى پارچىلىنىپ، ھاياتى كۇفۇر بىلەن ئاخىرلىشىپ، بەدبەختلەردىن بولدى.

ئەھلۇللاھتىن بىشرى ھەفى، ئۈستىدە "ئاللاھ" ئىسمى يېزىلغان بىر قەغەزنى يەردىن ئېلىپ، پاكىزلاپ گۈزەل ئەترلەرنى سەپكەن ھالدا ئۆيىنىڭ ئەڭ گۈزەل يېرىگە ئاستى. بۇ ھۆرمىتى تۈپەيلىدىن بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى بۈيۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتۈردى، سالىھلەر كارۋىنىغا قوشتى.

بىلقىس مەكتۇپنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

أَلَّا تَعْلُوا عَلَيَّ وَأْتُونِي مُسْلِمِينَ

**"سىلەر ماڭا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭلار، مېنىڭ ئالدىمغا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار» ."** (سۈرە نەمل، 31 - ئايەت)

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام مەكتۇبنى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلاپ، بىلقىسقا ئىبادەتنىڭ پەقەت يالغۇز ئاللاھقىلا قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھەق دىنىنى بايان قىلغاندىن كېيىن «ماڭا قارشى تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار!» دېيىش ئارقىلىق نەپسىنى ھېسابقا چاقىردى. «ماڭا مۇسۇلمان بولغان ھالدا كېلىڭلار!» دېدى. بۇ شەكىلدە پۈتۈن سائادەتنىڭ ئىسلامدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

قَالَتْ يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ أَفْتُونِي فِي أَمْرِي مَا كُنتُ قَاطِعَةً أَمْرًا حَتَّى تَشْهَدُونِ قَالُوا نَحْنُ أُوْلُوا قُوَّةٍ وَأُولُوا بَأْسٍ شَدِيدٍ وَالْأَمْرُ إِلَيْكِ فَانظُرِي مَاذَا تَأْمُرِينَ

**"ئۇ** (يەنى بىلقىس) **ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ** (بۇ) **ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۇستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق» ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز، ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر،** (بىزنى) **نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى** (ئويلاپ) **كۆرگىن» ."** (سۈرە نەمل، 32 - 33 - ئايەت)

قَالَتْ إِنَّ الْمُلُوكَ إِذَا دَخَلُوا قَرْيَةً أَفْسَدُوهَا وَجَعَلُوا أَعِزَّةَ أَهْلِهَا أَذِلَّةً وَكَذَلِكَ يَفْعَلُونَ وَإِنِّي مُرْسِلَةٌ إِلَيْهِم بِهَدِيَّةٍ فَنَاظِرَةٌ بِمَ يَرْجِعُ الْمُرْسَلُونَ

**"ئۇ** (يەنى بىلقىس) **ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى** (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن) **خار قىلىدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. مەن چوقۇم ئۇلارغا سوۋغا ئەۋەتىمەن، ئەلچىلەرنىڭ نېمە خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارايمەن» ."** (سۈرە نەمل، 34 - 35 - ئايەت)

ھۆپۈپنىڭ ئېلىپ بارغان مەكتۇبى بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن: «ماڭا قارشى چىقمىغىن، بويسۇنغان ھالدا ماڭا كەلگىن!» دېگەن يول - يورۇقنى ئالغان

بىلقىس، ئەھۋالنى خەلقىنىڭ چوڭلىرى يەنى مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى، نەتىجىدە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قىممەتلىك بۇيۇملار تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىپ قېلىش قارارىغا كەلدى.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام، ئۇلارنىڭ ئۆز ھەدىيەسىگە ئىشەنگەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇ ھەدىيەلەرنى پارا ماھىيىتىدە كۆرۈپ، تەھدىت شەكلىدە ھەدىيەلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى:

فَلَمَّا جَاء سُلَيْمَانَ قَالَ أَتُمِدُّونَنِ بِمَالٍ

فَمَا آتَانِيَ اللَّهُ خَيْرٌ مِّمَّا آتَاكُم بَلْ أَنتُم بِهَدِيَّتِكُمْ تَفْرَحُونَ

**"سەن قايتىپ كەتكىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر قوشۇن بىلەن چوقۇم بارىمىز، ئۇلارنى يۇرتىدىن خار، كەمسىتىلگەن ھالدا چوقۇم چىقىرىۋېتىمىز».**" (سۈرە نەمل، 37- ئايەت)

ئەلچىلەر مەلىكىگە كېلىپ، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتتى. ئۇ:

«نىيىتىمىزنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ! ھەقىقەتەن ئۇ پەقەت بىر پادىشالا ئەمەسكەن، بىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيمىز!» دېيىش ئارقىلىق قايتىدىن بىر ئەلچى ئەۋەتكەن ھالدا:

«قەۋمىمنىڭ چوڭلىرى بىلەن ئالدىڭغا كېلىۋاتىمەن. بۇيرۇقۇڭ ۋە دەۋەت قىلغان دىنىنى كۆرۈپ بېقىشنى خالايمەن!» دەپ خەۋەر يوللىدى.

بىلقىس مەشھۇر تەختىنى سارايىنىڭ ئەڭ پۇختا ھوجرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشىكلىرىنى قۇلۇپلاپ، نۇرغۇن ئادەملىرى بىلەن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ يولغا چىقتى.

بۇ ئەسنادا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەردىن بىلقىسنىڭ سەبەدىكى تەختىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى. مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدىكى مەقسەت مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى:

1. بىلقىس ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بىر مۆجىزە ۋە بۇرۇنقى دەلىللەرگە قوشۇپ يېڭى بىر دەلىل كۆرسىتىش.

2. كەلتۈرگەن تەختنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئارقىلىق بۇنى تونۇپ-تونۇيالمايدىغانلىقىغا قاراپ، بىلقىسنىڭ ئەقلىنى سىناش.

3. تەخت بىر پادىشاھلىق ئالامىتىدۇر. بىلقىس كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىش، (فەھرىددىن رازى، «تەپسىر»، 24، 169)

قَالَ نَكِّرُوا لَهَا عَرْشَهَا نَنظُرْ أَتَهْتَدِي أَمْ تَكُونُ مِنَ الَّذِينَ لَا يَهْتَدُونَ

**"سۇلايمان** (بىلقىسنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىنلاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناش يۈزىسىدىن) **ئېيتتى: «ئۇنىڭ** (يەنى بىلقىسنىڭ) **تەختىنىڭ** (شەكلىنى) **ئۆزگەرتىڭلار، ئۇ تەختىنى تونۇمدۇ، تونىمامدۇ، قارايمىز»."** (سۈرە نەمل، 41-ئايەت)

تەخت قىسقا ۋاقىتتا كەلتۈرۈلدى. بۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان بىر ۋاقىت ئىدى. ھالبۇكى تەخت كەلتۈرۈلگەن يەرنىڭ يىراقلىقى، بىر رىۋايەتكە قارىغاندا ئۈچ كۈنلۈك (سەبە بىلەن سانا ئارىسى)، يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا ئىككى ئايلىق (سەبە بىلەن شام ئارىسى)، باشقا بىر رىۋايەتتە سەبە بىلەن قۇددۇس ئارىسىغىچە بولغان مۇساپىدۇر. تەختىنىڭ بۇ قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كەلتۈرۈلىشى نورمال ھادىسە ئەمەس بەلكى بىر كارامەتتىن ئىبارەت.

فَلَمَّا جَاءَتْ قِيلَ أَهَكَذَا عَرْشُكِ قَالَتْ كَأَنَّهُ هُوَ وَأُوتِينَا الْعِلْمَ مِن قَبْلِهَا وَكُنَّا مُسْلِمِينَ
وَصَدَّهَا مَا كَانَت تَّعْبُدُ مِن دُونِ اللَّهِ إِنَّهَا كَانَتْ مِن قَوْمٍ كَافِرِينَ

**"بىلقىس كەلگەندە** (ئۇنىڭغا)**: «سېنىڭ تەختىڭ مۇشۇنداقمۇ؟» دېيىلدى. ئۇ: «شۇدەك تۇرىدۇ» دېدى.** (سۇلايمان ئاللاھنىڭ نېمىتىنى سۆزلەش يۈزىسىدىن ئېيتتى) **ئۇنىڭدىن** (يەنى بىلقىستىن) **بۇرۇن بىزگە** (ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرىدىغان) **ئىلىم بېرىلدى، بىز مۇسۇلمان بولدۇق. ئۇنى ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسىلىرى** (ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن) **توستى. چۈنكى ئۇ كاپىر قەۋمدىن ئىدى."** (سۈرە نەمل، 42-43-ئايەت)

قِيلَ لَهَا ادْخُلِي الصَّرْحَ فَلَمَّا رَأَتْهُ حَسِبَتْهُ لُجَّةً وَكَشَفَتْ عَن سَاقَيْهَا قَالَ إِنَّهُ صَرْحٌ مُّمَرَّدٌ مِّن قَوَارِيرَ قَالَتْ رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي وَأَسْلَمْتُ مَعَ سُلَيْمَانَ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ

**"ئۇنىڭغا** (يەنى بىلقىسقا)**: «سارايغا كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ** (يەنى بىلقىس) **سارايىنى چوڭ سۇ دەپ گۇمانلىنىپ** (كىيىمىنى كۆتۈرۈپ) **ئىككى پاچىقىنى ئاچتى، سۇلايمان ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، ئۇ ئەينەكتىن ياسالغان سارايدۇر». ئۇ** (يەنى بىلقىس) **ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم، مەن ھەقىقەتەن** (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ، قۇياشقا چوقۇنۇش بىلەن) **ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، سۇلايمان بىللە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا بويسۇندۇم** (يەنى سۇلايماننىڭ دىنىغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىردىم)**»."** (سۈرە نەمل، 44-ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام سەبە مەلىكىسى بىلقىس كېلىشتىن بۇرۇن، بىر ساراي بىنا قىلدۇرغان ئىدى. بۇ سارايىنىڭ ھويلىسى خرۇستالدىن ياسالغان، ئاستىدىن سۇ ئاقىدىغان، سۇغا بېلىقلار قويۇلغان ئىدى. بىلقىس زېمىنىنىڭ سۈزۈك بىر ماددە ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتمەي سۇدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يوپكىسىنى كۆتۈرگەن ئىدى. پۈتۈن بۇ تەدبىرلەر ئۇنىڭ ئەقىل ۋە ئىلىمگە بولغان ئىشەنچىسىنى قاپلىغان بولۇپ، كۆڭلىنى ئىلاھىي تەربىيەنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلاش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىلقىس بۇنىڭ بىر ئىنسانى غەيرەت بولمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇ يەردە ئەزىمەتى ئىلاھىييەنى كۆردى ۋە مۇسۇلمان بولدى.

## سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا بىر ھاسىغا تايانغان ھالدا تۇراتتى. بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ھېچكىم پەرق ئەتمىدى. ھەتتا بىر ياغاچ قۇرتى ئۇنىڭ ھاسىسىنى يەپ، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام يەرگە يىقىلىش بىلەن ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَلَمَّا قَضَيْنَا عَلَيْهِ الْمَوْتَ مَا دَلَّهُمْ عَلَى مَوْتِهِ إِلَّا دَابَّةُ الْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ الْجِنُّ أَن لَّوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ الْغَيْبَ مَا لَبِثُوا فِي الْعَذَابِ الْمُهِينِ

**"سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا** (يەنى ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا) **سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان** (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) **يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا** (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) **قالمىغان بولاتتى."** (سۇرە سەبە، 14-ئايەت)

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە، جەسىدىنىڭ ئۇزۇن زامان ھاسىسىغا تايانغان ھالدا قالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئايەتتە جىنلار ھەققىدىكى «خار قىلغۇچى ئازاپتا قالمىغان بولاتتى» تەبىرى، ئۇلارنىڭ قىيىن ئىشلاردا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئۇلار سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ھاياتىدىكىگە ئوخشاش يەنە قىيىن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ يەردە جىنلارنىڭ غەيىپنى بىلمەيدىغانلىقى دېيىلىدۇ.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش ۋاپاتىمۇ تەۋھىدكە دەۋەت ماھىيىتىدە ئىدى. چۈنكى ۋاپاتى ئارقىلىق ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر جانلىقنىڭ غەيبنى بىلەلمەيدىغانلىقىنى، پەقەتلا ئاللاھنىڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلەن بۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تەبلىغ قىلدى. ئاللاھ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىنى ناھايىتى ئاجىز بىر جانلىق بولغان ياغاچ قۇرتى ۋاستىسى ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرۈپ، غەيىپنى بىلىدىغانلىقىنى داۋا قىلغان جىنلارنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى سىرتىدا ھېچ بىر نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، كۆپ مال-دۇنيا ۋە سەلتەنەتكە ئىگە بولغان سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرغان ھالدا ۋاپات بولۇشى، نەقەدەر ئويغا سالىدىغان بىر تەجەللى ۋە ئىبرەتتۇر. ئەسلىدە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەر، كەيىندىن كەلگەن ئۈممەتلەرگە ئىبرەتتۇر.

دۇنيانىڭ پانىيلىقى ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتا سەلتەنىتىنىڭمۇ ئۆتكۈنچى بولۇپ تۈگىگەنلىكى نەسىھەت شەكلىدە ماقال تەمسىل ھالىغا كەلگەن. زىيا پاشا بىر مىسراسىدا مۇنداق دەيدۇ:

تەختى ھاۋادا يۈردى، دەرلەر سۇلەيماننىڭ،

ئەمدى ھېچ ئىز قالمىدى، ئۇ سەلتەنەتنىڭ.

يۇنۇس ئەمرە ماقال تەمسىل ھالىغا كەلگەن بىر بېيىتىدا مۇنداق دەيدۇ:

مال ئىگىسى مۈلۈك ئىگىسى،

قەيەردە بۇنىڭ تۇنجى ئىگىسى،

مالمۇ يالغان مۈلۈكمۇ يالغان،

يۆر، ماڭ، سەنمۇ بىرئاز ئالدان.

## سەلتەنەت ۋە كەمتەرلىك

سۇلەيمان ئەلەيھسسالام ناھايىتى كەمتەر ئىدى. ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، پېقىرلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ:«پېقىر پېقىرنىڭ قاياشى» دەيتتى.

خەلق ئىچىدە سۇلەيمان ئەلەيھسسالام بىلەن قۇشقاچ ئارىسىدا ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ۋەقە نەقىل قىلىنىدۇ:

«بىر كۈنى سۇلەيمان ئەلەيھسسالام قۇشقاچنى (ياكى ھۆپۈپ قوشنى) ئازارلىدى. قۇشقاچ سۇلەيمان ئەلەيھسسالامغا تەھدىت قىلىپ:

«سېنىڭ سەلتەنىتىڭ ۋە سارايىڭنى يوق قىلىۋېتىمەن! دېدى.

سۇلەيمان ئەلەيھسسالام :

«سېنىڭ مېنىڭ سارايلىرىمنى يوق قىلىۋەتكىدەك قانداق كۈچۈڭ بار؟» دېدى.

ئۇ كىچىك قۇش مۇنداق جاۋاپ بەردى:

«قاناتلىرىمنى ھۆل قىلىپ، بىر ۋەقىپنىڭ تۇپرىقىغا سۈرتىمەن، ئاندىن قاناتلىرىمغا ملەنگەن ۋەقىپ تۇپراقلىرىنى سېنىڭ سارايىڭنىڭ تېمىغا سۈرتىمەن. مەن توشۇغان ۋەقىپ تۇپرىقى، سېنىڭ سارايىڭنىڭ ۋەيران بولۇشىغا يېتىدۇ!»

بۇ قىسسىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ۋەقىپ ماللىرىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا قارىتا دىققەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن يېقىنلىششىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. شۇڭا بۈيۈكلىرىمىز «ۋاللاھى» (يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ، ئەھمىيەتسىز يەرگە قەسەم قىلىشتىن، مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىغالمىغان بىر ۋالى بولۇشتىن، ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان بىر ئامانەتچى بولۇشتىن) ھەزەر قىلىڭلار دېگەن.

بۇ يەردىكى ھەزەر قىلىشتىن مەقسەت، بۇ مۇئەسسەسەلەردە ئىشلىگەنلەرنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقىغا دىققەت قىلىشدىن ئىبارەت. چۈنكى ۋەقىپ مىلى، بىرىگە مۈلۈك قىلىپ بېرىش ۋە شەخسى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇشتىن مەنئى قىلىنىدىغان، ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا، پايدىسى مۆمىنلەرگە بولغان مۇقىم ۋە كۆچمە مۈلۈكتىن ئىبارەتتۇر.

بەزى رىۋايەتلەردە، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن 500 يىل كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. چۈنكى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا بۈيۈك سەلتەنەت ۋە كۆپ بايلىق بېرىلگەن. بۇ سەۋەپتىن بۇلارنىڭ ھېسابىنى بېرىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كېتىدىغانلىقى، باشقا پەيغەمبەرلەردىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئايەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ھېساپ بېرىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ:

فَلَنَسْأَلَنَّ الَّذِينَ أُرْسِلَ إِلَيْهِمْ وَلَنَسْأَلَنَّ الْمُرْسَلِينَ

**"بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن** (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) **سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە** (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) **سورايمىز."** (سۈرە ئەئراف، 6 - ئايەت)

## سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن

ئون ئىككى قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان بەنى ئىسرائىل، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلاردىن ئون قەبىلىدىن ئىسرائىل دۆلىتى، قالغان ئىككى قەبىلىدىن يەھۇدى دۆلىتى قۇرۇلدى.

ئون قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان ئىسرائىل دۆلىتىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 721 - يىلى ئاسۇرىلار مونوپول قىلدى. ئىككى قەبىلىدىن تەشكىل قىلغان يەھۇدى دۆلىتى بولسا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 586 - يىلى بابىل ھۆكۈمدارى بۇختۇننەسىر تەرىپىدىن مونوپول قىلىندى. بۇختۇننەسىر قۇددۇس شەھرىنى كۆيدۈرۈپ، خەلقىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىنى بابىلغا سۈرگۈن قىلدى. بۇ زالىم، نەمرۇتتىن كېيىن دۇنيا ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالغان ئىككىنچى ئىنسىز ھۆكۈمداردۇر. بۇ زالىم بابىلنى بىنا قىلىپ، دۆلىتىنىڭ مەركىزى قىلدى. شەرق

ۋە غەربتە ئۆزگە قارشى چىقالىغىدەك كىشى قويمىدى. بۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى تەڭرى دەپ ئېلان قىلدى. نەتىجىدە، ئېلىشىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ بىر كاللا ئىكەنلىكىنى خىيال قىلىشقا باشلاپ، يەتتە يىل ئورمانلاردا ئايلىنىپ يۈردى. بۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئايالى يۈرگۈزدى. ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل بۇرۇن ئەقلىگە كېلىپ كېيىن ۋاپات بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بۇختۇننەسىر قۇددۇس شەھرىنى بىر قانچە قېتىم تالان-تاراج قىلىپ، تەۋرات ۋە زەبۇرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەۋراتنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنتۇلدى. خاتىرىدا قالغانلار يېزىلىشقا باشلىغاندا تەۋرات ئەسلى ھالىتىنى يوقۇتۇپ، بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان رىسالىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 500 - يىللاردا ياشىغان ئەزرا (ئۇزەير)، يېزىلغان بۇ تەۋراتلارنى يىغدى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلۇشىدا تېپىلدى. ھازىرقى يەھۇدى چۈشەنچىسىدە ئۇ زامانغىچە يوقاپ كەتكەن تەۋراتنى، رەب يەھۇدا، ئەزرا (ئۇزەير) غا يېڭىدىن ۋەھى قىلىپ يازدۇردى.

ئىران ھۆكۈمدارى نۆشەك (كورەش ياكى جيرۇس) بابىللىقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بەنى ئىسرائىلنىڭ يېڭىدىن قۇددۇسقا قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 515 - يىلى مەسجىدى ئەقسانى رېمۇنت قىلدى. ئاۋۋال پارىسلارنىڭ كېيىن ماكىدونىيەنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ياشاپ كەلدى. مىلادىدىن كېيىنكى 63 - يىلى رىملىقلار قۇددۇسنى بېسىۋېلىپ، يەھۇدىلارنى تارقىتىۋەتتى. مەسجىدى ئەقسا يەنە ۋەيران بولدى.

ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ بۇ قەدەر بالا-مۇسىبەتكە دۇچار بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئازغۇنلۇقىدۇر. ئۇلار بۇ ئازغۇنلۇقى بىلەن ھاۋايى-ھەۋەسكە ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تەۋرات ۋە زەبۇرنى ئۆزگەرتتى. بۇ ئارقىلىق ھەق دىنىنى بۇزدى. زەكەرىيا ئەلەيھسسالام بۇ ئەھۋالنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى بۇنداق قىلىشتىن چەكلىگەن بولسىمۇ بەنى ئىسرائىل قەۋمى يەھيا ئەلەيھسسالامغا ئوخشاش بەزى پەيغەمبەرلەرنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈردى.

## ھارۇت ۋە مارۇت قىسسىسى

يەھۇدىلار ئارىسىدا سېھرگەرلىك كەڭ تارقالغان ئىدى. بۇ سەۋەپتىن سۇلەيمان ئەلەيھسسالامنىڭ داڭلىق بىر سېھرىگەر ئىكەنلىگى، ھۆكۈمدارلىقىنى سېھىر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەنلىكى، ھايۋانلار ۋە جىنلارنى سېھىر ئارقىلىق

باشقۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بۇنىڭغا ئىشىنەتتى. لېكىن سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قۇرئاندا پەيغەمبەر دەپ تونۇشتۇرۇلغاندا:

«مۇھەممەد، سۇلەيماننى بىر پەيغەمبەر دەپ گۇمان قىلىدۇ، ھالبۇكى ئۇ بىر سېھىرگەر ئىدى!» دېيىشكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى.

وَاتَّبَعُواْ مَا تَتْلُواْ الشَّيَاطِينُ عَلَى مُلْكِ سُلَيْمَانَ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَكِنَّ الشَّيْاطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ النَّاسَ السِّحْرَ وَمَا أُنزِلَ عَلَى الْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَارُوتَ وَمَارُوتَ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولاَ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلاَ تَكْفُرْ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلاَّ بِإِذْنِ اللّهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ وَلَقَدْ عَلِمُواْ لَمَنِ اشْتَرَاهُ مَا لَهُ فِي الآخِرَةِ مِنْ خَلاَقٍ وَلَبِئْسَ مَا شَرَوْاْ بِهِ أَنفُسَهُمْ لَوْ كَانُواْ يَعْلَمُونَ

**"ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ** (سېھرىگەرلىكىگە ئائىت) **سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان** (سېھرىگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) **كاپىر بولغىنى يوق، پەقەت شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت ـ مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى.** (بۇ ئىككى پەرىشتە) **بىز كىشىلەرنى سىنايمىز كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى** (يەنى سېھىرگەرلىكنى) **ئۆگىنەتتى، ئۇلار** (سېھىر ئارقىلىق) **ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە** (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن) **ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسىنىڭ** (يەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سېھىر ئۆگىنىشنى تاللىشىنىڭ) **ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى."** (سۈرە بەقەرە، 102 - ئايەت)

مۇپەسسىر فەھرىددىن رازى ھارۇت ۋە مارۇت ناملىق ئىككى پەرىشتىنىڭ زېمىنغا چۈشۈشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

1. بۇ ئىككى پەرىشتە يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەندە، سېھرگەرلىك ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار سېھىر مەسىلىسىدە بۇنىڭدىن بۇرۇن بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىشتى. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارغا جەڭ ئېلان قىلدى. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان بۇ يالغانچىلارنى تونۇپ، ئۇلارغا قارشى تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن سېھىر ئۆگىتىش ئۈچۈن بۇ ئىككى پەرىشتىنى چۈشۈردى.

2. مۆجىزىنىڭ سېھىردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئايرىش، مۆجىزە بىلەن سېھىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھالبۇكى، ئىنسانلار ئۇ زاماندا سېھىرنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۆجىزىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا سېھىرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدۈرۈپ بۇ ئارقىلىق مۆجىزىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلسۇن دەپ بۇ ئىككى پەرىشتىنى چۈشۈردى.

3. يەنە بىر قاراشتا ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ئارىسىغا ئايرىلىق، دوستلىرى ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەت ئورۇنلاشتۇرغان سېھىر ئۇلار ئۈچۈن مۇباھ ياكى مەندۇپ (رۇخسەت) قىلىنغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا، بۇ غايە بىلەن سېھىرنى ئۆگەتسۇن دەپ ئىككى پەرىشتىنى زېمىنغا چۈشۈردى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ زاماننىڭ ئىنسانلىرى بۇ پەرىشتىلەردىن ئۆگەنگەن ئىجابى سېھىرلىرىنى كېيىنكى كۈنلەردە سەلبى شەكىلدە، يەنى ئاللاھنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە دۈشمەنلىرى ئارىسىدا دوستلۇق ئورنۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە زىت بولغان ھالدا قوللاندى.

4. سېھىر چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىنسان ئۈچۈن بىلىنگەن ۋە تەسەۋۋۇر قىلىنغان بىر نەرسە بولۇشى كېرەك. چۈنكى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدىغان نەرسىنىڭ چەكلىنىشى ئەقىلگە ماس كەلمەيدۇ.

5. بەلكى جىنلار ئىنسانلارنىڭ ئۇنى قىلىشقا قادىر بولالمىغان ھەرخىل سېھىرلەرنى بىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاللاھ جىنلارغا قارشى ئۇلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئىنسانلارغا سېھىر ئۆگىتىش ئۈچۈن بۇ ئىككى پەرىشتە زېمىنغا چۈشۈرۈلدى.

6. بۇنىڭ قۇللۇق مەسئۇلىيەتچانلىقىنى قىيىنلاشتۇرغان بىر ئىمتىھان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆزىنى ماددى لەززەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان بىر نەرسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشى تېخىمۇ قىيىندۇر. بۇ سەۋەپتىن ئىمتىھان قانچىكى قىيىن بولسا، ئۇنىڭ ئەجرىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن

كۆپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسان چەكلەنگەن نەرسىلەردىن ھەزەر قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئاللاھ تائالا تالۇتنىڭ قەۋمىنى ئۇلار ئۇرۇشقا كېتىۋاتقاندا ئىسسىق بىر كۈندە، دەريادىن سۇ ئىچىش ھەققىدە ئىمتىھان قىلدى، تالۇت ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن:

فَمَن شَرِبَ مِنْهُ فَلَيْسَ مِنِّي وَمَن لَّمْ يَطْعَمْهُ فَإِنَّهُ مِنِّي إِلاَّ مَنِ اغْتَرَفَ غُرْفَةً بِيَدِهِ

**"...كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر. "** (سۈرە بەقەرە، 249 - ئايەت) دېگەن ئىدى.

خۇلاسىلىغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ پەرىشتىلەرنى سېھىر ئۆگىتىش ئۈچۈن زېمىنغا چۈشۈرىشىنىڭ نۇرغۇن ھېكمىتى بار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ھېكمەت ئىگىسى ۋە ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن ئۈستۈنلىكى

1. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولسا پۈتۈن پەرىشتىلەر خىزمەت قىلدى.

2. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىر كۈندە ئىككى ئايلىق يولنى بېسىپ ئۆتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مېراج كېچىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا ئەرشكە چىقتى.

3. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا قۇشلار سايە بولۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇلۇتلار سايە بولۇپ بەردى.

4. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تامغىسى ئاستىدا پۈتۈن مەخلۇقات يىغىلاتتى. قىيامەت كۈنى پۈتۈن ئەنبىيا، ئەۋلىيا، شېھىدلەر ۋە سالىھلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «لىۋائىل ھەمد» ناملىق بايرىقى ئاستىدا يىغىلىدۇ.

5. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن دۇنيا مۈلكى بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاجىز بىر ئۈممىتىگە، جەننەتتە بۇ دۇنيانىڭ ئون ھەسسە چوڭلۇقىدا مۈلۈك بېرىلىدۇ. (مۇسلىم، «ئىمان»، 308؛ تىرمىزى، «جەھەننەم»، 10)

6. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا «كۇرسى» بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئايەتۇل كۇرسى» بېرىلدى. ئايەتۇل كۇرسى جەننەت خەزىنىلىرىدىن بولۇپ، شەيتان ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.

# مۇلۇك ئاللاھقا ئائىتتۇر

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەر ئىچىدىن تەڭداشسىز مۇلۇك ئىگىسى بولغان ھالدا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنى مىسال قىلدى. چۈنكى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بېرىلگەن مال-دۇنيانى ھەر دائىم قەلبىنىڭ سىرتىدا تۇتتى. پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ غەيرىتى بىرلەشسە ۋە بىر ئىنساننى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش باي قىلىۋېتىشكە تىرىشسىمۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شاماللار، ھايۋانلار، زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان ئازغۇن شەيتانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەمرى ئاستىدا ئىدى. بۇ قەدەر سەلتەنەتكە ئىگە بولغان سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام:

**«مەن بولسام بىر نامرات! نامراتقا، نامراتلار بىلەن بىللە بولۇش يارىشىدۇ!»** دەپ، غېرىپ-مىسكىنلەر بىلەن بىرگە بولدى.

ھەزرىتى مەۋلانا مەسنەۋىسىدە پېقىر ۋە دەرتمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«پېقىرلىق دەردىدە بوغۇلغان كۆڭۈللەر، ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتكەن بىر ئۆيگە ئوخشايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ دەرتلىرىنى تىڭشاپ، دەرتلىرىگە دەرمان بولۇش ئارقىلىق ئۇ تۇمان ۋە ئىس-تۈتەك قاپلاپ كەتكەن ئۆيگە بىر دەرىزە ئاچقىنىڭكى، ئۇنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى چىقىپ كەتسۇن ۋە سېنىڭ قەلبىڭ يۇمشاپ، روھىڭ پاكلانسۇن.»

بۇ ئەھۋالنىڭ ئەڭ گۈزەل كۆرۈنىشى ئىنفاق (نەفقە بېرىش) يەنى خەيرى ساخاۋەت ئارقىلىق ئەمەللىشىدۇ. خەيرى-ساخاۋەت ئەينى زاماندا مال-دۇنياغا شۈكرى قىلىشنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۈكۈرنىڭ نېمەتنى كۆپەيتىدىغانلىقى ئىلاھىي ۋەدىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

لَئِن شَكَرْتُمْ لأَزِيدَنَّكُمْ

**"...«نېمىتىگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن...»"**

(سۈرە ئىبراھىم، 7-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەدىقە بېرىش ۋە خەيرى-ساخاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر ھەدىس شەرىپتە:

«ئى ئىنسان ئەۋلادى! خەيرى-ساخاۋەت قىلغىنىڭ، خەيرى-ساخاۋەتكە ئېرىشىسەن" دېگەن. (بۇخارى، «تەپسىر»، 11/2)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېخىلىقىنىڭ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

«مۇنۇ ئىككى خىل سۈپەتكە ئىگە كىشى ئۈچۈن زوقلىنىشقا بولىدۇ. بىرى ئاللاھنىڭ بەرگەن مال-دۇنياسىدىن ھەق-ئادالەت يولىدا سەرىپ قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىنغان كىشى، يەنە بىرى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىلىم بېرىپ، ئۇ ئىلىمگە ئەمەل قىلغان ۋە بۇ ئىلىمنى باشقىلىرىغا ئۆگەتكەن (يەنى ئىلمىنى سەدىقە قىلغان) كىشىدۇر.» (بۇخارى، «ئىلىم»، 15؛ مۇسلىم، «مۇساپىرىن»، 266-268)

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَنتُمُ الْفُقَرَاء إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ

**"ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر، ئاللاھ** (ھەممىدىن) **بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر."** (سۈرە فاتىر، 15-ئايەت)

ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا مال-مۈلۈك ئەمەلىيەتتە بىرەر شەخس ياكى جەمئىيەتكە تەۋە بولماستىن، بەلكى پۈتۈن مال-مۈلۈك ئاللاھقا ئائىتتۇر. پۈتكۈل جانلىقلار ئاللاھنىڭ مۈلكى ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇنىڭ بەرگەن نېمىتىنىڭ سايىسىدە ھاياتتا قالالايدۇ. شەخسلەرگە بېرىلگىنى بولسا، پەقەت بېرىلگەن ئۇ مۈلۈكنى مەلۇم بىر مۇددەت ئىشلىتىشتىن ئىبارەت.

بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مال-مۈلۈك، ئابروي ۋە مەنسەپ ئەڭ چوڭ ئىمتىھان ۋەسىلىسىدۇر. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سەلتەنىتى پۈتۈنلەي قولىدىن ئېلىنىدى، لېكىن ئىستىغپار نەتىجىسىدە تەكرار ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. بۇ ھەقىقەتلەرگە ئاساسەن بىر ھەق دوستىنىڭ مۇنۇ نەسىھىتى نەقەدەر ئىبرەتلىكتۇر:

«رىزىقىنىڭ پېشىدىن ئەمەس، رەززاقىنىڭ پېشىدىن يۈگۈر!»

❀

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، بىر كۈنى چۈمۈلىلەرنىڭ باشلىقى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سەلتەنىتى ئاستىدا قالغاندا، جامائىتىگە:

«سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سەلتەنىتى نىمدىگەن كاتتىدۇر!» دېدى.
بۇنى ئاڭلىغان سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام:
«مېنىڭ سەلتەنىتىم پانىدۇر، بىر تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ كەلتۈرگەن سەلتەنىتى بولسا باقى ۋە ئەبەدىدۇر! » دەپ جاۋاپ بەردى. چۈنكى ئۇ ھەققى مۇلۈكنىڭ ئالالاھقا ئائىت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.
بۇ ھەقتە ئالالاھ مۇنداق دەيدۇ:

مَن كَانَ يُرِيدُ الْعِزَّةَ فَلِلَّهِ الْعِزَّةُ جَمِيعًا

**"كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئالالاھقا مەنسۇپ (ئۇنى ئالالاھدىن تىلىسۇن."** (سۇرە فاتىر، 10 - ئايەت)

إِن كُلُّ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ إِلَّا آتِي الرَّحْمَنِ عَبْدًا

**"ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئالالاھقا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر."** (سۇرە مەريەم، 93 - ئايەت)

وَلِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاللّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

**"ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئالالاھقا خاستۇر، ئالالاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر."** (سۇرە ئال ئىمران، 189 - ئايەت)

قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن تَشَاء وَتَنزِعُ الْمُلْكَ مِمَّن تَشَاء وَتُعِزُّ مَن
تَشَاء وَتُذِلُّ مَن تَشَاء بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

**"ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئالالاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق** (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) **سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن."** (سۇرە ئال ئىمران، 26 - ئايەت)

تُولِجُ اللَّيْلَ فِي الْنَّهَارِ وَتُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَتُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَتُخْرِجُ الَمَيَّتَ مِنَ الْحَيِّ وَتَرْزُقُ مَن تَشَاء بِغَيْرِ حِسَابٍ

**"كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن** (شۇنىڭ بىلەن، كېچە - كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ)؛ **جانلىقنى** (يەنى تىرىك بولغان ئىنساننى، ھايۋاننى) **جانسىزدىن** (يەنى جانلىق بولغان ئابىمەنىيدىن) **چىقىرىسەن، جانسىزنى** (يەنى جانسىز بولغان ئابىمەنىينى) **جانلىقتىن** (يەنى جانلىق بولغان ئىنساندىن، ھايۋاندىن) **چىقىرىسەن؛ ئۆزۈڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن».** (سۈرە ئال ئىمران، 27-ئايەت)

بۇ ئايەت شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، بەندە ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئەسلى سەلتەنىتى ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ئۇنى ئۇنۇتماسلىق، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خەيرى-ساخاۋەت قىلىشتۇر.

قۇرئاندا 200 گە يېقىن يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىنفاق (سەدىقە، ياخشىلىق ۋە خەيرى ساخاۋەت) مېلى ۋە جېنىنى ئاللاھقا ئاتاشتۇر. يەنى رەببىمىزنىڭ ئېھسان قىلىپ بەرگەن نېمىتىنى يەنە ئۇنىڭ يولىدا سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەقىقى مۇسۇلمان مېلى ۋە جېنىنى ئاللاھقا ئاتىغان ئىنساندۇر.

❀

ئىمانىنىڭ تۇنجى مېۋىسى مەرھەمەتتۇر. ئۇنىڭدىن يىراق قالغان كۆڭۈل جانلىق ھېسابلانمايدۇ. ھەر ياخشىلىقنىڭ بېشى بولغان بىسمىللاھ ۋە فاتىھە، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنى بىلدۈرىدىغان «راھمان» ۋە «رەھىم» ئىسىملىرى بىلەن باشلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھاياتلىرىمۇ شەپقەت ۋە مەرھەمەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايان قىلىدىغان شانلىق تارىخلار بىلەن تولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەرھەمەت قىلغانلارغا ئاللاھ مەرھەمەت قىلىدۇ. سىلەر يەريۈزىدىكىلەرگە مەرھەمەت قىلىڭلاركى، ئاسماندىكىلەر سىلەرگە مەرھەمەت قىلسۇن...» (تىرمىزى، «ياخشىلىق»، 16؛ ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەپ»، 58) دېيىش ئارقىلىق مۆمىنلەرنى پۈتۈن مەخلۇقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مەرھەمەتكە دەۋەت قىلىدۇ.

مەرھەمەتنىڭ ئەڭ ئۇچۇق كۆرۈنۈشى قۇللۇق ۋەزىپىلىرىدىن بولغان ئىنفاق (ياخشىلىق ۋە خەيرى ـ ساخاۋەت) تىن ئىبارەت.

قېرىنداشلىق تۇيغۇلىرى ئاجىزلاشقان، ئىجتىمائى ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، غەزەپ ـ نەپرەت ۋە دۈشمەنلىك كۆپىيىپ كەتكەن بۇ جەمئىيىتىمىزدە ئىنفاق (ياخشىلىق ۋە خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىش) تىن ئىبارەت بىر سەپەرۋەرلىككە ئېھتىياج بار. شۇنى ئۇنۇتماسلىق لازىمكى، قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر كۈنلەردە قالغان ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئورنىدا بىز بولۇشىمىز مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىق ۋە خەيرى ساخاۋىتىمىز رەببىمىز ئالدىدىكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىمىزدۇر.

ئاللاھ مۇتتەقىلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ

**"...ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن** (خۇدا يولىغا) **سەرپ قىلىدۇ."**

(سۈرە بەقەرە، 3 - ئايەت)

ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى بولغان سەدىقە ۋە ئىنفاقنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ.

سەدىقە ۋە ئىنفاق قولىدا بار بولغاننىڭ ئارتۇقىنى بېرىش بىلەن باشلايدۇ. قولىدا بولمىغانلار ئۈچۈن بولسا، يېرىم خورمىمۇ بىر سەدىقىدۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ سەدىقە قىلىشىدىكى خالىس نىيىتىگە قاراپ جەھەننەم ئوتىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ.

مېھرى ـ شەپقەت ۋە بۇلارنىڭ تەبئىي نەتىجىسى بولغان ئىنفاقنىڭ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جەھەتتىن ھەر بىر مۆمىننى باي دەپ قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەدىس شەرىپلىرىدە مۆمىنلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، تەكبىر، تەۋھىد، مەزلۇملارغا ياردەم بېرىش، مۇسىبەتكە قالغانلارغا تەسەللى بېرىش، موھتاجلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، يوللاردىكى ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلاش، كېسەللەرنى يوقلاش ۋە زامانى كەلگەندە بىر تەبەسسۇم قىلىشقا ئوخشاش ھەر تۈرلۈك ياخشى ئەمەللەرنىڭ بىرەر سەدىقە ھۆكمىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ھەقىقى بايلىق كۆڭۈلدىكى قانائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەممەيلەن قانائىتىگە قارىتا بايدۇر. كۆڭلى باي كىشىلەرنىڭ بىر تەبەسسۇم قىلىشمۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. چۈنكى كۆڭۈل بايلىقىنىڭ تەبەسسۇمى، كۆڭۈلدىكى سۆيگۈ، ھۇزۇر ۋە راھەتلىكنى ئەتراپىغا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن گۈزەل بىر سەدىقىدۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە كۆڭۈل پېقىرى بولغانلار ھېچ بىر نەرسىنى باي قىلالمايدۇ.

دېمەككى، ھەقىقى بايلىق مال-مۈلۈكنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئەمەس، كۆڭۈل توقلۇقى بىلەندۇر. ھەقىقى مۆمىنلەر، كۆڭۈل بايلىقىدىن ئىبارەت بۇ نېمەتلەرگە ئىگە بولۇپ سەدىقە قىلغانلاردۇر. سەدىقە ھەر بىر مۆمىنىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە تۈيغۇلىرىنىڭ مۇكەممەل كۆرۈنۈشىدۇر.

يەرمۇك ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان ھارىس بىن ھىشام، ئىكرىمە بىن ئەبى جەھل، ئىياش بىن رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ھاللىرى نەقەدەر ئىبرەتلىكتۇر. بۇ ئىسلام قەھرىمانلىرى ئەڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە ئۇسسۇزلۇقتىن جىگەرلىرى قۇرىغان ھالدا چوغدەك قىززىق قۇملاردا تولغۇنۇپ تۇرغان پەيتلەردە، ھەر-بىرى ئۆزىگە ئۇزىتىلغان بىر يۇتۇم سۇنى ئىچمەستىن، بىر-بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش نەتىجىسىدە، ھەممىسى شەھىدلىك شەربىتىنى ئىچتى. ئۇ بىر يۇتۇم سۇ ئىچىلمەي، شۇ پېتى ئوتتۇرىدا قالدى. (ھاكىم، «مۇستەدرەك»، 3، 270)

بۇ ئەھۋال ئىنفاق ۋە سەدىقىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىسى بولغان «ئىسار»دۇر. يەنى مۆمىن قېرىندىشىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆز ئېھتىياجىدىن ئەلا كۆرۈش پەزىلىتىدۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاء وَالضَّرَّاء وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ

**"تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا** (پۇل - مال) **سەرپ قىلىدىغانلار،** (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) **ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار،** (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) **كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ."** (سۈرە ئال ئىمران، 134-ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، جافەر سادىق ھەزرەتلىرىنىڭ بىر قۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى. بىر كۈنى ئۇ قۇل، خوجايىنى بولغان جافەر سادىققا بىر تاۋاق قىززىق شورپىنى ئېلىپ كېلىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۈستىگە تۆكۈپ سالدى. جاپەر سادىق ھەزرەتلىرىنىڭ ئۈستى-بېشى كىرلىنىپ، غەزەپلەنگەن ھالدا قۇلىنىڭ يۈزىگە قارىدى. قۇل:

«ھەزرەت! قۇرئاندا «ئاچچىقىنى يەڭگەنلەر» قەدىرلىنىدۇ!» دەپ، بۇ ھەقتە چۈشكەن ئايەتنى ئوقۇدى.

❀

ماددى، مەنىۋى ئىنفاقنىڭ مۇئەسسەسەلەشكەن ھالى «ۋەقف»تۇر. ۋەقف يارىتىلغان نەرسىلەرگە قارىتا مۇسۇلماننىڭ ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك پىداكارلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر. چۈنكى ۋەقپلەر ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يارىتىلغانغا سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان مۇئەسسەسەدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنساننى، كائىناتنى، نەرسىلەرنى ئامانەت دەپ سۆپەتلەيدۇ. ئەۋلاد، مال-مۈلۈك، سالامەتلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئامانەتتىن ئىبارەت. كائىناتتىكى پۈتكۈل نەرسىلەر ئىنسانغا ئامانەت قىلىپ بېرىلگەن. ئىنسانلار بۇلارنى ئەستايىدىل ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن قوغدىشى كېرەك. ئامانەتنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلغان ئاساستا جايىغا يەتكۈزۈش رەھمەت ۋە بەرىكەت ۋەسىلىسىدۇر.

باشتا نەقىل قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۇلەيمان ئەلەيهىسسالام بىلەن قۇشقاچ ئارىسىدىكى مەشھۇر مۇنازىرە، ۋەقف ھەققىدە ئەستايىدىل بولۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ۋەقف خىزمەتلىرىدە ئىشلىگەنلەرنىڭ بۇ قىسسىدىن لايىقىدا ئىبرەت ئېلىشى تېخىمۇ زۆرۈردۇر.

مال-مۈلۈكتە توغرا بولغان غايە «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئىنسانلارغا ئەڭ كۆپ پايدىسى بولغىنىدۇر» (سۇيۇتى «ئەل جامىئۇس سەغىر»، 2، 8) ھەدىس شەرىپىنىڭ سىررىغا ئېرىشىشتۇر. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، پۇلنىڭ ئورنى قەلب ئەمەس، بەلكى قاپچۇقتۇر!

ئارىپ بىر شائىرنىڭ مۇنۇ بېيتى ئىنساننىڭ دۇنيا نېمەتلىرىگە بېرىلىپ غەپلەتكە قالغانلىقىنى گۈزەل تەسۋىرلەپ بېرىدۇ:

دۇنيا بىر ئۆتكۈنچى مېھمانخانىدۇر،

ئۇنىڭدا ھەم ساراي ھەم خارابىلىق،
تۇگىمەس چارىسىز بىر سەۋدادايىم،
خانە سالدۇردۇم مېھمانخانىدا.

ھەممىگە مەلۇمكى، پېقىر ۋە غېرىپلارنىڭ دۇئالىرى، بايلار ۋە كۈچلۈك كىشىلەر ئۈچۈن رەھمەت ۋەسىلىسىدۇر، خۇلاسىلىغاندا ھۇزۇر مەنبەسىدۇر. يەنە شۇنى بىلىش لازىمكى، پېقىرلىق ۋە موھتاجلىق، خورلۇق ئەمەستۇر. بەلكى ئاخىرەت تەرىپى ئايدىڭ بولغان ھېكمەت ۋە لۇتۇپنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئۇمەييە بىن خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن پېقىر مۇھاجىرلارنىڭ ھۆرمىتىنى تىلىغا ئېلىپ، مۇسۇلمانلارغا زەپەر ئاتا قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلغان. (تەبەرانى، «مۇئجەمىل كەبىر»، 1، 292)

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن:

«ماڭا ئاجىزلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار. چۈنكى سىلەر پەقەت ئاجىزلىرىڭلار (نىڭ دۇئا ۋە بەرىكىتى) بىلەن رىزىقلاندۇرۇلىسىلەر ۋە ياردەم قىلىنىسىلەر.» (ئەبۇ داۋۇد، «جىھاد»، 70؛ ئىبنى ھەنبەل، 5، 198)

ئىنسان ئوغلى مەخلۇقات ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك قىلىپ يارىتىلدى. كۈچلۈك-ئاجىز، ساقلىق-كېسەللىك، بىلىملىك-بىلىمسىز، باي-كەمبەغەل دېگەندەك شەخسلەر ئارىسىدىكى پەرق ۋە دەرىجىلەر، جەمئىيەت نىزامىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائى ھاياتنىڭ داۋامىنى تەمىنلەش ئۈچۈندۇر.

بۇ خىل سىنىپقا ئايرىلىشتىكى بايلىق ۋە پېقىرلىق، بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىككى ئىقتىسادى ئەھۋالدۇر. بايلىق ۋە پېقىرلىقتا ئوخشاش ھەر خىل ئىمكانلارغا ئىگە بولۇش ئىلاھىي تەقدىرنىڭ ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر ھېكمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سەۋەپتىن بايلىق بىر ئىززەت، پېقىرلىق بولسا بىر خارلىق سەۋەبى ئەمەس. ھەر ئىككى ئەھۋال ئىمتىھان غايىسى بىلەن قىلىنغان ئىلاھىي تەقسىمات، ئىلاھىي تەقدىرنىڭ بىر كۆرۈنىشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

أَهُمْ يَقْسِمُونَ رَحْمَةَ رَبِّكَ نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُم مَّعِيشَتَهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ لِيَتَّخِذَ بَعْضُهُم بَعْضًا سُخْرِيًّا وَرَحْمَتُ رَبِّكَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ

**"پەرەۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى** (ھەق بېرىپ) **ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، پەرەۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى** (يەنى پۇل ـ ماللىرى) **دىن ياخشىدۇر."** (سۈرە زۇخرۇف، 32 - ئايەت)

بايلارنىڭ مال ـ مۈلۈككە رام بولۇش نەتىجىسىدە ئېزىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، موھتاجلارنىڭ كۆڭلىدە بايلارغا قارىتا ھەسەت ۋە نەپرەتكە ئوخشاش سەلبى مايىللىقلارنىڭ بىخلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىجتىمائى ھاياتنى قوغداش ۋە كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن مۇھەببەت ئورنىتىشىغا سەۋەپ بولىدىغان ھېكمەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان «زاكات» بولسا، ئىسلامدا باي مۆمىنلەرگە پەرز قىلىندى. ئىسلام ئىجتىمائى نىزامىدا، باي ۋە پېقىر ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقلۇقنى سالاش ھەققىدە «زاكات ۋە سەدىقە» مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بايلار مېلىنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە، يەنى ھالال ۋە ھارام يولدىن تاپقانلىقى، زاكات، سەدىقە ۋە ياخشىلىق يولىدا سەرپ قىلىپ، قىلمىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ھېساپ بېرىدۇ. ئۇ بايلىقنىڭ مەلۇم قىسمىنى پېقىرلەرگە ئىشلىتىش ۋە بايلىقنى قانداق يەرلەرگە ئىشلىتىش ئارقىلىق سىنايدۇ. باشقىلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ سىناقتىن ئۆتەلىگەندىلا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ.

پېقىرلەر بولسا يوقسۇللۇقتىكى سەۋرسىزلىك، شىكايەت، ئىنسانلارغا يۈك بولۇش، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك، ھەسەت ۋە غەزەپ ـ نەپرەتكە ئوخشاش ئەھۋاللار بىلەن بىرلىكتە، ئەخلاق ۋە ئىپپەت ـ نومۇسنى قوغداپ، قوغدىيالمىغانلىقىدىن ھېساپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ھېساپنىڭ نەتىجىسى ئاللاھنىڭ رىزاسىغا مۇۋاپىق كەلسە، ئۇنىڭ دۇنيادىكى قىيىنچىلىقى ئاخىرەتلىك ئەبەدىي بەختىت ـ سائادىتىگە ئايلىنىدۇ.

❀

شۈكۈر، قانائەتچان، سېخىي كىشىلەر بىلەن سەۋرچان ۋە شەرەپلىك كەمبەغەل كىشىلەر، ئىنسانلىق ۋە ئىلاھىي رىزادا تەڭدۇر. لېكىن ئىسلامدا ھاكاۋۇر، پىخسىق ۋە بېخىل بايلار بىلەن بىرلىكتە سەۋر ـ تاقەتسىز، ئاللاھنىڭ

تەخسىماتىغا رازى بولماي ئىسيان قىلغان نامراتلار ئەيىپلەنگەن. شۇڭا بايلىق ۋە نامراتلىق مۇھىم ئىمتىھانلاردىن بىرىدۇر. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىدا:

«ئى رەببىم! پېقىرلىق ۋە بايلىقنىڭ ئاپىتىدىن ساڭا سىغىنىمەن.» (بۇخارى، «دەئۋات»، 45) دېگەن.

ئۇ ھالدا قانائەت، تەۋەككۇل ۋە ئىتائەت كىمدە غەلىبە قىلسا ئۇ ھەقىقى بايدۇر.

خۇلاسىلىغاندا، ئىنسان تەبىئىيتى دۇنياغا مايىل قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، دۇنيا نېمەتلىرى، نەپسكە جەلپكار كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئالدانغانلارنىڭ كۆزى تويمايدۇ. مال يېغىلغانسىرى ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھەۋەسى شۇنچە ئېشىپ تېخىمۇ ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ. كۆزىنى مال-دۇنيا ھەۋىسى توسۇۋالغان ئىنساندا مەرھەمەت ۋە شەپقەت تۇيغۇسى قالمايدۇ. ئىنپاق يەنى سەدىقە بېرىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. مۇنداق ئىنسان، روھى جەھەتتىن كېسەل، جىسمانى جەھەتتىن ئىزتىراپ چەككەن كىشىدۇر. نەپسى ئۇنىڭغا: «تېخىمۇ باي بول، كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلىسەن!» دەپ ئۈگىتىدۇ. لېكىن شۇنى ئۇنۇتماسلىق لازىمكى «ئەتە قىلارمەن دېگەنلەر ھالاك بولدى.» دېيىلگەن. چۈنكى پۈتۈن ئەتىلەر مەجھۇلدۇر.

ئاللاھ قۇرئاندا ئۆلۈم پەيتىدە چۈشتىن ئويغانغاندەك ھوشىغا كەلگەن ئىنسانلارنىڭ ئەبەدى پۇشايمانلىق ئىچىدە مۇنداق دەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِي إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُن مِّنَ الصَّالِحِينَ

**"بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى** (يەنى ئەجىلىمنى) **بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم»"** (سۈرە مۇنافىقۇن، 10-ئايەت)

بۇ ئەھۋالدا ئۆتۈپ كەتكەن كۈننىڭ قايتا كېلىشى مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، قۇللىرىنىڭ مۇنداق دېيىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلەردىن سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەكسىچە بولغاندا قۇللار دۇچ كېلىدىغان پۇشايمانلىق، يەنە ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدى:

كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَاهَا

**"ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)."** (سۈرە نازىئات، 46 - ئايەت)

يَوْمَ هُم بَارِزُونَ لَا يَخْفَى عَلَى اللَّهِ مِنْهُمْ شَيْءٌ لِّمَنِ الْمُلْكُ الْيَوْمَ لِلَّهِ الْوَاحِدِ الْقَهَّارِ

**"ئۇلار قەبرىلەردىن چىققان كۈندە ئاللاھقا ئۇلاردىن** (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىدىن، ئەمەللىرىدىن، سىرلىرىدىن) **ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ، بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر ئاللاھقا خاستۇر"** (سۈرە غافىر، 16 - ئايەت)

وَلَوْ تَرَى إِذِ الْمُجْرِمُونَ نَاكِسُو رُؤُوسِهِمْ عِندَ رَبِّهِمْ رَبَّنَا أَبْصَرْنَا وَسَمِعْنَا فَارْجِعْنَا نَعْمَلْ صَالِحًا إِنَّا مُوقِنُونَ

**"ئەگەر سەن گۇناھكارلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدىغان بولساڭ** (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرگەن بولاتتىڭ)**، ئۇلار ئېيتىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز!** (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) **كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. بىزنى ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن** (دۇنياغا) **قايتۇرغىن، بىز** (ئەمدى) **ھەقىقەتەن** (سېنىڭ ۋەدەڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) **ئىشەنگۈچىلەرمىز».** (سۈرە سەجدە، 12 - ئايەت)

## ئىنفاق يەنى سەدىقىدە ئەدەپ

سەدىقىدە ئەدەپ ناھايىتى مۇھىمدۇر. بولۇپمۇ بەرگەن كىشى، ئالغان كىشىگە رەھمەت ئېيتىش ھېسسىياتى ئىچىدە بولۇشى كېرەك. چۈنكى سەدىقە ئالغان كىشى ئۇنىڭ ئاللاھقا شۈكۈر قەرزى بولغان ماددى بىر ئىبادەتنى قىلىشىغا ۋەسىلە بولۇپ، ئۇنى ئەجرىگە ئېرىشتۈرىدۇ. بېرىلگەن سەدىقىلەر ئەينى زاماندا بەرگەن كىشى ئۈچۈن كېسەللىك ۋە مۇسىبەتكە قارشى بىر قالقاندۇر. قۇرئاندا بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن: **«سەدىقىلەرنى ئاللاھ قوبۇل قىلىدۇ.»** دېيىلگەن. (سۈرە تەۋبە، 104 - ئايەت)

ئىنپاقتا يەنى سەدىقە بېرىشتە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەدەپ مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى كَالَّذِي يُنفِقُ مَالَهُ رِئَاء النَّاسِ وَلاَ يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ

**"ئى مۆمىنلەر! پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى** (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) **ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار."** (سۈرە بەقەرە، 264 - ئايەت)

بۇ ئايەتتە ياخشىلىق ۋە خەيرى-ساخاۋەت قىلىشقا تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ياخشىلىق قىلغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ئوچۇق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا سەدىقە ئالغۇچىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ، پېقىرلارنى كۆزگە ئىلماي، مىننەت بىلەن قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچ بىر قىممىتى يوق. توغرىسىنى ئېيتقاندا مۇنداق ياخشىلىقلار، قۇلنى ئازاپقا دۇچار قىلىدىغان چوڭ گۇناھلار قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى قەلب ئىلاھىي نەزەرگاھدۇر. بۇ ھەقتە مەۋلانا مۇنداق دەيدۇ:

«سەن بايلىقىڭدىن، مال-مۈلكىڭدىن گۈزەل بىر شەكىلدە ئىنفاق، سەدىقە قىلىپ بىر كۆڭۈل ئال! ئۇ كۆڭۈلنىڭ دۇئاسى، مازاردا ئۇ قاپ-قاراڭغۇ كېچىدە ساڭا نۇر بولىدۇ!»

يەنە ھەزرىتى مەۋلانا، ھېكمەت بىلەن تولۇپ تاشقان بېيىتلىرىدە، ئاللاھقا شۈكۈر قەرزىنى ئادا قىلىشقا ۋەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن يوقسۇل ۋە موھتاج ئىنسانلارنىڭ سېخى ئىنسانلار ئۈچۈن بىر نېمەت ئىكەنلىكى، سالامەتلىكنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«يوقسۇللار سېخىلارنىڭ ئەيىنىكىدۇر. ئەينەككە قاراپ كۆڭۈلگە تېگىدىغان سۆز قىلىش ئارقىلىق ئۇنى خورلاپ قويۇشتىن ھەزەر قىل! (يەنى يوقسۇلغا قارىتا سەزگۈر بول! چۈنكى كۆڭۈل، ئىلاھىي نەزەرگاھتۇر.)

«ئاللاھنىڭ سېخىلىق تەجەللىسىنىڭ كۆرىنىشى، پېقىرلەردۇر. ئۇ پېقىرلەر پەقەت ئالىي جاناپ كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ، دەرتلىرىنى ئۇلارغا تۆكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانپەرۋەر بايلار ئۈچۈن بەخت-سائادەت يوللىرىنى تەييارلايدۇ. بايلارنىڭ ياخشىلىق ۋە خەيرى-ساخاۋەت يوللىرى ئارقىلىق يوقسۇللارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشىنىڭ يەنە بىر بەرىكىتى، سۇنۇق كۆڭۈللەردە سۆيگۈ-مۇھەببەت نوتىلىرىنىڭ بىخلىنىشىدىن ئىبارەت.»

«ئەمىلىيەتتە يوقسۇللار، ئاللاھنىڭ سېخىلىق ئەينەكلىرىدۇر. بايلار ئۆزىنىڭ سېخىلىقىنى ئۇ يەردە تاماشا قىلىدۇ. ئاللاھتا فانى بولغان سالىھ بايلار، مال-مۈلكىنىڭ بىر ئامانەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەق ئالدىدا نەپسىنى تونۇپ ئىلاھىي سېخىلىقنىڭ ئەكس ساداسى بولىدۇ. جانابى ئاللاھنىڭ سېخىلىقىدىن نىسىپ ئالغان ھالدا سالامەت بولىدۇ»

«ئاز ياكى كۆپ مال-مۈلۈككە ئىگە بولغان ۋە مال-دۇنيا ھەۋىسىگە قۇل بولمىغانلاردىن باشقىلىرى، بەدبەخت ۋە ئاخىرەت پېقىرلىرىدۇر. بۇ خىل ئىنسانلار ھەق ئىشىكىدە ئەمەستۇر. بايلىقى ئىزافىدۇر (مۇقىم بولمىغان) ئىشىكىنىڭ سىرتىدىكى نەقىش ۋە شەكىللەردىن ئىبارەتتۇر.»

«بۇلار كۆڭۈللىرى ئاللاھتىن يىراق بولغان بىچارە ۋە روھى پېقىرلاردۇر. سىرتقى بايلىقى، بەختسىزلىكىنىڭ جانسىز نەقىشى، سولغۇن رەسىمىدۇر. بۇلار ھەقىقەتتىن خەۋەرسىز، روھسىز كىشىلەردۇركى، سەن بۇلارغا يېقىنلىق كۆرسەتمە! ئىتنىڭ رەسىمىگە سۆڭەك تاشلاشتىن ھەزەر قىل!»

«مۇنداق كىشىلەر، مەنپەئەت قۇلىدۇرر. ھەق قۇرغاقچىلىقىدىن خەۋەرسىزدۇر.»

«بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئالدىغا تاماق قاچىسى قويۇشتىن ھەزەر قىل! يەنى ئۇلارغا ئىلتىپات قىلىپ يېقىنلىق كۆرسەتمە! بۇنداق مال-مۈلۈك ئىگىلىرى مەھشەر كۈنىنىڭ پەسكەش تىلەمچىلىرى بولىدۇ!»

«بۇ خىل ئىنسانلار مەنىۋى ئەمەس، قورساق دەرۋىشلىرىدۇر. ئۇلار تۇپراق بېلىقلىرىغا ئوخشايدۇ، شەكلى بېلىقلارغا ئوخشىسىمۇ، دېڭىزدىن قورقۇپ قاچىدۇ.»

«ئۇلار يوقسۇل ۋە نامراتلىقنى سائادەت دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارىغاندا ئىبسىل نېمەت يەپ، تاتلىق شەربەتلەر ئىچتى دەپ ئويلايدۇ. ئەمىلىيەتتە ئىلاھىي لوقمىدىن مەھرۇمدۇر.»

«بۇنداق زىيان تارتىشنى خالىمىغان ئى ئىنسان! سەن مەخلۇقاتنى سېخىلىقنىڭ بىلەن ئورىغىنكى، ئارىپلاردىن (ئىلىم-مەرىپەت ئىگىسى) بولسەن!»

❁

سېخىلىقنىڭ ئەينىكى بولغان پېقىرلارغا قىلىنغان ئىنفاق ۋە سەدىقىدىكى ئەڭ گۈزەل ئەدەپ، «ئوڭ قولنىڭ بەرگىنىنى سول قولغا تۇيدۇرماسلىق» شەكلىدىكى ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئىش قىلىشتۇر. بىر ھەدىس شەرىپتە بۇ شەكىلدە ئىنفاق قىلغانلار ئەرشىنىڭ ئاستىدا سايىدايىدىغان بەختلىك ئىنسانلاردۇر. بۇنىڭ ھەقىقەتكە ئايلىنىشى ئۈچۈن ئەجداتلىرىمىز سان-ساناقسىز ۋەقپىلەر قۇردى. بۇ ۋەقپىلەردىن قىلىنغان ئىنفاق ۋە ياردەملەر نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن رىياكارلىقتىن يىراق ئىدى. ئالغان كىشى بەرگەن كىشىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلاتتى. فاتىھ سۇلتان مەھمەتنىڭ تۆۋەندىكى ۋەقپىيەسى بۇنىڭ مىسالىدۇر:

«مەنكى، ئىستانبۇل فاتىھى، ئاللاھنىڭ ئاجىز قۇلى فاتىھ سۇلتان مەھمەت، تەر ئاققۇزۇپ، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ھالال ئەمگىكىم بىلەن بىنا قىلغان 136 دۇكىنىمنى تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا ۋەقىپ قىلىمەن:

"...سارىيىمدا قۇرۇلغان ئاشخانىدا شېھىدلەرنىڭ ئاياللىرى، يېتىملىرى ۋە ئىستانبۇل كەمبەغەللىرى ئۈچۈن ئاش پىشۇرۇلسۇن! يېمەك يېيىش ۋە ئېلىش ئۈچۈن كېلەلمىگەن ئۆزۈرلۈك كىشىلەرنىڭ تامىقىنى، ھاۋانى قاراڭغۇلۇق باسقاندا ئاغزى يېپىق قاچىلار بىلەن كۆزلەردىن ئۇزاق بولغان ھالدا ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈلسۇن.»

ۋەخپىيەدە كۆرگىنىمىزدەك فاتىھ سۇلتان مەھمەتخان، جەمئىيەتتىكى قوغدىنىشقا موھتاج كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئىنچىكە ئەدەپ ئۆلچىلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلغان.

پادىشاھى مۇنداق بىر ئەدەپ نامايەن قىلغان جەمئىيەتنىڭ كىشىلىرىمۇ زاكاتلىرىنى بىر كونۋېرت ئىچىدە مەسجىدلەردىكى زاكات تاشلىرىغا قويۇپ قويغان. موھتاجلار ئۇ يەردىن بەرگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرمەستىن ئېھتىياجلىرىغا قاراپ ئالغان.

يەنە بىر تەرەپتىن نۇمۇس قىلىپ ئەھۋالىنى ئېيتالمىغانلارغىمۇ ئىنفاق قىلىش ناھايىتى مۇھىم. ئاللاھ:

لِلْفُقَرَاء الَّذِينَ أُحصِرُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ ضَرْبًا فِي الأَرْضِ يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاء مِنَ التَّعَفُّفِ تَعْرِفُهُم بِسِيمَاهُمْ لاَ يَسْأَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافًا وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ

**"ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان،** (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) **يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير - ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير - ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر."** (سۈرە بەقەرە، 273 - ئايەت)

الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُم بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ سِرًّا وَعَلاَنِيَةً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ

**ماللىرىنى كېچە - كۈندۈز** (يەنى ھەممە ۋاقىت)**، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەير - ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا** (ئاخىرەتتە) **قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ."** (سۈرە بەقەرە، 274 - ئايەت)

دىنىنىڭ ئەسلى غايىسى، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، سەزگۈر، چوڭقۇر تۇيغۇلۇق ئىنسان يېتىشتۈرۈش ۋە بۇ شەكىلدە ھۇزۇرلۇق بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ مۇكەممەللىك پەقەت كۆڭۈلدە مەيدانغا كەلگەن شەپقەت ۋە مەرھەمەت تۇيغۇسى ۋە بۇلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىپادىسى بولغان زاكات ۋە سەدىقە بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. بىر مۆمىن قەلب، رەببىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتىنى شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن سۆيۈشى كېرەك.

رەببىمىزنىڭ مۈلكىدە ياشاۋاتىمىز. ئۇنىڭ نېمەتلىرى بىلەن رىزىقلىنىۋاتىمىز. ماددى ئىبادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلەر، ئەجەبا كىمنىڭ مېلىنى، كىمدىن ئايىغانلىقىنى ھېچ ئويلاپ باقامدۇ؟

سۆيگۈنىڭ نەتىجىسى پىداكارلىقتۇر. سۆيگەن كىشى سۆيگۈنىگە قارىتا سۆيگۈسى ئۆلچىسىدە پىداكارلىق قىلىشنى خۇشاللىق ۋە ۋەزىپە دەپ قارايدۇ. بۇ ئاشىقنىڭ مەشۇقىغا جېنىنى بېرىشكە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىغا بولغان ئىنفاق، سۆيگەنىنىڭ سۆيۈلگەنگە بولغان ئەڭ گۈزەل مۇھەببەت كۆرۈنۈشىدۇر. چۈنكى زاكات ۋە سەدىقە ئاللاھ ئۈچۈن بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇلارنى «ئاللاھ ئالىدۇ» شەكلىدە بىر ئىپادە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

أَلَمْ يَعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ
وَيَأْخُذُ الصَّدَقَاتِ وَأَنَّ اللّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ

**"ئۇلار** (يەنى تەۋبە قىلغۇچىلار) **ئاللاھنىڭ ئۆز بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى،** (خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ) **سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟"** (سۈرە تەۋبە، 104 - ئايەت)

مال-مۈلۈكنىڭ ھەقىقى ئىگىسى بولغان ئى رەببىم! مەرھەمەت، شەپقەت ۋە سېنىڭ يولۇڭدا ئىنفاق قىلىشنىڭ پۈتۈن كۆرۈنىشلىرى كۆڭۈل ئالىمىمىزنىڭ تۈگىمەس خەزىنىسى بولسۇن!

ئامىن!


ئاق دېڭىز
دەمەشىق
ھەيفا
تەبەرىيە
ناسىرا
ئىئوردانىيە دەرياسى
بۇسرا
پەلەستىن
يافا
ئەرىخا
ئاممان
ئەسدۇد
قۇدۇس
بەيتلاھىم
ئەسقەلان
ئۆلۈك دېڭىز
ۋادىنىن نەمل
(چۈمۈلە ۋادىسى)
سودوم
قۇدۇس
ئەرەب يېرىم ئارىلى
سەبە
يەمەن
مەئرىب



# ئۆزەیر ئەلەیهسسالام

يۈز يىللىق ئۆلۈمدىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈلۈپ قىيامەت كۈنىدىكى يېڭىدىن تىرىلىشكە مىسال بولغان

# ئۇزەير ئەلەيھىسسالام

ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر.

تەۋراتنى يادقا بىلىدىغان ساناقلىق كىشىلەردىن بىرسىدۇر. يەھۇدىيلار "ئەزرا" دەپ ئاتايدۇ.

ھەزرىتى ئۇزەيرنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ، بولمىغانلىقى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: «ئۇزەيرنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ، بولمىغانلىقىنى بىلمەيمەن!» دېگەن. (ئەلى ئەل مۇتتەقى، 12، 81/34087)

قۇرئان كەرىمدە پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جېنى ئېلىنىپ يۈز يىل كېيىن تىرىلدۈرۈلگەنلىكى خەۋەر قىلىنىدۇ.

ھەزرىتى ئۇزەيرنىڭ ياشىغان دەۋرىدە ئازغۇنلۇقى چېكىدىن ئاشقان ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا ئاللاھ تائالا، بالايى-ئاپەت، بۇختۇننەسىرنى باشلىرىغا مۇسىبەت قىلىپ بەردى. بۇختۇننەسىر شام ۋە ئىئوردانىيە تۇپراقلىرىنى ئىشغال قىلىپ، مەسجىدى ئەقسانى بۇزۇپ، باغ-بوستانلارنى خاراپ قىلدى. ئاجىز ئىنسانلارنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈپ، ياش ۋە ئىشقا يارايدىغانلىرىنى ئەسىر قىلىپ يېنىدا ئېلىپ كەتتى. ھەزرىتى ئۇزەيرمۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئەللىك ياشتا ئىكەن قېچىپ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، بىر ئېشەك بىلەن قۇددۇسقا قاراپ يولغا چىقتى. قۇددۇسقا يېقىنلاشقاندا شەھەرنىڭ يىقىلغان بىنالىرىغا، خانىۋەيران بولغان باغ- بوستانلىقلارغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى. قۇرسقى قاتتىق ئېچىپ، ئېشكىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئەنجۈر تېپىپ يېدى، ئۈزۈم سىقىپ سۈيىنى ئىچتى. كېيىن بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردى. خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن مەملىكەتتە سېسىپ كەتكەن بەدەنلەر، يىغىلىپ قالغان سۆڭەكلەرگە ئىبرەت

بىلەن قارىدى. ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تەپەككۇر قىلغان ھالدا ھەر نەرسىنىڭ يېڭىدىن قانداق تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئويلىغان ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

أَوْ كَالَّذِي مَرَّ عَلَى قَرْيَةٍ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَى عُرُوشِهَا قَالَ أَنَّى يُحْيِي هَذِهِ اللَّهُ بَعْدَ مَوْتِهَا فَأَمَاتَهُ اللَّهُ مِئَةَ عَامٍ ثُمَّ بَعَثَهُ قَالَ كَمْ لَبِثْتَ قَالَ لَبِثْتُ يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ قَالَ بَل لَّبِثْتَ مِئَةَ عَامٍ فَانظُرْ إِلَى طَعَامِكَ وَشَرَابِكَ لَمْ يَتَسَنَّهْ وَانظُرْ إِلَى حِمَارِكَ وَلِنَجْعَلَكَ آيَةً لِّلنَّاسِ وَانظُرْ إِلَى العِظَامِ كَيْفَ نُنشِزُهَا ثُمَّ نَكْسُوهَا لَحْمًا فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُ قَالَ أَعْلَمُ أَنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

**"ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان** (خارابە) **شەھەر** (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) **دىن ئۆتكەن كىشىنى** (يەنى ئۇزەيرنى) **كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ** (ئەجەبلىنىپ): **«ئاللاھ بۇ شەھەرنىڭ ئۆلگەن ئاھالىسىنى قانداق تىرىلدۈرەر؟» دېدى. ئاللاھ ئۇنى يۈز يىل ئۆلۈك ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ ئاندىن** (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) **تىرىلدۈردى. ئاللاھ** (پەرىشتە ئارقىلىق) **ئۇنىڭدىن:** «(بۇ ھالەتتە) **قانچىلىك تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «بىر كۈن ياكى بىر كۈنگە يەتمەيدىغان ۋاقىت تۇردۇم» دېدى. ئاللاھ ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس،** (تولۇق) **100 يىل تۇردۇڭ! يېمەك ئىچمىكىڭگە قارىغىنكى، بۇزۇلمىغان؛ ئېشىكىڭگە قارىغىنكى** (ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى چىرىپ كەتكەن). (ساڭا يۇقىرىقىدەك ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز) **سېنى بىز كىشىلەرگە** (قۇدرىتىمىزنىڭ) **دەلىلى قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆڭەكلەرگە قارىغىنكى، ئۇنى قانداق قۇراشتۇرىمىز، ئاندىن ئۇنىڭغا گۆش قوندۇرىمىز.** (يۇقىرىقى ئىشلار) **ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان چاغدا** (يەنى ئۇ روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن چاغدا)، **ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دېدى."** (سۈرە بەقەرە، 259 - ئايەت)

ئۇزەير ئەلەيھىسسالام، ئۇخلىغان چاغدا ئەتىگەن ئىدى. ئويغانغاندا بولسا كۈن پاتمىغان ئىدى. لېكىن ئارىدىن يۈز يىل ئۆتتى. بۇ جەرياندا بۇختىننەسىر ئۆلۈپ، پۈتۈن ئەسىرلەر قۇتۇلۇپ قۇددۇسقا قايتىپ كەلدى. مەسجىدى ئەقسا رېمونت قىلىنىپ، پۈتۈن شەھەر ئاۋات ھالىغا كەلدى.

ھەقىقەتكە ئايلانغان بۇ ئۇلۇغ تەجەللىلەردىن كېيىن، ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغىغا مىنگەن ھالدا قۇددۇس شەھىرىگە كىرگەندە، شەھەر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، باشقىچە تۈس ئالغان ئىدى. ئىنسانلار تونۇش ئىنسانلار ئەمەس، بىنالار بىلىدىغان بىنالار ئەمەس ئىدى. مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۇچراتقان كور ۋە پالەچ بىر ئايالغا:

«ئۇزەيرنىڭ ئۆيى نەدە؟» دەپ سورىدى.

ئايال قايغۇرغان ھالدا:

«بۇ ئۆي ئۇزەيرنىڭ ئۆيىدۇر، لېكىن ئۆزى يۈز يىل بۇرۇن غايىپ بولدى. مەن ئۇنىڭ جارىيەسى!» دېدى.

ئۇزەير ئەلەيھىسسالام:

«مەن ئۇزەير بولىمەن!» دەپ ئۆزىنى تونۇتتى ۋە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بايان قىلدى.

جارىيەسى ناھايىتى سۆيۈنگەن ۋە بۇرۇنقى ھالىغا كېلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلغان ھالدا دۇئا قىلدى. ئايال بۇرۇنقى سالامەتلىكى ۋە بۇرۇنقى ھالىغا ئۆزگەردى.

ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئۇخلاپ ۋاپات بولغاندا 18 ياشلاردا بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ تىرىلگەندە 118 ياشلاردا ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي بولدى. بۇ بوۋاينىڭ ئاتىسى بولغان ئۇزەير ئەلەيھىسسالام 50 ياشلاردا بىر كىشى ئىدى. ئوغلى ئاتىسىنى تونىيالمىدى: «ئاتامنىڭ دۈمبىسىدە ئاي شەكلىدە قارا بىر مەڭ بار ئىدى!» دېدى.

ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈمبىسىنى ئېچىپ، بۇ ئاي شەكلىدىكى قارا مەڭنى كۆرگەن ھەر بىر كىشىنىڭ ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ھەققىدە گۇمانى قالمىدى.

بۇختىننەسىر قۇددۇسنى ئىشغال قىلىپ بۇلاڭ تالاڭ قىلغاندا، پۈتۈن تەۋرات كۆيدۈرۈلۈپ ھېچ بىر نۇسخىسى قالمىغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزەير ئەلەيھىسسالام دىنىنى يېڭىدىن ئىھيا قىلدى.

ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ تەۋراتنى تاشلاپ، ھاۋايى ھەۋەسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەۋرات ئىچىدە بولغان ساندۇقنى ئۇلاردىن ئېلىپ، تەۋراتنى ئۇنۇتتۇردى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى بۇنىڭغا قاتتىق قايغۇردى. بولۇپمۇ ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا كۆپ

ئىبادەت قىلدى ۋە يالۋۇرۇپ يىغلىندى. ئاللاھتىن چۈشكەن بىر نۇر، ئۇنىڭ قەلبىگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنۇتۇلغان تەۋرات ئېسىگە كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەۋراتنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا ئۆگەتتى. مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئىچىدە تەۋرات بولغان ساندۇق تېپىلدى. ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئۇزەير ئەلەيهىسسالام ئۆگەتكەن تەۋراتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى تېخىمۇ ئاشتى.

بۇ ئۇلۇغ تەجەللىلەر ئالدىدا بەنى ئىسرائىل قەۋمى، كۆڭلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن باتىل بىر ئەقىدىگە قېپىپ ئۇزەير ئەلەيهىسسالامنى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دەپ، ھەددىدىن ئاشتى. (تەبەرى، «جامىئۇل بايان»، 10، 143)

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَقَالَتِ الْيَهُودُ عُزَيْرٌ ابْنُ اللّهِ وَقَالَتْ النَّصَارَى الْمَسِيحُ ابْنُ اللّهِ ذَلِكَ قَوْلُهُم بِأَفْوَاهِهِمْ يُضَاهِؤُونَ قَوْلَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَبْلُ قَاتَلَهُمُ اللّهُ أَنَّى يُؤْفَكُونَ

**"يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، ناسارالار: «مەسىھ** (يەنى ئىسا) **ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، بۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى** (دەلىلسىز) **سۆزىدۇر،** (ئۇلارنىڭ سۆزلىرى) **ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ** (يەنى مۇشرىكلارنىڭ: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن) **سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى،** (ئاللاھنىڭ بالىسى يوقلۇقىغا روشەن دەلىل تۇرسا، ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ) **ئۇلار قانداقمۇ** (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ) **ئاللاھقا يالغان چاپلايدۇ."** (سۇرە تەۋبە، 30 - ئايەت)

اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ

**"ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى، راھىبلىرىنى** (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) **ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى.** (ھالبۇكى) **ئۇلار** (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) **پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا** (يەنى ئالەملەرنىڭ

پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن باشقا) **ھېچ مەبۇد** (بەرھەق) **يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر."** (سۈرە تەۋبە، 31-ئايەت)

بۈگۈنكى يەھۇدىلار ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھنىڭ ئوغلى» ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ دەۋردىكى بىر قىسىم يەھۇدىيلار، ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلايدۇ، ھەتتا ئۇنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ.

## ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش

ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ئۆلۈم بولمىغان مەڭگۈلۈك بىر ھاياتقا قايتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، روھنىڭ ئەبەدىلىككە كۆچۈشىدۇر. ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ئاۋۋال تۇپراقتا، بىر مۇددەت ئاتىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا، كېيىن بىر مۇددەت ئانىسىنىڭ قورسىقىدا، نەتىجىدە ئاتا-ئانىنىڭ قولىدا ۋە مەلۇم مەزگىل ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆمۈر سۈرۈپ، ئاخىرىدا دۇنيا بۆشۈكىدىن قەبىر بۆشۈكىگە كۆچۈپ، مازار، قىيامەت، جەننەت ياكى جەھەننەم سەپىرىگە چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇللىرىنىڭ غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ ھەقىقەت ئالىمىدىن بەھرىلىنىش، رەببىگە قۇللۇق قىلىشتا كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بەسىرەتلىك قەلبلەرگە بىر قىسىم ئىلاھىي ۋە مۆجىزىۋى مىساللار بېرىدۇ. بۇلار سان-ساناقسىز بولۇش بىلەن بىرلىكتە خۇسۇسەن، مۇتلەق بىر ئىستىقبال بولغان «بەئسۇ بەئدەل مەۋت» ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ۋە كائىنات سىستېمىسىدا بۈيۈك قۇدرىتىنىڭ تەجەللىسى بىلەن تولۇپ تاشقان ھەيران قالارلىق نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى كۆز ئالدىدا نامايەن قىلىدۇ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ۋە ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىبرەت ھېكمەت بىلەن تولۇپ تاشقان قىسسىلىرىنى «بەئسۇ بەئدەل مەۋت» يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە بىر مىسال قىلىپ، ئىنسان ئىدراكى ئۈچۈن نامايەن قىلدى. بۇ ئىلاھىي مىساللار، كۆڭۈللەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە قەلبى سەلىمگە ئىلىپ بارىدىغان ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئەسهابۇلكەھف

ئەسهابۇلكەھف، بۇتپەرەس بىر ھۆكۈمدار بولغان داقيانۇس دەۋرىدە تارسۇستا ياشاپ، ئىمان ۋە تەۋھىد يولىدا كۈرەش قىلغان سالىھ باتۇرلاردۇر.

ئەسهابۇلكەھفنىڭ سانى ھەققىدە قۇرئاندا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. «ئۇلار بىر قىسىم باتۇرلار ئىدى» دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇ قىسسىدە ئاساسلىق تەكىتلەنگەن مەسىلە، ئۇلارنىڭ ئىسمى، سانى، يۇرتى بولماستىن، ئۇ سالىھ قۇللار ئىگە بولغان ئېھسان تۇيغۇسى ۋە ئاللاھ دەرگاھىدا قىممىتىنى ئاشۇرغان قەلبلەردىن ئىبارەت. بۇتپەرەسلىككە قارشى ئىمان ۋە تەۋھىد كۆرىشى نامايەن قىلىنغان بۇ قىسسىدە، ئۆلۈمدىن كېيىنكى قايتا تىرىلىشنىڭ بىر ئۆرنىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىنسانىنىڭ كۆپلىگەن ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشى ئىرادە قىلىنغان.

ھۆكۈمدار داقيانۇسنىڭ يېقىندىكى بىر قىسىم باتۇرلاردىن بولغان ئەسهابۇلكەھف، تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇتپەرەست ۋە زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دائىم ئاللاھقا كۆز-يېشى تۆككەن ھالدا دۇئا قىلدى. ئەمما زالىم ھۆكۈمدار ھاكاۋۇرلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، زۇلمىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى، ھەتتا ئۆزىنى ئىلاھ دەپ، كىم تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئىگە بولسا ئۇنى تۇتۇپ، شەھەر سىپىلىغا ئاستى.

بۇ جەرياندا ئۆزگە ناھايىتى يېقىن بولغان ئەسهابۇلكەھفنىڭ مۆمىنلەردىن ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ تەھدىت قىلدى. لېكىن ئۇلار ئىمانىنىڭ ئەبەدى لەززىتىنى تېتىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەھدىتلەر ئالدىدا قىلچە قورقۇپ قالماستىن زالىم ھۆكۈمدارغا قارشى تۇرۇپ، ھەقىقەتنى يۈزمۇ-يۈز سۆزلەشتىن چېكىنمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ نَبَأَهُم بِالْحَقِّ إِنَّهُمْ فِتْيَةٌ آمَنُوا بِرَبِّهِمْ وَزِدْنَاهُمْ هُدًى

**"بىز ساڭا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى راستلىقى بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر."** (سۈرە كەھف، 13-ئايەت)

وَرَبَطْنَا عَلَى قُلُوبِهِمْ إِذْ قَامُوا فَقَالُوا رَبُّنَا رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَن نَّدْعُوَ مِن دُونِهِ إِلَٰهًا لَقَدْ قُلْنَا إِذًا شَطَطًا

**"ئۇلارنىڭ دىللىرىنى** (يەنى ئىرادىسىنى) **مۇستەھكەم قىلدۇق، ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار** (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) **دەس تۇرۇپ ئېيتتى: «بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، بىز ئۇنى قويۇپ ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز، ئەگەر بىز** (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار) **دەيدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز."** (سۈرە كەھف، 14 - ئايەت)

هَٰؤُلَاءِ قَوْمُنَا اتَّخَذُوا مِن دُونِهِ آلِهَةً لَّوْلَا يَأْتُونَ عَلَيْهِم بِسُلْطَانٍ بَيِّنٍ فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَىٰ عَلَى اللَّهِ كَذِبًا

**"بىزنىڭ قەۋمىمىز ئاللاھنى قويۇپ** (بۇتلارنى) **ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە نېمىشقا ئېنىق دەلىل كەلتۈرمەيدۇ، ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟»."** (سۈرە كەھف، 15 - ئايەت)

يىگىتلەر داقيانۇسنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى تەكلىپى ئالدىدا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ يالغۇز بىر ئىلاھىمىز بار، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئىلاھ دەپ تونىمايمىز. بىز ئاسمان-زېمىنىنىڭ رەببىنى تاشلاپ، قۇللىرى ياسىغان جانسىز تاش پارچىلىرىغا ئەسلا ئىبادەت قىلمايمىز. سېنىڭ تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس! بىزگە قانداق ھۆكۈم بەرسەڭ بەر!»

ئۇلار مۇنداق قىلىش ئارقىلىق، ئاۋۋال مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇپ، ئاخىرىدا ئىمان بىلەن شەرەپلەنگەن سېھىرگەرلەرنىڭ، پىرئەۋنگە قارشى ئىماننىڭ كۈچى ۋە غەيرىتىنى نامايەن قىلدى، ئۇ پەزىلەتنىڭ ئوخشىشىنى، زالىم ھۆكۈمدار داقيانۇسقا قارشى كۆرسەتتى.

سېھىرگەرلەرمۇ ئۆزلىرىگە ئىمان نېسىپ بولغاندىن كېيىن، پىرئەۋنىنىڭ تەھدىدى ئالدىدا:

«سېنىڭ قىلغانلىرىڭ بىزگە زىيان زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ! چۈنكى بىز قانداقلا بولمىسۇن رەببىمىزگە قايتىمىز! قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!» دېدى.

ھۆكۈمدار داقيانۇس، كۈچلۈك ئىمانغا ئىگە بۇ يىگىتلەرنىڭ جەسۇر مەيدانى ئالدىدا قاتتىق غەزەپلەندى ۋە بۇرۇن ئۇلارغا بەرگەن ئۇنۋانلىرىنى سۆكۈپ تاشلاپ:

«سىلەر تېخى ياش، جېنىڭلارغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن! قىلمىشىڭلار ئۈچۈن ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن، ياخشى ئويلاپ كۆرۈڭلار، قۇتۇلۇشنى خالامسىلەر ياكى ھالاك بولۇشنىمۇ؟» دەپ تەھدىت قىلدى. كېيىن ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ نىنوۋاغا كەتتى.

ھۆكۈمدار بەرگەن بۇ مۆھلەت، ئەسھابۇلكەھف ئۈچۈن ئىلاھىي بىر ئىنئام، زالىم ھۆكۈمداردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت ئىدى. ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە نۇسرىتىنى ئۈمىد قىلغان بۇ سالىھ يىگىتلەر، بىر ئىت بىلەن بىرگە قېچىپ، بىر غارغا يوشۇرۇندى. ئۇلار ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن تاماق بىلەن ئوزۇقلىنىپ كېچە-كۈندۈز ئاللاھقا ئىبادەت قىلدى ھەم ئۇنىڭغا يېلىنغان ھالدا:

**«ئى رەببىمىز! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە بىر قۇتۇلۇش يولى كۆرسەتكىن!»** دەپ يالۋۇردى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ، ھىجرەت جەريانىدا يوشۇرۇنغان سەۋر غارىدا بۇ دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلغانىدى.

شۇڭا سالىھ ئەمەللەرنى، خالىس نىيەتلىرى ۋە قىلغان بۇ دۇئا ھۆرمىتى بىلەن تولۇپ تاشقان ئىلاھىي نۇسرەت ئەسھابۇلكەھفنى ئورىدى. بۇ ۋاقىتتا زالىم داقيانۇس، نىنوۋادىن قايتىپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى. دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ ئۇلار يوشۇرۇنغان غارنى تاپتى. قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇلارغا قانداق جازا بېرىشنى خىيال قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەقلىگە غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىشنى كەلتۈردى. ئارتۇق ئويلىماستىنلا ئەسكەرلىرىگە:

«دەرھال غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىڭلار! ئۇلار ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىپ ئۆلسۇن!» دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئۇنىڭچە بولغاندا بۇ ئۇلارنى تىرىك كۆمۈش ئىدى. پەقەت ئۇ، ھەزرىتى مۇسانى پىرئەۋننىڭ سارىيىدا چوڭ قىلىپ، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قالغان ئاللاھنىڭ، ئەسھابۇلكەھفنى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن مۇھاپىزە قىلىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن ئىدى.

شۇڭا مۇھاپىزە قىلغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان ئاللاھ، ئەسھابۇلكەھفنى چەكسىز رەھمىتى بىلەن قاپلاپ، ئۇلارنى غاردا 309 يىل تىرىك ھالدا ئۇخلاتتى.

بۇ ھەقتە ھەزرىتى مەۋلانا مۇنداق دەيدۇ:

«غاپىللەر ئارىسىدا بولۇپ ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ئۇخلىغان ياخشى. ئاللاھ ئەسھابۇلكەھفنى پاسىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى غەپلەتتىن ساقلىدى.»

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَتَرَى الشَّمْسَ إِذَا طَلَعَت تَّزَاوَرُ عَن كَهْفِهِمْ ذَاتَ الْيَمِينِ وَإِذَا غَرَبَت تَّقْرِضُهُمْ ذَاتَ الشِّمَالِ وَهُمْ فِي فَجْوَةٍ مِّنْهُ ذَلِكَ مِنْ آيَاتِ اللَّهِ مَن يَهْدِ اللَّهُ فَهُوَ الْمُهْتَدِي وَمَن يُضْلِلْ فَلَن تَجِدَ لَهُ وَلِيًّا مُّرْشِدًا

**"كۈن چىققان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن** (يەنى غارنىڭ ئىشىكى شىمال تەرەپتە بولغانلىقتىن كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، كۈن چىققاندىمۇ، پاتقاندىمۇ ئۇنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشمەيدۇ)، **ئۇلار بولسا غارنىڭ** (ئوتتۇرىسىدىكى) **بوشلۇقتۇر، بۇ ئاللاھنىڭ** (قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) **ئالامەتلىرىدىندۇر، كىمنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ** (ھەقىقىي) **ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، كىمنى** (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) **ئاللاھ ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن."** (سۈرە كەھف، 17 - ئايەت)

وَتَحْسَبُهُمْ أَيْقَاظًا وَهُمْ رُقُودٌ وَنُقَلِّبُهُمْ ذَاتَ الْيَمِينِ وَذَاتَ الشِّمَالِ وَكَلْبُهُم بَاسِطٌ ذِرَاعَيْهِ بِالْوَصِيدِ لَوِ اطَّلَعْتَ عَلَيْهِمْ لَوَلَّيْتَ مِنْهُمْ فِرَارًا وَلَمُلِئْتَ مِنْهُمْ رُعْبًا

"(مۇبادا ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىدىن) **ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇيقۇدىدۇر، ئۇلارنى بىز ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئىتى** (غار) **نىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ، يۈز ئۆرۈپ چوقۇم قاچقان بولاتتىڭ."** (سۈرە كەھف، 18 - ئايەت)

ئاللاھ ئەسھابۇلكەھفنى ئويغاتقان ۋاقتتا، ئۇلار غاردا ناھايىتى ئاز بىر ۋاقىت قالغانلىقىنى ئويلىدى. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَكَذَلِكَ بَعَثْنَاهُمْ لِيَتَسَاءلُوا بَيْنَهُمْ قَالَ قَائِلٌ مِّنْهُمْ كَمْ لَبِثْتُمْ قَالُوا لَبِثْنَا يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ قَالُوا رَبُّكُمْ أَعْلَمُ بِمَا لَبِثْتُمْ فَابْعَثُوا أَحَدَكُم بِوَرِقِكُمْ هَذِهِ إِلَى الْمَدِينَةِ فَلْيَنظُرْ أَيُّهَا أَزْكَى طَعَامًا فَلْيَأْتِكُم بِرِزْقٍ مِّنْهُ وَلْيَتَلَطَّفْ وَلَا يُشْعِرَنَّ بِكُمْ أَحَدًا

**"ئۇلارنى ئۇخلاتقىنىمىزدەك،** (غاردا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى) **ئۆز - ئارا سوراشسۇن دەپ** (ئۆلۈمگە ئوخشاش ئۇزاق ئويقۇدىن) **ئۇلارنى ئويغاتتۇق، ئۇلارنىڭ بىرى «**(بۇ غاردا) **قانچە ئۇزۇن تۇردۇڭلار؟» دېدى. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ** (بەزىسى) **دېدىكى، «قانچە ئۇزاق تۇرغانلىقىڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار ئوبدان بىلىدۇ** (بۇنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق، بىز ھازىر ئاچ)**، بىرىڭلارنى بۇيرۇڭلار، بۇ تەڭگىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ تامىقى ئەڭ پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ** (شەھەرگە كىرىشتە ۋە تاماق سېتىۋېلىشتا) **ئېھتىيات قىلسۇن سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن."** (سۈرە كەھف، 19 - ئايەت)

إِنَّهُمْ إِن يَظْهَرُوا عَلَيْكُمْ يَرْجُمُوكُمْ أَوْ يُعِيدُوكُمْ فِي مِلَّتِهِمْ وَلَن تُفْلِحُوا إِذًا أَبَدًا

**"ئەگەر شەھەردىكى كىشىلەر سىلەرنى تۇتۇۋالسا، سىلەرنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ، مۇنداقتا ھەرگىزمۇ مەقسىتىڭلارغا ئېرىشەلمەيسىلەر»."** (سۈرە كەھف، 20 - ئايەت)

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى شەھەرگە ئوزۇق ئېلىشقا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى بىر قانچە ئەسىر بۇرۇنقىغا ئائىت پۇلنى كۆرگەنلەر، ئۇنىڭ بىر خەزىنە تېپىۋالغانلىقىنى گۇمان قىلىپ، ھۆكۈمدارغا شىكايەت قىلدى.

زامانىنىڭ يېڭى ھۆكۈمدارى سالىھ بىر كىشى ئىدى. ئەتراپىدىكىلەرگە دائىم گۈزەل سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلاتتى. ئۇلارنى تەۋھىدكە چاقىرىپ ئۆلۈمدىن كېيىنكى تىرىلىش ۋە قىيامەت ھەققىدىكى سىرلار ئۈستىدە كۆپ توختىلاتتى.

لېكىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىر قىسىم جاھىللار ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە شۈبھە بىلەن قاراپ، ئىشەنمىگەن ئىدى. ئۇ ھۆكۈمدار بۇنىڭدىن ناھايىتى غەم قىلىپ، ئاللاھقا:

«ئى رەببىم! بۇ قەۋم ئىنكار قىلغان ھەقىقەتلەر ھەققىدە بىر تەجەللى كۆرسەتكىن!» دەپ يالۋۇردى.

نەتىجىدە ئەسھابۇلكەھفتىن بولغان بۇ يىگىتنى كۆرگەندە، ناھايىتى سۆيۈنگەن ھالدا ئەتراپىدىكىلەرگە ئېلان قىلدى ۋە ئىزدىگەن تەجەللىنىڭ ئەملىيەتتە ئايانلىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتتى. كېيىن ئەسھابۇلكەھفنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئىلاھىي ھېكمەت ۋە ئىبرەتلەر مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئەسھابۇلكەھفنىڭ روھىنى ئالدى.

ئەسھابۇلكەھف ئىمانىدا چىڭ تۇرۇپ زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاللاھ يولىدىن ئايرىلمىغانلىقى ۋە بۇ يولدا ھىجرەت قىلغانلىقىنىڭ بىر بەرىكىتى بولغان ھالدا قۇرئان كەرىمدە ھۆرمەتلىنىپ تىلغا ئېلىنىدى. بۇ قىسسە بىلەن قۇرئاندىكى بىر سۈرىنىڭ ئىسمى بۇ سالىھ كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن «كەھف سۈرىسى» دەپ ئاتالدى. بۇ سۈرىدە ئەسھابۇلكەھفتىن باشقا ئەھمىيەتلىك قىسسىلار بولسىمۇ، سۈرىگە بۇ ئىسمىنىڭ بېرىلىشى، بۇ قىسسىنىڭ خۇسۇسى ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، جۈمە كۈنى كەھف سۈرىسى ئوقۇلسا، بۇنىڭ يەنە بىر جۈمەگىچە بولغان گۇناھلارغا كەپپارەت بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ سۈرە ئىمان كۆرۈشى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، مۇسا-خىزىر قىسسىسى، ئىلاھىي قۇدرەت تەجەللىسىگە ئوخشاش داۋاملىق ئەستە تۇتۇلۇشى كېرەك بولغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەر ھەپتە بۇ سۈرىنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلدى.

❀

يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان يېرى شۇكى، ئەسھابۇلكەھفنىڭ يېنىدىكى ئىتمۇ ئۇلار ئېرىشكەن لۇتۇپلاردىن نېسىۋىسىنى ئالدى. مۆمىنلەرنىڭ قارىشىچە ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىتمىرى بىر ئىت بولسىمۇ، سادىقلار بىلەن بىللە بولغانلىقى ۋە ئۇلارغا غارنىڭ ئاغزىدا ساداقەتلىك بىلەن كۆزەتچىلىك قىلغانلىقىنىڭ بەرىكىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا مۇنداق دەيدۇ:

«لۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، پاسىقلار بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن ئورنىنى يوقۇتۇپ قويدى، پاسىقلاشتى. ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىتمىرى بولسا، سالىھلارغا كۆزەتچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئىنسانى سۈپەتكە ئېرىشتى.»

ئاللاھ بىر تەرەپتىن ئەسھابۇلكەھف قىسسىسى ئۈستىدە توختۇلۇپ، يىگىتلەرنىڭ 309 يىل جەريانىدە ھېچ بىر نەرسە يېمەي-ئىچمەي جانلىق ئۇخلىتىلغانلىقى ھەققىدىكى تەجەللىنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلارنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

أَمْ حَسِبْتَ أَنَّ أَصْحَابَ الْكَهْفِ وَالرَّقِيمِ كَانُوا مِنْ آيَاتِنَا عَجَبًا

**"ئەسھابۇلكەھفنى ۋە رەقىم** (يەنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا)**نى** (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) **ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى دەپ قارىدىڭمۇ؟"** (سۈرە كەھف، 9-ئايەت)

چۈنكى ئاللاھ بۇنىڭدىنمۇ بۈيۈك بولغان تەجەللىلەرنىڭ خالىقى ۋە مالىكىدۇر. ئۇ يوقتىن بار قىلغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچىدۇر.

ئاللاھ تائالا ھەر دائىم نۇرغۇن تەجەللىلەر بىلەن، پەيدا بولۇش ۋە ئۆلۈمنى ئىدراك قىلغان ئىنسان، تىرىلىشنىمۇ ئىدراك قىلىش ئۈچۈن بايان قىلغان قىسسىلىرىنىڭ يېنىدا، ئەقلى ۋە قەلبى ھېكمەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان ئايەتلەر ئارقىلىق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەقىقىتىنى، ئۆزىنىڭ ئەزىمەت ۋە قۇدرىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

أَوَلَمْ يَرَ الْإِنسَانُ أَنَّا خَلَقْنَاهُ مِن نُّطْفَةٍ فَإِذَا هُوَ خَصِيمٌ مُّبِينٌ وَضَرَبَ لَنَا مَثَلًا وَنَسِيَ خَلْقَهُ قَالَ مَنْ يُحْيِي الْعِظَامَ وَهِيَ رَمِيمٌ قُلْ يُحْيِيهَا الَّذِي أَنشَأَهَا أَوَّلَ مَرَّةٍ وَهُوَ بِكُلِّ خَلْقٍ عَلِيمٌ

**"ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابمەنىيدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ** (پەرۋەردىگارىغا) **ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە** (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) **مىسال**

**قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر».".** (سۈرە ياسىن، 77-79-ئايەت)

أَيَحْسَبُ الْإِنسَانُ أَلَّن نَجْمَعَ عِظَامَهُ بَلَى قَادِرِينَ عَلَى أَن نُّسَوِّيَ بَنَانَهُ

"**ئىنسان** (يەنى كاپىر) **بىزنى ئۆزىنىڭ** (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) **سۆڭەكلىرىنى جەمئى قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس** (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئى قىلىمىز)، **ئۇنىڭ** (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان) **بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز."** (سۈرە قىيامەت، 3-4-ئايەت)

أَلَيْسَ ذَلِكَ بِقَادِرٍ عَلَى أَن يُحْيِيَ الْمَوْتَى

"**ئۇ** (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان ئاللاھ) **ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟"** (سۈرە قىيامەت، 40-ئايەت)

ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان ئىكەنلىكىنى دۇنيا نىزامىدىن مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەقىل ۋە قەلب ئىگىلىرى ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ:

زَعَمَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَن لَّن يُبْعَثُوا قُلْ بَلَى وَرَبِّي
لَتُبْعَثُنَّ ثُمَّ لَتُنَبَّؤُنَّ بِمَا عَمِلْتُمْ وَذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ

**"كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر»"** (سۈرە تەغابۇن، 7-ئايەت)

وَاللَّهُ أَنبَتَكُم مِّنَ الْأَرْضِ نَبَاتًا ثُمَّ يُعِيدُكُمْ فِيهَا وَيُخْرِجُكُمْ إِخْرَاجًا

**"ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى** (چۈنكى ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان ئىدى). **ئاندىن ئاللاھ سىلەرنى** (ئۆلگەندىن كېيىن) **زېمىنغا قايتۇرىدۇ** (يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر)، **ئاندىن سىلەرنى** (قىيامەت كۈنى) **زېمىندىن چىقىرىدۇ."** (سۈرە نۇھ، 17 - 18 - ئايەت)

وَهُوَ الَّذِي يُرْسِلُ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ حَتَّى إِذَا أَقَلَّتْ سَحَابًا ثِقَالاً سُقْنَاهُ لِبَلَدٍ مَّيِّتٍ فَأَنزَلْنَا بِهِ الْمَاء فَأَخْرَجْنَا بِهِ مِن كُلِّ الثَّمَرَاتِ كَذَلِكَ نُخْرِجُ الْمَوْتَى لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ

**"ئاللاھنىڭ رەھمىتى** (يەنى يامغۇر) **مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، ئاللاھ بېشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك** (يەنى قاغجىراپ كەتكەن گىياھسىز) **جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك - تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن** (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) **ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز."** (سۈرە ئەئراف، 57 - ئايەت)

فَانظُرْ إِلَى آثَارِ رَحْمَتِ اللَّهِ كَيْفَ يُحْيِي الْأَرْضَ
بَعْدَ مَوْتِهَا إِنَّ ذَلِكَ لَمُحْيِي الْمَوْتَى وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

**"ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى، ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر."** (سۈرە رۇم، 50 - ئايەت)

أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّ اللَّهَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَمْ يَعْيَ بِخَلْقِهِنَّ بِقَادِرٍ عَلَى أَنْ يُحْيِيَ الْمَوْتَى بَلَى إِنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

**"ئۇلار** (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كۇففارلار) **بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دۇرۇس، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر."** (سۈرە ئەھقاف، 33 - ئايەت)

قُل كُونُواْ حِجَارَةً أَوْ حَدِيدًا أَوْ خَلْقًا مِّمَّا يَكْبُرُ فِي صُدُورِكُمْ فَسَيَقُولُونَ مَن يُعِيدُنَا قُلِ الَّذِي فَطَرَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَسَيُنْغِضُونَ إِلَيْكَ رُؤُوسَهُمْ وَيَقُولُونَ مَتَى هُوَ قُلْ عَسَى أَن يَكُونَ قَرِيبًا

**"سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ) ئۇلار: ‹‹بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟›› دېگىن، ئۇلار ساڭا باشلىرىنى لىڭشىتىپ: ‹‹ئۇ قاچان بولىدۇ؟›› دېيىشىدۇ، (سەن) ‹‹ئۇمىدكى، ئۇ يېقىندا بولىدۇ›› دېگىن."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 50 - 51 - ئايەت)

أَوَلَمْ يَرَوْاْ أَنَّ اللّهَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ قَادِرٌ عَلَى أَن يَخْلُقَ مِثْلَهُمْ وَجَعَلَ لَهُمْ أَجَلاً لاَّ رَيْبَ فِيهِ فَأَبَى الظَّالِمُونَ إَلاَّ كُفُورًا

**"ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنى يارىتالايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ** (ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى ئۈچۈن) **شەك - شۈبھىسىز مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى، كاپىرلار پەقەت كۇفرىغىلا ئۇنايدۇ."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 99 - ئايەت)

إِنَّمَا قَوْلُنَا لِشَيْءٍ إِذَا أَرَدْنَاهُ أَن نَّقُولَ لَهُ كُن فَيَكُونُ

**"بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دەيمىز - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ."** (سۈرە نەھل، 40 - ئايەت)

ئاللاھ كېچىسى ئۇخلاپ سەھەردە ئويغۇنىشىمىزنىڭ بىر ئۆلۈم ۋە تىرىلىشنىڭ مىسالى ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە نەقەدەر گۈزەل ئىپادىلىگەن:

وَهُوَ الَّذِي يَتَوَفَّاكُم بِاللَّيْلِ وَيَعْلَمُ مَا جَرَحْتُم بِالنَّهَارِ ثُمَّ يَبْعَثُكُمْ فِيهِ لِيُقْضَى أَجَلٌ مُّسَمًّى ثُمَّ إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

**"ئاللاھ سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە**

**ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ."** (سۈرە ئەنئام، 60 - ئايەت)

ئايەتتە ئېيتىلغاندەك، كۈندۈزنىڭ كېچىگە، كېچىنىڭ كۈندۈزگە ئايلىنىشى، دۇنيانى قاپلىغان ئىقلىملارنىڭ بىر-بىرىنى قوغلىشىشى ۋە بۇ جەريانىدا تۇپراق مەھسۇلاتلىرىدا ياشىغان ئۆلۈم تىرىلىشكە ئوخشاش كۆرۈنىشلەرنىڭ ھەر بىرى، ئەسلىدە قىيامەت سەھىرىگە قوپۇشنىڭ بىر ئىپادىسى بولغان «بەئسۇ بەئدەل مەۋت» ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئەسلىتىدىغان ئىبرەتلىك ھەقىقەتلەردۇر.

ئاللاھ كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەقىقىتىنى قەلبلەردە ھېچ بىر شۈبھىگە ئورۇن قويمىغان ھالدا، ئوچۇق بىر شەكىلدە، نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بىلەن ئىنسان ئەقلىگە تەقدىم قىلىدۇ. يەنە بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّنَ الْبَعْثِ فَإِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن تُرَابٍ ثُمَّ مِن نُّطْفَةٍ ثُمَّ مِنْ عَلَقَةٍ ثُمَّ مِن مُّضْغَةٍ مُّخَلَّقَةٍ وَغَيْرِ مُخَلَّقَةٍ لِّنُبَيِّنَ لَكُمْ وَنُقِرُّ فِي الْأَرْحَامِ مَا نَشَاء إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى ثُمَّ نُخْرِجُكُمْ طِفْلًا ثُمَّ لِتَبْلُغُوا أَشُدَّكُمْ وَمِنكُم مَّن يُتَوَفَّى وَمِنكُم مَّن يُرَدُّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ لِكَيْلَا يَعْلَمَ مِن بَعْدِ عِلْمٍ شَيْئًا وَتَرَى الْأَرْضَ هَامِدَةً فَإِذَا أَنزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاء اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ وَأَنبَتَتْ مِن كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ

**"ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار** (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، **بىز سىلەرگە** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) **تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى** (ئالدى بىلەن) **ئابمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىداندان مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى** (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) **بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز** (ئاندىن سىلەرنى ئاستا - ئاستا كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، **سىلەر** (كامالەت يېشى) **قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىڭلار،** (ئىلگىرى) **بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس**

**ھالىتىگىلارغا قايتۇرۇلۇشىلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە** (ھايات) **قالدۇرۇلىسىلەر،** (ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) **سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ."** (سۈرە ھەج، 5-ئايەت)

ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ وَأَنَّهُ يُحْيِي الْمَوْتَى وَأَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

**"بۇ** (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يۇقىرىقىدەك يارىتىشى) **، ئاللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر."** (سۈرە ھەج، 6-ئايەت)

وَأَنَّ السَّاعَةَ آتِيَةٌ لَّا رَيْبَ فِيهَا وَأَنَّ اللَّهَ يَبْعَثُ مَن فِي الْقُبُورِ

**"شۇنداقلا قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىقىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى** (ئۆلۈك زېمىننى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك) **ئاللاھنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر."** (سۈرە ھەج، 7-ئايەت)

«بەئسۇ بەئدەل مەۋت» يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ تۈنجى قەدىمى، سۈرنىڭ بىرىنچى قېتىم چېلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۈتۈن جانلىق ئۆلىدۇ. كېيىن سۈرنىڭ ئىككىنچى قېتىم چېلىنىشى بىلەن «بەئسۇ بەئدەل مەۋت» يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ
وَمَن فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَن شَاء اللَّهُ ثُمَّ نُفِخَ فِيهِ أُخْرَى فَإِذَا هُم قِيَامٌ يَنظُرُونَ

**سۈر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۈر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ** (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) **قاراپ تۇرىدۇ."** (سۈرە زۇمەر، 68-ئايەت)

ئاللاھ، ئۇ كۈنى «بەئسۇ بەئدەل مەۋت» يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش كۈنى تىرىلگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە مەھشەرنىڭ دەھشىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

يَوْمَ يَخْرُجُونَ مِنَ الْأَجْدَاثِ سِرَاعًا كَأَنَّهُمْ إِلَى نُصُبٍ يُوفِضُونَ خَاشِعَةً أَبْصَارُهُمْ تَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ ذَلِكَ الْيَوْمُ الَّذِي كَانُوا يُوعَدُونَ

**"ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك** (مەھشەرگاھقا) **يۈگۈرىدۇ** [43]. **ئۇلار** (ئاللاھدىن ئۈيىلىپ) **يۇقىرى قارىيالمايدۇ، ئۇلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ، ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر."** (سۈرە مائارىج، 43 - 44 - ئايەت)

فَيَوْمَئِذٍ لَّا يَنفَعُ الَّذِينَ ظَلَمُوا مَعْذِرَتُهُمْ وَلَا هُمْ يُسْتَعْتَبُونَ

**"بۇ كۈندە زالىملارنىڭ** (ئېيتقان) **ئۆزرىسىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ** (تەۋبە قىلىشى يا ئىتائەت قىلىشى بىلەن) **ئاللاھنى رازى قىلىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ."** (سۈرە رۇم، 57 - ئايەت)

يَوْمَ تَشَقَّقُ الْأَرْضُ عَنْهُمْ سِرَاعًا ذَلِكَ حَشْرٌ عَلَيْنَا يَسِيرٌ

**"ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ ئۇلار** (قەبرىلىرىدىن) **تېز چىقىپ كېلىدۇ، ئەنە شۇ يىغىش بىزگە ئاساندۇر."** (سۈرە قاف، 44 - ئايەت)

يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ وَصَاحِبَتِهِ وَبَنِيهِ لِكُلِّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُّسْفِرَةٌ ضَاحِكَةٌ مُّسْتَبْشِرَةٌ وَوُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ عَلَيْهَا غَبَرَةٌ تَرْهَقُهَا قَتَرَةٌ أُوْلَئِكَ هُمُ الْكَفَرَةُ الْفَجَرَةُ

**"ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا** (شۇ ھالى) **يار بەرمەيدۇ. ئۇ كۈندە**

**نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. بۇلار بولسا كاپىرلاردۇر، فاجىرلاردۇر."** (سۈرە ئەبەسە، 34 - ئايەتتىن 42 - ئايەتكىچە)

يَوْمَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وَتَسْوَدُّ وُجُوهٌ فَأَمَّا الَّذِينَ اسْوَدَّتْ وُجُوهُهُمْ أَكْفَرْتُم بَعْدَ إِيمَانِكُمْ فَذُوقُواْ الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُونَ وَأَمَّا الَّذِينَ ابْيَضَّتْ وُجُوهُهُمْ فَفِي رَحْمَةِ اللّٰهِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ

**"شۇ كۈندە** (يەنى قىيامەت كۈندە) **بەزى يۈزلەر** (يەنى مۆمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) **ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر** (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) **قارىيىدۇ. يۈزى قارايغانلارغا** (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى) **«ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلارمۇ؟ كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» يۈزى ئاقارغانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدە** (يەنى جەننەتتە) **بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى جەننەتتە) مەڭگۈ قالىدۇ."** (سۈرە ئال ئىمران، 106 - 107 - ئايەت)

توغرا بىر مۇھاكىمىگە ئىگە بولغان ئىنسان شۇنى ئويلىشى كېرەك: كائىناتتىكى ھەر نەرسە، يالغۇز بىر ئۇرۇقنىڭ يېرىلىشىدىن باھار تەنتەنىسىگە، تۇغۇلۇشتىن ئۆلۈشكە ۋە مىكرو ئالەمدىن ماكرو ئالەمگە، زەررىدىن دۇنياغا قەدەر لايىقىدا چۈشىنىلىشى ئىمكانسىز بولغان بىر تەڭپۇڭلۇق ۋە ئىنتىزام ئىچىدە، بىر ـ بىرىگە ماس كەلگەن ھالدا قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان بۇ ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەنزىرىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا، كائىناتتا ئىنسان ئەقلىنى ئاجىز قىلغان بۇ مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە ئىلاھىي سەلتەنەت ئىچىدە ئىنسانىنى ھېكمەتسىز ياراتتىمۇ؟

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ

**"ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى** (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ

بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى). **ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟."** (سۈرە مۆئمىنۇن، 115 - ئايەت)

أَيَحْسَبُ الْإِنسَانُ أَن يُتْرَكَ سُدًى

**"ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ** (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) **دەپ ئويلامدۇ؟"** (سۈرە قىيامەت، 36 - ئايەت)

كائىناتتا ھەر زەررە، قۇرئاندا ھەر بىر ھەرپ ۋە ئىنسانلاردىكى ھەربىر ھۈجەيرە، ھېچ بىر نەرسىنىڭ بىكاردىن بىكارغا يارىتىلمىغانلىقىنى، ئۆزىگە خاس بىر تىل بىلەن بايان قىلىپ بېرىلگەن، ئىنساننىڭ غەپلەتكە غەرق بولۇپ، ئىلاھىي ھېكمەت ۋە ھەقىقەتلەرگە يىراق قېلىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق بىر ئىشتۇر.

ۋاي ئىسىت! ئۇخلىغانلارنىڭ، ئۇخلىغانلاردىن سودا-سېتىق قىلىشى نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ غەپلەت ئەھلىنىڭ دۇنياسى، كىچىك باللارنىڭ كۆزىنى تېڭىۋالغان ھالدا باشقىلارنى تۇتىدىغان باللار ئويۇنىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

ھەقىقەتكە كور بولغان قەلبلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۇزۇتۇلغان جان قۇتقۇلدۇرغۇچىغا، نەپسى ۋە ھايۋانى ئارزۇلىرىغا قارمۇ-قارشى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئېتىراز قىلدى. ئەقلىنىڭ چەك-چېگرىسى ئىچىدە ئۆلۈمدىن يىراق بىر خىيال دۇنياسى بەرپا قىلىشقا تىرىشتى ۋە بۇ خىيال ئالەمدە قۇرۇق تەسەللى تېپىشقا ئۇرۇندى.

چىۋىننىڭ مەينەتچىلىك ئۈستىدە ياشاپ ئوزۇقلانغىنىدەك، قاراڭغۇلۇق بىلەن تولۇپ تاشقان دۇنيالىرىدا جاپانى سائادەت دەپ كۆرۈشىنىڭ ھەيرانلىقى ئىچىدە، جانلىق ئۆلۈكلەر بولغان ھالدا جەسەتلىرىنىڭ ھامماللىقىنى ياشاپ ئۆتىدۇ. دۈمبىسى تۇپراق كۆرمىگەن نۇرغۇن زالىملار، ئۈشتۈمتۈت كەلگەن ئۆلۈمنىڭ زەربىسى بىلەن يەردە سوزۇلۇپ ياتىدۇ!

دۇنيانىڭ ئويۇنچۇقلىرىدىن قۇتۇلۇپ، كۆڭۈل ئىقلىمىگە كىرگەنلەر ئۈچۈن ئۆلۈم، ھەقىقى ھاياتنىڭ باشلىنىش نوقتىسىدۇر. ئۆلۈم سايىلار ئالەمدىن ھەقىقى ئالەمگە كۆچۈشتۇر.

ئەگەر ئۆلۈمدىن قورقۇپ قېچىش كېرەك بولسا، كېچە يېقىنلاشقانسىرى قورقۇپ تىترىشىمىز كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، كېچىلەرنىڭ سىرلىرىغا غەرق بولغان ۋاقتىمىزدا ئىچىمىزگە بىر قورقۇنچ كەلمەيدۇ. چۈنكى سەھەرنىڭ كېلىشى يارىتىلىش قانۇنى، ئىلاھىي بىر ئىنتىزامدۇر.

ئۇ ھالدا ئۆلۈمنىڭ قوينىدىن بىر ھەقىقەت سەھىرىدە ئورۇندىن تۇرۇشمۇ نورمالدۇر. زامان ئىچىدىكى ھەر ۋاقىتنىڭ بىزنى ھەقىقەت سەھەرىگە يېقىنلاشتۇرغانلىقىنى قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَمَنْ نُعَمِّرْهُ نُنَكِّسْهُ فِي الْخَلْقِ أَفَلَا يَعْقِلُونَ

**"بىز ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان ئادەمنىڭ تېنىنى ئاجىزلىتىۋېتىمىز** (يەنى ياشلىق، قىرانلىق ۋاقتىدىكىدىن ئاجىزلايدۇ، قېرىيدۇ)، **ئۇلار** (بۇنى) **چۈشەنمەمدۇ؟"** (سۈرە ياسىن، 68-ئايەت)

بىر مۇتەپەككۇرنىڭ دېيىشىچە: «دۇنيا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىلاھىي تەجەللى، تەرتىپ ۋە ئىنتىزام بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان كائىناتنىڭ گۈزەل سەيرىنى تاماشا قىلىپ ھۇزۇر ئېلىش، ئەخمەقلەر ئۈچۈن بولسا يەپ-ئىچىش ۋە شەھۋەتتىن ئىبارەت.» ئىنساننىڭ تورمۇزى تۇتمىغان ماشىنىدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان ئۆمۈر كالېندارىغا، ئەجەل بوران-چاپقۇنلىرىغا، كۆز غازاڭلىرىغا بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ، بۇ ئالەمنى بىر ھەيكەلنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، پانى نەپسانىيەت ئۈچۈن تۆمۈر ئىشكىلەرگە مۇش ئېتىشى، قوينىغا كىرىدىغان تۇپراق ماجراسىدىن قورقۇپ قېچىشى، ئاددى بىر ماددى قايغۇ بىلەن ھايات ئۆتكۈزۈش، ئىنسانلىق شان-شەرىپىگە نەقەدەر مۇۋاپىقتۇر!؟

كائىنات كىتابىنىڭ خۇلاسىسى، فاتىھەسى ۋە پۈتۈن ئىسىم تەجەللىلىرىگە ئۇلاشقان ئىنساننىڭ بۇ نىزامدىكى ئورنى، روھانى ۋە مەنىۋى ئوزۇقلار بىلەن تەربىيلىنىپ يارىتىلىشىنىڭ بۈيۈك نۇسخىسى ۋە قايمىقى بولۇش ئەمەسمۇ؟ ھايات بازىرىنىڭ ئەڭ ئىسىل كىيىمى بولغان كېپەنلىك پۈتۈن پانى سودا-سېتىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش نوقتىسى ئەمەسمۇ؟

ياز بۇلۇتى شەكلىدە ئۆتكەن دۇنيا ھاياتى، ئاخىرەت ئەندىشىسى بولمىغان ھالدا سۈرگەن بولسا، بۇ كۈندۈزنى ئاخشامسىز ئويلاشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس؟

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِاللَّهِ الْغَرُورُ

**"ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار."**
(سۈرە فاتىر، 5 - ئايەت)

ئىنسان ئۆزىگە ۋە پۈتۈن كائىناتقا ئىبرەت كۆزى بىلەن قارايدىغان بولسا، دۇنيا ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئالىي بىر غايە ئۈچۈن ياشىغان ھەر بىر ئىنساننى ھاياتتا ئەڭ كۆپ ئالاقىدار قىلغان ھەقىقەت، «ئۆلۈم»دۇر. ئۇ كۆركەم ۋىدالىشىش، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىبرەت مەنزىرىسىدۇر. «ئۆلۈم» دۇنيا ھاياتىدا پەقەت تۇپراقتىن مەيدانغا كەلگەن گۆش ۋە سۆڭەك قۇرۇلۇشىنى، يەنى نەپسى تەرىپىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ روھى تەرىپىنى ئاجىزلاشتۇرغانلار ئۈچۈن، نەقەدەر قايغۇلۇق ئاخىرلىشىشتۇر!

ئۇلار دۇنيادا بەخت-سائادەت دەپ ئويلىغان يوقسۇللۇقنىڭ ئىچىنىشلىق يۈزىنى ئۆلۈمدىن كېيىن كېلىدىغان «بەئسۇ بەئدەل مەۋت» يەنى ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش بىلەن چۈشىنىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

إِذَا السَّمَاء انفَطَرَتْ وَإِذَا الْكَوَاكِبُ انتَثَرَتْ وَإِذَا الْبِحَارُ فُجِّرَتْ وَإِذَا الْقُبُورُ بُعْثِرَتْ
عَلِمَتْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمَتْ وَأَخَّرَتْ

**"ئاسمان يېرىلغان چاغدا. يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا. دېڭىزلار بىر - بىرىگە قوشۇلغان چاغدا. قەبرىلەر ئاستى - ئۈستى قىلىنغان** (يەنى ئۆلۈكلەر چىقىرىلغان) **چاغدا. ھەر ئادەم ئىلگىرى - كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ."** (سۈرە ئىنفىتار، 1 - ئايەتتىن 5 - ئايەتكىچە)

مەھشەر خەلقى، دۇنيادا قالغان زامانىنى، ئاخىرەت ئالىمىنىڭ چەكسىز ۋە ئەبەدىيلىكىگە قىياس قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَهَا لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا عَشِيَّةً أَوْ ضُحَاهَا

**"ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى** (دۇنيادا) **پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك** (گۇمان قىلىدۇ)**."** (سۈرە نازىئات، 46 - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، دۇنيا ھاياتىنى تەسۋىرلىگەن بىر ھەدىسىدە:
"دۇنيادا ماڭا نىمە كېرەك؟ مېنىڭ ھالىم دۇنيادا بىر دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ سايىدىغان، كېيىن ئۇ يەرنى تەرك ئېتىپ كەتكەن بىر يولۇچىغا ئوخشايدۇ.» دېگەن. (ئىبنى ماجە، «زۇھد»، 3؛ ئىبنى ھەنبەل، 1، 391)

ئاللاھ ھەقىقى ئىدراك ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنۇ ئايەت بىلەن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

**"ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ.** (ئۇلار ئېيتىدۇ) **«پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن."** (سۈرە ئال ئىمران، 191-ئايەت)

پۈتۈن ئالەم ئىنچىكە بىر ئىنتىزام ئۈستىگە قۇرۇلدى. ھەر-بىر نەرسە ئىنچىكە بىر تەكپۇكلۇق قانۇنىغا ئىگە. ئاسمان-زېمىن ھەر تۈرلۈك ھادىسلىرى بىلەن تەڭداشسىز بىر ئىنتىزام ئۈلگىسىدۇر. قۇياش ۋە ئاي بىر تەرتىپ بىلەن شەرقتىن چىقىپ غەرپكە كىرىدۇ، كېچە ۋە كۈندۈز بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ تەرتىپ بىلەن داۋاملىشىدۇ، بۇلۇتلار تەرتىپ بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، يامغۇر بىر ئۆلچەم ئىچىدە تۇپراقلارغا ئاقىدۇ، يەر يۈزىنىڭ باھار ۋە غازىڭى، گۈل-چېچەكلىرى، چىمەنزارلىقلار، ئىنچىكە بىر تەرتىپ بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ، رىزىقلار مەلۇم بىر ئۆلچەم بىلەن ھەرخىل مەخلۇقاتلارغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەييارلىنىدۇ. دېمەك، خۇلاسىلىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي بىر تەرتىپ ۋە نىزام ئىچىدە بارلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ھالدا ئالەمنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەۋجۇداتنى، جانلىقلارنىڭ زىننىتى ۋە بىر بەدىئىسى (ھەيران قىلارلىق سەنئىتى) بولغان ئىنسانىنىڭ ھېساپسىز، ئۆلچەمسىز، تۇيغۇسىز، نىزامسىز ۋە مەنىسىز بىر ھايات ئۆتكۈزۈشى ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ؟

ھايات ئىمتىھانىنى بېرىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئىنسانىنىڭ، ئەقىل، ھىسسى ۋە جىسمانى تەكپۇكلىقىنى مۇھاپىزە قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

ئىنسانىنىڭ: ئەقلى تەكپۇكلىقى، توغرا ئىلىم، ھەق ۋە ھەقىقەت نۇرلىرىغا؛

ھىسسى تەڭپۇڭلىقى، يەنى قەلبى ماسلىششچانلىقى، گۈزەل ئەخلاق ۋە قەلبى سەلىمگە؛ جىسمانى تەڭپۇڭلۇقى بولسا ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش يولىدىكى ئەمەلىي ھەقىقەتلەرگە تايانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدۇر.

قىسقىسى «ئەشرەفۇل مەخلۇقات» يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان ئىنسان، ئۆزىنى ئىمان ۋە ئەمەلى سالىھلار بىلەن ئۈستۈن قىلىپ كائىناتتىكى ئىلاھىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىش مەجبۇرىيىتىگە ئىگە.

ئايەت كەرىمدە ئىنسان، قۇرئان ۋە كائىنات نىزامىدىكى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

الرَّحْمَنُ عَلَّمَ الْقُرْآنَ خَلَقَ الْإِنسَانَ عَلَّمَهُ الْبَيَانَ الشَّمْسُ وَالْقَمَرُ بِحُسْبَانٍ وَالنَّجْمُ وَالشَّجَرُ يَسْجُدَانِ وَالسَّمَاء رَفَعَهَا وَوَضَعَ الْمِيزَانَ أَلَّا تَطْغَوْا فِي الْمِيزَانِ وَأَقِيمُوا الْوَزْنَ بِالْقِسْطِ وَلَا تُخْسِرُوا الْمِيزَانَ

**"مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى** (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى). **ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا** (مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى. كۈن بىلەن ئاي (ئۆز بۇرجلىرىدا) **مۇئەييەن ھىساب بويىچە سەير قىلىدۇ. ئوت - چۆپلەر، دەل - دەرەخلەر سەجدە قىلىدۇ** (يەنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ). **ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز ياراتتى. ئۆلچەمدە زۇلۇم قىلماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ تارازىنى بېكىتتى. ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار."** (سۈرە رەھمان، 1 - ئايەتتىن 9 - ئايەتكىچە)

ئى رەببىم! بىزنى بۇ ئالەمدە ھېكمەت ۋە سىرلار خەزىنىلىرى بولغان سالىھ قۇللىرىڭ بىلەن بىللە قىلغىن! بىزنى مەھشەر كۈنى ئۇلار بىلەن بىرگە ھەشر قىلغىن..!

ئامىن..!



# ئەييۇب ئەلەيھىسسالام

چوڭقۇر تەپەككۇرى بىلەن سەۋرنىڭ بىلەي تېشى بولغان

# ئەييۇب ئەلەيھىسسالام

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى ئىسانىڭ نەسلىدىندۇر. شام ئەتراپىدا ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاز بىر قىسىم ئىنسان ئىمان ئېيتتى.

چوڭ دادىسى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كۆپلىگەن مال-مۈلۈك بەردى ۋە پەرزەنت ئاتا قىلدى. خىزمەتچىلىرى، دېھقانچىلىق يەرلىرى ۋە مال-چارۋىلىرى كۆپ ئىدى. پېقىر-نامراتلار، يېتىم-يېسىرلارغا كۆپلەپ ياردەم قىلاتتى. داستىخىنىدا نامرات ئىنسان بولمىغۇچە تاماق يېمەيتتى، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمەتلىرى بىلەن كۆپلەپ ئىكرام قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۆمرىنىڭ بېشىدا باي، ئوتتۇرىسىدا نامرات ئىدى. ئاخىرىدا بولسا شۈكۈر ۋە تىللارغا داستان بولغان سەبرى نەتىجىسىدە تەكرار ئىلاھىي ئېھسانغا ئېرىشتى. ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋرچان ۋە غەيرەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

إِنَّا وَجَدْنَاهُ صَابِرًا نِعْمَ الْعَبْدُ إِنَّهُ أَوَّابٌ

**"...بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (ئاللاھقا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر."** (سۈرە ساد، 44-ئايەت)

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام شام ئەتراپىدا ياشىغان ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولدى. قۇرئان كەرىمدە ئىلاھىي ۋەھيىگە ئېرىشكەن بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِنَّا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ كَمَا أَوْحَيْنَا إِلَى نُوحٍ وَالنَّبِيِّينَ مِن بَعْدِهِ وَأَوْحَيْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَقَ وَيَعْقُوبَ وَالأَسْبَاطِ وَعِيسَى وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَارُونَ وَسُلَيْمَانَ وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُورًا

**"(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، ياقۇبقا، ياقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھيى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق."** (سۈرە نىسا، 163-ئايەت)

وَنُوحًا هَدَيْنَا مِن قَبْلُ وَمِن ذُرِّيَّتِهِ دَاوُودَ وَسُلَيْمَانَ وَأَيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَى وَهَارُونَ وَكَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ

**"...(ئىبراھىمدىن) ئىلگىرى نۇھنى ھىدايەت قىلدۇق، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز."**
(سۈرە ئەنئام، 84-ئايەت)

## ئىمتىھان، سەۋر ۋە مۇكاپات

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ مال-مۈلكى، پەرزەنتلىرى ۋە ئېرىشكەن پۈتۈن نېمەتلىرى، ئىلاھىي بىر ئىمتىھان نەتىجىسىدە بىر-بىرلەپ قولدىن كەتتى. ئارقىدىن ئېغىر بىر كېسەللىككە دۇچار بولدى. ئەمما ئاللاھقا تەۋەككۈل ۋە تەسلىمىيتى بىلەن بەدىنىگە، مېلىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە كەلگەن مۇسىبەت ئالدىدا بۈيۈك بىر سەۋر-تاقەت كۆرسىتىپ، ئىلاھىي تەقدىرگە رازى بولدى.

ئۇنىڭ تىللارغا داستان بولغان سەبرى بىر ئىبرەت ئۆلگىسى بولغان ھالدا ئىنسانلىق تارىخىغا يېزىلدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمتىھانى پەيغەمبەرلىك دەۋرىگە ئائىت ئىدى. بېشىغا كەلگەن ھەر تۈرلۈك مۇسىبەت ئىمتىھانىغا، مەلئۇن شەيتان سەۋەپ بولدى. ئۇنىڭدىكى پەزىلەتنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان شەيتان، ئىنسان سۈرىتىگە كىرىپ

خەلق ئارىسىدا: «بۇ قەدەر مولچىلىق ئىچىدە قۇللۇق قىلىش ئاسان. ئەييۇبنى بىر پېقىرلىق ۋە مۇسىبەتتە قالغان ۋاقتتا كۆرۈپ بېقىش كېرەك!» دېيىش ئارقىلىق داۋاملىق ئۇنىڭ ئېتىبارىنى زېدىلەشكە تىرىشتى.

بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە بولغان تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىگە ھەرخىل مۇسىبەتلەر بەردى.

ئاللاھ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى سىناشنى ئىرادە قىلىپ، تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ مېلىنى قولىدىن ئالدى. بىر كەلكۈن ئارقىلىق مال-چارۋىلىرىنى، بىر شىۋىرغان بىلەن زىرائەتلىرىنى نابۇت قىلدى. شەيتان پادىچى قىياپىتىگە كىرىپ دەرھال ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈردى. قولغا كەلگەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى:

«ئى ئەييۇب! بۈيۈك بىر پالاكەت بولدى، ئاللاھ تائالا سېنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكۈڭنى نابۇت قىلدى.» دېدى.

ھەزرىتى ئەييۇب بۇ خەۋەر ئالدىدا بىر ئىش بولمىغاندەك، بۈيۈك بىر تەسلىمىيەت ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن رەببىگە ھەمدۇسانا ئېيتتى ۋە ئىنسان شەكلىگە كىرىۋالغان شەيتانغا: «مال ۋە مۈلۈكنى رەببىم ماڭا بەردى، ئەمدى بولسا ئالدى. يەككە-يېگانە ئىگەم ئۇدۇر! خالىسا بېرىدۇ، خالىسا ئالىدۇ!» دېدى.

بۇ سۆز شەيتاننى پەرىشان قىلىشقا يەتتى.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرس ئوقۇۋاتقان پەرزەنتلىرى بىر يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە ۋاپات بولدى. شەيتان بۇ قېتىممۇ پەريات چەككەن ھالدا ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىسيان قىلغۇزۇش ئۈچۈن كۆزلىرىدىن سەلدەك ياش تۆككەن ھالدا:

«ئى ئەييۇب! ئاللاھ تائالا ئۆيۈڭنى يەر تەۋرىتىپ يىقتتى. پۈتۈن ئەۋلاتلىرىڭنى ئالدى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېزىدىغان پەرياتلىرىغا ئىنسان چىدىمايدۇ. سەن تېخىچە قاراپ تۇرامسەن؟» دېدى ۋە ھادىسىنى ئۇ قەدەر ئېچىنىشلىق بىر شەكىلدە بايان قىلدىكى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان قەلبىدىكى مەرھەمەت تۇيغۇسى تاشقان ھالدا مۇبارەك كۆزلىرىدىن ياش كەلدى. لېكىن بۇ ئىمتىھان ئالدىدىمۇ سەۋر كۆرسىتىپ ئىلاھىي تەجەللىلەرگە رازى بولدى.

مەقسىتىگە يەنە يېتەلمىگەن شەيتان غەزەپلىنىپ تېخىمۇ غالجىرلاشتى. يەنە بىر نەرسىلەر دېمەكچى ئىدى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:

«ئى مەلئۇن! سەن بولساڭ ئىبلىس ۋە مېنى رەببىمگە قارشى ئىسيان قىلىشقا تەشەببۇس قىلىۋاتىسەن! شۇنى بىلكى، ئەۋلادلىرىم بىر ئامانەت ئىدى، ئىگىسى قايتۇرۇپ ئالدى! بەرگەنمۇ ئۇ، ئالغانمۇ ئۇ، نېمە ئۈچۈن ئىسيان قىلاي؟ مەن بولسام ھەر ئەھۋالدا ھەمدۇسانا ئېيتقان بىر قۇلمەن» دېدى.

سالىھ بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا تەسلىمىيىتىنى ئەزىز ماھمۇد ھۇدايى ھەزرەتلىرى بىر بېيىتىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئالغانمۇ سەن، بەرگەنمۇ سەن قىلغانمۇ سەن،
نېمە بەرسەڭ ئۇدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا نېمىمىز بار!

ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«(ئۆگەي ئاتام) ئەبۇ تەلھەنىڭ بىر ئوغلى ۋاپات بولغان ئىدى. ئۆزى بولسا سەپەردە ئىدى. ئايالى ئۇممۇسۇلەيم، ئوغلىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يۇيۇپ كېپەنلىدى ۋە ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە قويدى. دەل ئۇ پەيتتە ئەبۇ تەلھە كەلدى ۋە:

ئوغلۇم قانداق؟ دەپ سورىدى.

ئايالى:

جىمىپ قالدى، مەن ئۇنىڭ خاتىرجەم ئارام ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن! دېدى.

نەتىجىدە، سەھەردە يولدىشى ئەبۇ تەلھە تاھارەت ئالدى. (تەييارلىنىپ) سىرتقا چىقىشنى ئېيتقاندا، ئايالى ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتتى. (ناھايىتى تەسىرلەنگەن ھالدا ئۆيدىن چىققان) ئەبۇ تەلھە، (دەرھال) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

"ئۈمىد قىلىمەنكى ئاللاھ تائالا، بۇ كېچىنى سىلەر ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلدى» دېدى.» (بۇخارى، «جىنازا»، 42، «ئەدەپ»، 116)

ئەنەس بىن مالىك بايان قىلغان بۇ ھادىسە، ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ زىرەك، تەقۋالىقىنى بولۇپمۇ ئاللاھقا بولغان تەسلىمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھادىسە ئاتا-ئانا، پەرزەنت، مال-مۈلۈككە ئوخشاش پۈتۈن جانلىقلارنىڭ پەقەت بىر

ئامانەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئىگىسىنىڭ كىرەك بولغاندا قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى گۈزەل ئىزاھلاپ بېرىدۇ. خۇددى ئۇممۇ سۇلەيم، ئەبۇ تەلھەگە ھال تىلى بىلەن:

«پەرزەنتىمىز، ئۇنى بىزگە بېغىشلىغان قۇدرەت تەرىپىدىن چاقىرىلدى. مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن قىيامەتتە تەكرار كۆرۈشىمىز. قايغۇرما ۋە ئاۋازىڭنى چىقارما! ئاللاھتىن رازى بولغىن!» دېمەكتە ئىدى.

شۈكىلاشقا ئاللاھ، ئۇممۇ سۇلەيمگە قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن نۇردەك بىر پەرزەنت ئېھسان قىلدى. ئىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئابدۇللاھ دەپ قويۇلدى.

ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا ئاخىرىدا قۇرئان كەرىمدە ئىسمى بىلدۈرۈلمىگەن بىر يامان كېسەللىك بەردى. كېسەللىكى شۇنچىلىك ئېغىركى، ھېچ كىم ئۇنى يوقلاپ بارمايدىغان بولدى. پەقەتلا مېھرىبان ئايالى رەھىمە خانىم، تەڭداشسىز بىر ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقنى نامايەن قىلغان ھالدا، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. يىگىنە ئىشى قىلىپ تۇرمۇشىنى قامداشقا تىرىشتى. ھەر تۈرلۈك خىزمىتىنى جاندىل بىلەن ئۇرۇنلىدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇ كېسەللىكىدىمۇ ھالىدىن شىكايەت قىلمىدى، رەببىگە سىغىنىپ سەۋر قىلدى، ھەمدۇسانا ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى. نەبەۋى بىر ئەدەپ كۆرسەتكەن ھالدا كېسەللىك ۋە ھارغىنلىقنى شەيتانغا ئىزاپەت ئەتتى (بېغىشلىدى). بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَاذْكُرْ عَبْدَنَا أَيُّوبَ إِذْ نَادَى رَبَّهُ أَنِّي مَسَّنِيَ الشَّيْطَانُ بِنُصْبٍ وَعَذَابٍ

**"بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا** (ئىلتىجا قىلىپ): **«شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلدى."** (سۈرە ساد، 41-ئايەت)

چۈنكى شەيتان ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەھۋالىغا ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭغا چېقىلىشنى ئويلىغان ئىدى. لېكىن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ھەر نەرسىنىڭ ئاللاھتىن بولغانلىقىنىڭ ئىدراكى، تەۋەككۈلى ۋە تەسلىمىيتى ئىلكىدە ئىدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى شۈكۈر، ھەمدۇسانا ۋە رىزادىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرى كار قىلمىغان شەيتان، بۇ قېتىم شەھەر خەلقىگە ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلىدى.

«دىققەت قىلىڭلار، رەھىمە بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلماڭلار! ئۇنداق قىلساڭلار ئەييۇبنىڭ كىسىلى سىلەرگە يۇقىدۇ! دەرھال ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار!» دېدى.

شەھەر خەلقى بۇ پىتنە-پاساتقا ئەگىشىپ رەھىمەگە:

«ئەييۇب بىلەن بىرلىكتە بۇ شەھەرنى تەرك ئېتىڭلار! ئۇنداق بولمىغاندا چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز!» دەپ تەھدىت سالدى.

رەھىمە خانىم، ئامالسىز ھالدا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى يۆدۈپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر يەرگە ئورۇنلاشتى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاستىغا قوم يېيىپ، بېشىغا تاشتىن ياستۇق قويدى. كېيىن كىچىك بىر كەپە ياسىدى ۋە خىزمىتىنى ساداقەت بىلەن داۋاملاشتۇردى.

ئاللاھنىڭ سەۋر-تاقەتلىك پەيغەمبىرى ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلدى.

ئايالى رەھىمە خانىم، تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن شەھەرلىك ئاياللارغا يىپ ئىگىردى. بىر قېتىم يولدىشىغا:

«سەن بولساڭ، بىر پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالادىن بۇ كېسەلدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ!» دېگەن ئىدى، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:

ساق-سالامەت ۋە باياشات ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىز قانچىلىك؟ دەپ سورىدى.

رەھىمە خانىم:

«80 يىل» دېدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:

«ئى رەھىمە! ئازاپ ۋە مۇسىبەت زامانى سالامەت ۋە باياشات زامانىغا يەتمەي تۇرۇپ، ئاللاھقا شىكايەت قىلىشتىن نومۇس قىلىمەن. ئاللاھ تائالا بىزگە نېمەت بەرگەندە رازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن بالالارغا نېمە ئۈچۈن سەۋر قىلمايمىز؟» دېدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچ كىم بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بۇ سەبرى قۇرئان كەرىمدە ماختانغانغا ئوخشاش ھەدىس شەرىپلەردىمۇ ماختالدى:

"«ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مېھرىبانى، ئەڭ سەۋر تاقەتلىكى ۋە غەزىپىنى ئەڭ كۆپ يىڭەلەيدىغىنى ئىدى.» (ئىبنى ئەبى شەيبە، «مۇسەننەف»، 3، 201)

ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان رىزاسى تولۇق ۋە نۇقسانسىز ئىدى. مۇنۇ مىسرالار ئۇنىڭ بۈيۈك سەۋر ۋە تەسلىمىيتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

خۇشنۇد ماڭا سەندىن كەلگەن،
يا غۇنچە گۈل ياكى تىكەن،
يا بىر تون ياكى كەپەن،
ئوتۇڭمۇ خۇش، نۇرۇڭمۇ خۇش.

❀

ئەييۇب ئەلەيھسسالامغا ۋەسۋەسە بېرەلمىگەن شەيتان، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئايالى رەھىمە خانىمغا مۇساللات بولدى. ھەر زامان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئازدۇرۇشقا تىرىشتى. رەھىمە خانىم بولسا، بۇلارنى ئەييۇب ئەلەيھسسالامغا ئېيتاتتى. ئەييۇب ئەلەيھسسالام بولسا ئايالىغا:

«ئى خوتۇن! ئۇ سېنىڭ يولۇڭغا چىققان ئىبلىستۇر. دىققەت قىلغىن؛ ئۇ سېنى ۋەسۋەسە بىلەن مەندىن ئايرىشقا تىرىشىدۇ!» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

رەھىمە خانىم يۇنۇس ئەلەيھسسالامنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭدا بوۋىسى يۇسۇف ئەلەيھسسالامنىڭ گۈزەللىكىدىن بىر ئىزنا بار ئىدى. ئەتراپىدا ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بىرسى يوق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن شەيتان، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا قەددى-قامەتى كېلىشكەن بىر يىگىت سۈرىتىدە چىقتى:

«سەندىن چىرايلىق بىرىنى كۆرمىدىم. مەن شۇ يېقىن يېزىدىن بولىمەن. مال-مۈلكۈمنىڭ ھەددى-ھېسابى يوقتۇر...» دېدى.

رەھىمە خانىم رەببىگە سېغىنغان ھالدا:

«مەن كېسەل بولغان ئەييۇب ئەلەيھسسالامنىڭ ئايالى. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىۋاتىمەن. مەن ئۇ شەرەپلىك پەيغەمبەردىن باشقىسىغا ئەسلا مايىل بولمايمەن.» دېدى ۋە يۈرۈپ كەتتى.

رەھىمە خانىم ئەييۇب ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە، بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. ئەييۇب ئەلەيھسسالام بۇ سۆزلەردىن ئىچى پۇشتى. غەزەپلەنگەن ھالدا:

«ئى رەھىمە! مەن ساڭا ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلىشىڭنى ئېيتقان ئىدىم. ئەگەر ساقىيىپ قالسام ساڭا يۈز دەررە ئۇرىمەن!» دەپ قەسەم قىلدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشتى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا توسقۇنلۇق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇلۇغ دەرگاھقا قوللىرىنى ئاچقان ھالدا:

أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ

**"...«ھەقىقەتەن مېنى بالا** (يەنى قاتتىق كېسەل) **ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن» دەپ دۇئا قىلدى."** (سۈرە ئەنبىيا، 83-ئايەت)

بۇ دۇئاسى بىلەن ئىلاھىي مەرھەمەتنىڭ ئۆزىگە تەجەللى قىلىپ، شىپا تېپىشى ئۈچۈن قەلبى جەھەتتىن ئاللاھقا يۈزلەندى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ شەكىلدە دۇئا قىلىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە تەپسىرلەردە ھەر خىل رىۋايەتلەر بار:

ھەزرىتى ئىمام جافەر سىددىق مۇنداق دەيدۇ: «مۇسىبەت مۇددىتى ئۇزارغانسىرى شەيتان: «ئى ئەييۇب! كېسەللىكتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، ماڭا سەجدە قىلغىن!» دېدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ناھايىتى قايغۇلاندى ۋە: «كېسەللىكتىن ئەمەس، دۈشمەنىنىڭ كۆزەتچى بولۇشىدىن راھەتسىز بولدۇم» دەپ رەببىگە: «ھەقىقەتەن مېنى بالا ئورىۋالدى» دېدى.»

باشقا بىر رىۋايەت: ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان بىر قانچە كىشى: «ئەگەر بۇنىڭدا خەير بولسا ئىدى، بۇ بالاغا دۇچار بولمىغان بولاتتى!» دېدى. نادانلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى رەنجىتتى.

يەنە باشقا بىر رىۋايەتتە: رەھىمە خانىم چارىسىزلىك ئىچىدە قېلىپ، ئوزۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن كىيىمنى ساتقان ئىدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولۇپ رەببىگە ئىلتىجا قىلدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ھەق تائالانىڭ خەزىنىسىدە مۇسىبەت ئىمتىھانى كۆپ، ئۇلارغا تاقەت قىلىشىڭ قىيىن. سەن ئاللاھتىن شىپالىق تىلىگىن!» دېدى ۋە ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى ئېيتتى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە كىرىپ ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سوئال سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەييۇب بالادىن ئىگراپ باقمىدى، شىكايەت قىلمىدى، ئۇ يەتتە يىل، يەتتە ئاي، يەتتە كۈن، يەتتە كېچە ئۇ بالادا قالدى. ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا ئۇرۇندى، تۇرالماي يىقىلدى. ھەق يولىدىكى خىزمىتىدە نۇقسانىنى كۆرۈپ: «ھەقىقەتەن مېنى كېسەل ئورىۋالدى» دېدى.»
(قۇرتۇبى، «تەپسىر»، 11، 323، 327)

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈنۈشتە شىكايەت قىلغاندەك بولسىمۇ، ھەقىقەتتە بىر دۇئا ئىدى. چۈنكى شىكايەتتىن ئىنسانلارغا قىلىنغان شىكايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا يۈلىنىش شىكايەت ئەمەس. شۇنىڭدەك ياقۇپ ئەلەيھىسسالاممۇ ئوغلى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ بۇ ھەسرەت بىلەن بۈيۈك ئەلەم تارتقان. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدى:

قَالَ إِنَّمَا أَشْكُو بَثِّي وَحُزْنِي إِلَى اللّٰهِ وَأَعْلَمُ مِنَ اللّٰهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ

**"ياقۇپ ئېيتتى: «مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى پەقەت ئاللاھقىلا ئېيتىمەن، ئاللاھنىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن."**
(سۈرە يۈسۈپ، 86 - ئايەت)

## كېسەلدىن قۇتۇلۇشى

رەھمە خانىم يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ چىققان ئىدى. بۇ ئارىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئاللاھتىن:

«ئى ئەييۇب! بالا ـ قازا بەردىم، سەۋر قىلدىڭ. ئەمدى بولسا سالامەتلىك ۋە نېمەت بېرىمەن!» دېگەن خەۋەر بىلەن مۇنۇ ئەمرىنى ئېلىپ كەلدى:

ارْكُضْ بِرِجْلِكَ هَذَا مُغْتَسَلٌ بَارِدٌ وَشَرَابٌ

**"ئۇنىڭغا: «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن» دېدۇق، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، سۈزۈك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى.** (بىز ئۇنىڭغا) **«بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان، ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر»** (دېدۇق)**."**
(سۈرە ساد، 42 - ئايەت)

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي ئەمرگە ئاساسەن پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، ئۇ يەردىن سۈزۈك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ بۇ سۇدىن ئىچتى

ۋە يۇيۇندى. شۇنىڭ بىلەن، مۆجىزىلىك ھالدا ئىچكى ۋە تاشقى پۈتۈن كېسەللىكلىرى يوقاپ كەتتى.

باشقا بىر رىۋايەتتە: ئەييۇب ئەلەيھىسسالام پۇتى بىلەن يەرگە تەپكەندە بىرسى ئىسسىق، يەنە بىرى سوغۇق ئىككى بۇلاق چىقتى، ئۇ ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنۇپ، سوغۇق سۇدىن ئىچتى.

قۇرئاندا «پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن!» دەپ ئەمر قىلىنىپ، مۆجىزىدە بولسىمۇ، قولنىڭ غەيرەت قىلىشىغا تەشەببۇس قىلىنىپ، بۇنى قولدىن تەلەپ قىلىش كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. دېمەك قول سەۋەپلەرگە ئېسىلىشتا نۇقسانلىق قىلماسلىقى، ئولتۇرۇپ پەقەت دۇئا بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. لېكىن دۇئانىڭ قىلىنىشى ۋە شەرتلىرىنىڭمۇ ئورۇندىلىشى لازىم. بۇ ئەمر مەريەم قىسسىسىدىكى «خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئېغىتقىن!» (سۈرە مەريەم، 25 - ئايەت) ئەمرىگە ئوخشايدۇ.

إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ وَالْعَمَلُ الصَّالِحُ يَرْفَعُهُ

**"...ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ، "** (سۈرە فاتىر، 10 - ئايەت)

شۇڭلاشقا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك بىر ئەدەپ ۋە تەئزىم بىلەن ئاللاھقا يۆلىنىشى نەتىجىسىدە دۇئاسى قوبۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا شىپا، رەھمەت ۋە نېمەت ئىشىكلىرى ئېچىلدى. قۇرئان كەرىمدە:

فَاسْتَجَبْنَا لَهُ فَكَشَفْنَا مَا بِهِ مِن ضُرٍّ وَآتَيْنَاهُ أَهْلَهُ
وَمِثْلَهُم مَّعَهُمْ رَحْمَةً مِّنْ عِندِنَا وَذِكْرَى لِلْعَابِدِينَ

**"ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرىۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق** (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق)**."** (سۈرە ئەنبىيا، 84 - ئايەت)

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بىر تاج قويدى. گۈزەل كىيىملەر كەيدۈردى. لۈتۈپ بۇلۇتى كېلىپ، ئۈستىگە ئالتۇن ئۈچقۇنلىرىنى چاچتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئەييۇب مۆجىزىۋى سۇدا يۇيۇنىۋاتقاندا، ئالدىغا بىر توپ ئالتۇن چېكەتكە چۈشتى. ئەييۇب بۇلارنى دەرھال يىغىپ كىيىملىرىنى تولدۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا:

«ئى ئەييۇب! كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن سېنىڭ مېلىڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق سېنى باي قىلمىدىممۇ؟ دېگەن. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق ئى رەببىم! مېنى شۇ ئارقىلىق باي قىلدىڭ. پەقەت، خەير ۋە بەرىكەت خەزىنىلىرىڭدىن مۇستەغنى بولالمايمەن. بۇ سەۋەپتىن ئىلاھىي ھۇزۇرۇڭدىن نېمە ئاتا قىلساڭ قوبۇل قىلىمەن. چۈنكى سەن بەرگۈچى، سەن بەرگەن نەرسە قانداقمۇ رەت قىلىنسۇن؟!» دېدى.» (بۇخارى، «غۇسلى»، 20، ئەنبىيا 20؛ نەسەئى، «غۇسلى» 7)

بۇ جەرياندا رەھىمە خانىم شەھەردىن قايتىپ كەلدى. ئەييۇپ ئەلەيھىسسالامنى تونۇيالمىدى. ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ سەھراغا يۈگۈردى. پەريات چېكىپ يىغلىدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام چاقىرىپ:

«ئى رەھىمە! كىمنى ئىزدەۋاتىسەن؟»

«بىر كېسەل ئادىمىم بار ئىدى، دۇنيالىق دوستۇم ئىدى. بۇ قەدەر قىيىنچىلىق تارتىپ، ئەمدى ئۇ خەزىنىنى يوقۇتۇپ قويدۇم. »

«ئۇ قانداق بىر كىشى ئىدى؟»

«ئۇ سەۋرچان ئەييۇب ئىدى. ساقلىقىدا ساڭا ئوخشايتتى.»

«ئى رەھىمە! مانا ئۇ كىشى مەن بولىمەن، ئاللاھ تائالا ماڭا شىپا بەردى.»

ھەر ئىككىسى سۆيۈنۈپ يىغلىغان ھالدا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتتى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بۇرۇنقى يىگىتلىك ھالىغا كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ مال-مۈلۈك ۋە ئەۋلاد بەردى:

وَوَهَبْنَا لَهُ أَهْلَهُ وَمِثْلَهُم مَّعَهُمْ رَحْمَةً مِّنَّا وَذِكْرَى لِأُوْلِي الْأَلْبَابِ

**"بىز ئۇنىڭ** (كېسەل ۋاقتىدا ھادىسىگە ئۇچراپ يوق بولغان) **ئەھلى - ئەۋلادىنى** (يېڭىدىن) **بەردۇق، ئۇلار بىلەن بىللە بىر باراۋەر ئارتۇق**

**بەردۇق، (بۇ) بىزنىڭ نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر."** (سۈرە ساد، 43 - ئايەت)

نەتىجىدە ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلىسى چېچىلاڭغۇ بىر ئەھۋالدا ئىكەن، تەكرار بىر ئارىغا جەم بولدى. بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپرەك نېمەتلەرگە ئېرىشتى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسىلدىن ساقىيىپ ئۆتكۈزگەن تۇنجى كېچىنىڭ سەھىرىدە چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى. سەۋەبى سورالغان ئىدى، ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

«ھەر كېچە سەھەر ۋاقتىدا: «ئى بىزنىڭ كېسەل قۇلىمىز! ئەھۋالىڭ قانداق؟» دېگەن بىر ئاۋازنى تۇياتتىم. ھازىر يەنە ئۇ ۋاقىت كەلدى، ئەمما: «ئى بىزنىڭ ساق قۇلىمىز! ئەھۋالىڭ قانداق؟» دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن.»

### رەھىمە خانىمنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇكاپاتى

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئايالىنىڭ بىر خاتالىقى تۈپەيلىدىن كېسىلدىن ساقايغاندا يۈز دەررە ئۇرىدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى. ئەمما ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان خىزمىتى ۋە پىداكارلىقى كۆپ ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ تائالا يۈز تال چۆپنى بىر باغلام قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم ئۇرۇشنى يېتەرلىك كۆرۈپ، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىپ، مۇنداق دېدى:

وَخُذْ بِيَدِكَ ضِغْثًا فَاضْرِب بِّهِ وَلَا تَحْنَثْ إِنَّا وَجَدْنَاهُ صَابِرًا نِعْمَ الْعَبْدُ إِنَّهُ أَوَّابٌ

**"**(ئۇنىڭغا) **«قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن** (ئايالىڭنى) **ئۇرغىن قەسىمىڭنى بۇزمىغىن»** (دېدۇق). **بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ** (ئاللاھقا) **تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر."** (سۈرە ساد، 44 - ئايەت)

ئايەتتىكى رۇخسەت، شەرئى جازا ۋە قەسەملەردە «ئەييۇب رۇخستى» ئىسمى بىلەن باقى قالدى. ئايەتتە بۇ باغلامنىڭ نېمىنىڭ باغلىمى ئىكەنلىكى ئېنىق بىلدۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن باشقا مەنىلەرگىمۇ كۆتۈرۈلدى. يەنى بۇ ئەمىر، پەقەت ئۇ رۇخسەتنى كۆرستىپلا قالماستىن، ئەينى زاماندا قول ئاستىدا بىر جامائەت قۇرۇلىشىنىڭ لازىملىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

# رىزا

"(ئۇنىڭغا) **«قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن** (ئايالىڭنى) **ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن»** (دېدۇق). **بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ** (ئاللاھقا) **تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر."** (سۈرە ساد، 44-ئايەت)

ماسىۋا، يەنى ئاللاھتىن باشقا پۈتۈن بارلىق (مەخلۇقات)، ئەڭ ئاددىيسىدىن ئەڭ مۇرەككىپىگىچە، بىر ئۇنىۋان دەرىجىسىگە قاراپ ئەگەشكەن ھالدا يارىتىلغان. بۇ دەرىجە ۋە ئۇنىۋانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوقتىسى ئىنساندۇر. چۈنكى ئىنسان، رەببىنىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىدىن نېسىپ ئالدى ۋە بۇ سەۋەپتىن ئۆزىگە زىتلىقلارنى جەملىگەن بىر جانلىقتۇر. يەنى ئىككى ئايرىم ۋە زىت قۇتۇپ بولغان ياخشىلىق ۋە يامانلىققا مايىل بىر شەكىلدە قۇراللاندۇرۇلدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي زاتىدا مەلۇم بىر سۈپەتتە ۋە جىمجىتلىق مەۋجۇت بولغان زىتلىقلار، ئىنساندا ئەبەدى بىر كۆرەش ھالىتىدە بولىدۇ.

ئىنسان ئىرادىسىنى ئىجابى خائىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش يولىدا قوللىنىپ، قەلبىنى پاكلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە شەخسىيىتىدىكى خەيرنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بۇنىڭدىكى غالىبىيەتكە قارىتا رەببىگە يېقىنلىشىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان قەلبلەر يولنىڭ ئاخىرىغا بارغان بىر غۇربەت مۇساپىرىغا ئوخشاش، سۆيگۈنى بىلەن دىدار كۆرۈشۈشنىڭ خۇشاللىقىنى ياشايدۇ. شۇنىڭدەك قۇل بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى مۇساپە يېقىنلىشىپ، ھاياتنىڭ «غۇربەت» بولۇش سۈپىتى يوقاپ كېتىدۇ. ئىدراكتا، ئەڭ چوڭقۇر يىلدىز تارتقان ئازاپ ۋە كۈلپەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئاللاھ تائالادىن ئۇزاق تۇرۇش مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەلەملەر ئەسلىدە ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، ئازىيىشقا باشلايدۇ. ھەتتا بۇ ئاساس ئازاپنىڭ ئۈستىگە قېتىلغان ئىنسانى ئازاپ مەيدانغا كەلتۈرگەن كۈلپەتلەر قوشۇلۇپ، رەب بىلەن بىللە بولۇشنىڭ خۇشال-خۇراملىقى ئىچىدە ھېس قىلالمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. دۇنياۋى ئازاپ ۋە ئەلەملەر ناركوز قىلىنغاندەك بولۇپ قالىدۇ.

بۇ باسقۇچتا ئازاپ، رەببىنىڭ بىر ئىلتىپاتى شەكلىدە چۈشىنىلىپ خۇشاللىققا ئايلىنىدۇ. روھنى ئىستىلا قىلغان بۇ خۇشاللىقنىڭ دائىرىسى، بەزىدە ماددى بولغان بەدەننىمۇ قاپلايدۇ. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پاقالچىقىغا پاتقان بىر تال ئوقنى رەببىگە ئەڭ يېقىن بولغان ناماز ئىچىدە چىقىرىپ تاشلىشى بۇنىڭ ئوچۇق مىسالىدۇر.

ئىدراك، قەلپنى پاكلاش، نەپسنى تازىلاش نەتىجىسىدە سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇپ، ئالداتقۇچى ۋە پانى نەرسىلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ھەقكە رام بولىدۇ. ئىنسان ئوغلى ھەر بىر مەسىلىدە (شەكىللىنىشتە) تۈنجى سەۋپكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن بىر سەۋپلەر زەنجىرىنىڭ بارلىقىنى پەرق ئېتىدۇ. ئىدراكى كامالەتكە يەتكەندە، مۇسەببىبۇل ئەسباب (سەۋپلەرنى ياراتقان ئاللاھ تائالاغا) قەدەر ئۇلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۈيۈك بىر خۇشاللىق ئىچىدە:

خۇشنۇد ماڭا سەندىن كەلگەن،
يا غۇنچە گۈل ياكى تىكەن.

دېگەن بېيىتتىكى ئىنچىكىلىككە يېتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا كەلگەن ئىنسانلارنىڭ قەلب كۆزلىرى ئېچىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار سەۋەپ ۋە ۋاستىلارغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھەقىقى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مۇسەببىب ۋە سەنئەتكاردا، يەنى خالىق تائالادا پانى بولۇشقا غەيرەت قىلىدۇ. بۇ كامالەتكە يەتمىگەنلەر بولسا، ئارىدىكى سەۋپلەردىن بىرىگە تاقىلىپ قالىدۇ. ئۇ سەۋپلەر، كۆڭۈلگە بىر قاماق بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاللاھقا يېتىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

دۇنيا ۋە نەپسى ئارزۇلىرىدىن خالى، دەرتلىك يۇنۇس كۆڭۈل باسقۇچلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھتا پانى بولغانلىقىنى بىر مىسراسىدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

سۇپىلارغا سۆھبەت كېرەك،
ئاھىلەرگە (تەرىقەت مەنسۇپلىرى) ئاخىرەت كېرەك.
مەجنۇنلارغا لەيلا كېرەك،
سەن ماڭا سەن كېرەك.

بۇ كامالەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ پەيزلىك ۋاستىسى، بىرەر ئازاپ مەنبەسى بولغان كۈلپەت-مۇسىبەتلەردۇر. بۇ سەۋەپتىن ھەدىس شەرىپلەردە بايان قىلىنغاندەك، ئىنسانلار ئىچىدە كۈلپەت ۋە مۇسىبەتلەرگە ئەڭ كۆپ مۇپتىلا بولغانلار پەيغەمبەرلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ئۈممىتىگە ئۈلگە بولغان بولۇپ، ۋەزىپىسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن رەببىگە ئەڭ يېقىن بىر مەۋقەدە بولۇشى كېرەككى، بۇ

يېقىنلىق مەۋقەسىنىڭ ئورنى بولسا، دوستقا باغلىلىقىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچىگەن ئېپتىلالار (كۆلپەت ۋە مۇسىبەتلەر)دۇر. شۇڭلاشقا ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق ۋە ھەددىدىن ئارتۇق ئازاپقا ئوخشاش نەپسكە تۇزاق بولغان ئۈچ نوختىلارغا كەتمەي «رىزا» ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى بولغان «سەۋر ۋە تەۋەككۇل» ئىگىلىرى بولۇش نەتىجىسىدە، پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئەقىل ئالمىغۇدەك دەرىجىدە بەرداشلىق بەرگەنلىكى مەلۇمدۇر.

ساھابى كىراملاردىن ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنى يوقلاپ بارغان ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئېغىر ئاغرىقلارغا سەۋر بىلەن بەرداشلىق بېرىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، مۇنداق دېگەن:

«قولۇمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە قويدۇم، قىزىتمىسىنى يوتقاننىڭ سىرتىدىن ھېس قىلدىم. «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ھارارىتىڭىز ناھايىتى يۇقىرى.» دېدىم.

«بىز (پەيغەمبەرلەر) مۇشۇنداق. بالالار بىزگە قاتمۇ-قات كېلىدۇ، بۇنىڭ قارشىلىقىدا مۇكاپاتمۇ ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ.» دېدى.

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئىنسانلاردىن بالالارغا ئەڭ كۆپ دۇچار بولغانلار كىملەر؟» دەپ سورىدۇم.

«پەيغەمبەرلەر!» دېدى.

«ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟» دېدىم.

«ئۇنىڭدىن كېيىن سالىھلەردۇر!» دېدى ۋە كەينىدىن مۇنداق ئىزاھات قىلدى: «ئۇلاردىن بىرى پېقىرلىقتا شۇنداق بىر مۇبتىلا بولىدۇكى، ئۆزىنى يۆگىيدىغان بىر پارچا رەختتىن باشقا بىر نەرسە تاپالمايدۇ. ئۇلار، سىلەر مولچىلىقتا سۆيۈنگەنلىكىڭلاردەك كۆلپەت ۋە مۇسىبەتلەرگە سۆيۈنىدۇ.» (ئىبنى ماجە، «فىتەن»، 23)

شۇڭا كۆڭۈلگە خۇشاللىق بەرگەن تەجەللى ۋە ھادىسىلەر ئالدىدا رازى بولۇپ، غەم-قايغۇ ۋە مۇسىبەتكە ئىسيان قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. لېكىن ئىنسان قەلبى كامالەتنىڭ چېكىگە يېتىپ بارمىغىچە بۇ ئاجىزلىقتىن ئاسان قۇتۇلالمايدۇ. ھەزرىتى ياقۇپ ئوغلى ھەزرىتى يۇسۇفنىڭ ھەسرەت ۋە ئازابىنى كۆڭلىگە كۆمدى ۋە: «ماڭا چۈشكەن گۈزەل سەۋردۇر!» دېيەلىگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇنى پەيغەمبەرلىك سايىسىدە ئىگە بولغان مۇستەسنا كامالەتكە قەرزدار ئىدى.

ھەقىقەتەن، ئۇ ئەھۋلىنى رەببىدىن باشقا ھېچكىمگە ئاچمىدى. بۇ ئارقىلىق ھەسرىتى نەتىجىدە ۋۇسلاتقا ئېرىشتى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

«ياقۇبنىڭ يۇسۇفكە بولغان ھىجرانى قايسى دەرىجىگە باردى؟»

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

«ئەۋلادىنى يوقۇتۇپ قويغان يەتمىش ئانىنىڭ ھىجرانىغا!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ساۋابى قانچىلىك؟» دېگىنىدە، ئۇ:

**«يۈز شېھىدنىڭ ساۋابىدۇر. چۈنكى ئۇ قىلچىمۇ يامان گۇمان قىلمىدى.» دېدى.** (سۇيۇتى، «ئەددۇررۇل مەنسۇر»، 4، 570)

يەنى تارتىلغان ئازاپ-ئۇقۇبەت ۋە دەرت-ئەلەملەر ھاياتتا بەختىيار ياشاشقا توسقۇنلۇقتەك كۆرۈلسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇنداق ئەمەستۇر. سەۋر قىلىشنى ۋە ئاللاھتىن كەلگەنگە رازى بولۇشنى بىلگەنلەر ئۈچۈن بەلكى تېخىمۇ چوڭ خۇشاللىققا ئېرىشىش ھېساپلىنىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا بۇ ھالەتنى خۇلاسىلاپ مۇنداق دەيدۇ:

«غەم قولى، كۆڭۈل غولىدىن ساغرىپ كەتكەن يۇپۇرماقلارنى سىلكىيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا، تېخىمۇ نازۇك ۋە خۇشاللىق يوپۇرماقلىرى چىقىدۇ.»

❀

غەم-قايغۇ، ئازاپ-ئۇقۇبەت نەپسىنىڭ مايىللىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئىنسان روھىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردىن بىرسىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىشكە بۇيرۇلغان كۆڭۈل ئەرلىرى، چوقۇم شىددەتلىك بىر ئازاپ چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئازاپ ۋە كۈلپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ پايدا ئىشقى-مۇھەببەتتۇر. بۇ سەۋەپتىنكى شائىر فۇزۇلى:

ئى رەببىم! ئازاپ كۈلپەتكە ئىشقى مۇھەببەت بىلەن ئاشنا قىل مىنى،
ئازاپ كۈلپەت ئىشقىدىن بىردەم بولسىمۇ ئايرىما مېنى.
دېگەن.

ئەھلۇللاھنىڭ قارىشىچە غەم ۋە خۇشاللىق قوشماق قېرىنداشتۇر. كۆڭۈل ئەھلى بۇ غەم-قايغۇ ۋە خۇشاللىقنىڭ نېمە سەۋەپتىن كەلگەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر ۋاقىت رازىمەنلىك تۇيغۇسىدا بولىدۇ. كۆڭلىنى بۇ

ھەقىقەتنىڭ سىررى ئىچىدە يۇغۇرغان دەرتلىك شائىر دەردىنى مۇنداق مىسرالارغا تۆكىدۇ:

ئىشقى مۇھەببەت ئۇتۇنىدا كۆيگەن جىگەر كاۋاپ بىز،
ھىجران بىلەن يېغلاپ كۆز ياشلىرىمىز تولۇپ تاشقان بىز.
يىقىلىپ بىنا قىلىنغان خانە خاراب بىز،
ئاۋات بولساقمۇ، بولمىساقمۇ ئوخشاش بىز.

ھەقىقەتەن مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ ئالدىدا ئاجىز قالغان سېھىرگەرلەر:

«بىز مۇسا ۋە ھارۇننىڭ رەببىگە سەجدە قىلىمىز!» دېدى.

پىرئەۋن ئۇلارغا قاتتىق ئازاپ بىلەن تەھدىت سالغان ھالدا:

«قولۇڭ ۋە پۇتۇڭلارنى ئوڭ چەپ قىلىپ كېسىپ، خورما دەرىخىگە ئاستۇرۇپ، ئۆلۈمنىڭ ئەڭ ئاچچىقىنى تېتىتىمەن!» دېدى.

سېھىرگەرلەر جاۋابەن:

«سېنىڭ پېئىلىڭ (چەكتۇرىدىغان ئازابىڭ) بىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ! قانداقلىكى بولمىسۇن، رەببىمىزگە قايتۇرىلىمىز!» دېگەن ھالدا جىسمانى ئازاپلارنىڭ كېلىپ كەتكۈچى ۋە پانى ئىكەنلىكىنى ئەخمەق پىرئەۋنگە بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تەھدىتىگە جەڭ ئېلان قىلدى. چۈنكى بۈيۈك بىر ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ خۇشاللىقى، يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، جىسمانى ئازاپنى ئىدراكتا كىچىكلىتىپ ئەھمىيەتسىز قىلىدۇ.

ئاۋۋال بۈيۈك بىر پەيغەمبەر بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەن سېھىرگەرلەر ئۇلۇغ ھەقىقەتنى چۈشەنگىنىدە، قاتتىق ھاياجاندا مۇسا ئەلەيهىسسالامنى تەستىق قىلدى. بۇ تولۇپ تاشقان ئىمان ھاياجىنى بىلەن شەھىتلىك شەربىتىنى ئىچىشنى تاللىدى. دۇنياغا ئائىت بولغان ئازاپلارغا بۈيۈك بىر تەۋەككۇل بىلەن جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىلاھىي ئەبەدى يولچىلىقنىڭ سەيياھى بولدى. بۇ ئارقىلىق قىيىن-قىستاققا ئوخشاش كۆرۈلگەن زۇلۇم، ئۇلار ئۈچۈن ئەبەدى بىر پايدا ۋاستىسى بولدى. ھەقتىن كەلگەن قەھرىنى لۇتۇپ دەپ بىلگەن سالىھلاردىن بولدى.

پىرئەۋن بولسا ئىبلىسكە ئوخشاش مەغرۇرلۇققا مەغلۇپ بولۇپ، ئوچۇق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ھەزرىتى مەۋلانا جاھىللىقىدا چىڭ تۇرغان، ئىنكارچى مۇشرىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«ئەگەر دىققەت قىلىدىغان بولساڭ، ھېچ-بىر ئىنكارچىنىڭ ئىنكارى پەقەت ئىنكار ئۈچۈن ئەمەستۇر.»
«بەلكى ھەسەدى تۈپەيلىدىن دۈشمەنلىكىنى كۆرستىش ياكى ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرستىش ئۈچۈندۇر.»

❀

سادىقلار ئۈچۈن ھەقنىڭ جاپاسى، بۇ ئۆتكۈنچى خىيال ۋە سەراپ (ئىبرىتتۇ) ئالەمنىڭ بايرام ۋە خۇشاللىقىدىن مىڭ ھەسسە ئەلادۇر. ئۇلار، ئاۋام خەلق يۈزلەنگەن لۇتۇپ دەپ گۇمان قىلىنغان نەرسىلەردىن قولىنى تارتىدۇ. ھەزرىتى مەۋلانا گۈزەل تەسۋىرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:
«ئاۋام ئۈچۈن پۈتۈنلەي لۇتۇپ بولغان نەرسىلەر، ئەھلۇللاھ ئۈچۈن قەھردۇر.»
«شۇ ھالدا خەلق، بالا ۋە ئەلەم چېكىشى لازىمدۇركى، بۇلار ئارىسىدىكى پەرقنى بىلسۇن!»
ئەھلۇللاھنىڭ ئىگە بولغان رىزا ماقامىنى، يەنى ئاللاھ تائالادا پانى بولۇش دەرىجىسىنى سۆز ۋە تاۋۇشلار بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ ماقام ئاشنا بولمىغانلارغا مەخپىي سىر تەجەللىلىرى بىلەن تولغان ئايرىم بىر بەدىئى زەۋكتۇر.
شۇڭلاشقا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان كۈنلەردە، ئايالى رەھىمە خانىم:
«سەن بولساڭ بىر پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالادىن بۇ كېسەلدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، بۇ دەردتىن قۇتۇلساڭ!» دېگىنىدە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:
«ساق-سالامەت ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىز قانچىلىك ئىدى؟» دەپ سورىدى.
رەھىمە خانىم:
80 يىل» دېدى.
ئەييۇب ئەلەيھىسسالام:
«ئى رەھىمە! مۇسىبەت زامانى سالامەت ۋە باياشات زامانى قەدەر بولماي تۇرۇپ ئاللاھقا شىكايەت قىلىشتىن نومۇس قىلىمەن. ئاللاھ تائالا بىزگە نېمەت بەرگەندە رازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن بالاغا نېمە ئۈچۈن سەۋر قىلمايمىز؟ مەن رەببىمدىن رازى» دېدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەھۋالى، رىزانىڭ ئەڭ گۈزەل نامايەندىسىدۇر. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ، پۈتۈن مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقلار بېسىۋالغان بولسىمۇ، ھالىدىن شىكايەت قىلماي، تەقدىرگە رازى بولۇپ كېسەللىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىشتىن ھايا قىلدى. نەتىجىدە، ئايالىنىڭ زورلىشى بىلەن پەقەت:

«سەن مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىدۇرسەن!» دەپ دۇئا قىلدى.

بۇ دۇئا ئۈستىگە ئاللاھ تائالا قۇللۇقتا دائىم بولغانلارغا بىر رەھمەت خاتىرىسى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان ۋە كېسىلىگە شىپا بەردى. بۇ ئارقىلىق سەۋر، شۈكۈر، تەسلىمىيەت ۋە مۇھەببەتۇللاھنىڭ نەتىجىسىدە ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى ساغلام ۋە ياشلىق ھاياتى ئەسلىگە كەلدى.

ئاللاھ تائالا ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر ئىچىدە، ئىلاھىي تەقدىرگە رازى بولغان ۋە ناھايىتى سەۋرلىك بىر قۇل ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋر ۋە رىزاسى، بولۇپمۇ ھەق يولغا كىرگەن سالىھ دەرۋىشلەر ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بىر مىسالدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىپتا بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ۋە قىيىنچىلىق ھېچ بىر قۇلغا نېسىپ بولمىغان "مىراج" ۋەقەسىنىڭ ھەقىقەتكە ئايلىنىشى ئۈچۈن زېمىن تەييارلىدى.

باشقا بىر تەجەللىگە ئېرىشتۈرۈلۈش بىلەن خەلىلۇللاھ قىلىنغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىمۇ ھەقكە تۇتقۇن ۋە تەسلىمىيەتنىڭ باشقا بىر كۆرۈنىشىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلىنىش ئالدىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

«بىر ھاجىتىڭ بارمۇ؟ مېنىڭ نېمە قىلىپ بېرىشىمنى ئارزۇ قىلىسەن؟» دېدى.

ئۇ:

«ھاجىتىم بار، ئەمما ساڭا ئەمەس!» دېدى.

ئاندىن جىبرىئىلگە سورىدى:

«ئوتقا كۆيدۈرۈش كۈچىنى كىم بەردى؟»

نەتىجىدە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسىنىڭ تەجەللىسى، دۇنيا ئوتىنى بىر ئاندا باغۇ-بوستانغا ئايلاندۇرىۋەتتى. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدا نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ سىرلىرى تەجەللى قىلدى ۋە ئۇ ھەقتە پانى بولدى.

❀

ھەقتە پانى بولغانلار ئۈچۈن ئاللاھتىن لۇتۇپ ياكى قەھىر كېلىشىدىن قەتئىنەزەر، ھەممىسى قۇلنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئۆرلىشىگە ۋەسىلە بولىدۇ. قەھىر، جاپا-مۇشەققەت ۋە كۆلپەتلەر ئۇلار ئۈچۈن بىر ئىلاھىي لۇتۇپتۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىمۇ ۋاستە قىلىپ قوللىنىشتىن چەكلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەققە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ نۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتقا ئېتىپ ھالاك قىلغان پەرۋانىدىن ھېچبىر پەرقى يوق.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئوتنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرمىگەنلىكىنى ئۆرنەك قىلىپ، بىر كىشىنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئەينى نەتىجىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۈتىشى، ھەددىنى بىلمەسلىك بولۇپ، يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«ئاللاھ يولىدا ئوتقا كىرىش بار. لېكىن ئوتقا ئېتىلىشتىن بۇرۇن، سەندە ئىبراھىملىق بارمۇ يوقمۇ، ئۇنى ئىزدە! چۈنكى ئوت سېنى ئەمەس، ئىبراھىملارنى تونۇيدۇ ۋە كۆيدۈرمەيدۇ!»

خۇلاسىلىغاندا، بىر كىشىنىڭ كامالەت ئىگىسى ۋە ئۈستۈن ماقاملاردىكى بۈيۈكلەر بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇشى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغان ئۆرۈنسىز جاھىللىقتۇر. بىزگە كېرەك بولغىنى تەدبىر-ئىمكان ئىچىدە چارە ئىزدەش، نەتىجىسىگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئاللاھقا سېغىنىشتىن ئىبارەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسىنى بىلىشنى خالىغان كىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنىڭ نەزىرىدىكى مەۋقىگە قارىسۇن! چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇلنى ئۇ ئاللاھنى قويغان ئورۇنغا قويىدۇ» (ھاكىم، «مۇستەدرەك»، 1، 672/1820)

مۇنۇ مىسال بۇ ھەقىقەتنى گۈزەل ئىپادىلەيدۇ:

رىۋايەتلەردە دېيىلىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

«ئى ھارىسە! سەھەردە ئورنىڭدىن قانداق تۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى.

ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ھەقىقى بىر مۆمىن بولغان ھالدا!» دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ھارىسە! ھەر ھال ۋە ھەقىقەتنىڭ بىر دەلىلى بار. سېنىڭ ئىمانىڭنىڭ ھەقىقىتىنىڭ دەلىلى نېمە؟" دەپ سورىدى.

ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! دۇنيادىن يۈز ئۆرۈۋىدىم، كۈندۈزلىرىم سۇسىز، كېچىلىرىم ئۇيقۇسىز ھالغا كەلدى. رەببىمنىڭ ئەرشىنى ئوچۇق ھالدا كۆرگەندەك بولدۇم. بىر-بىرلىرىنى زىيارەت قىلغان جەننەت ئەھلى بىلەن، بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان جەھەننەم ئەھلىنى كۆرگەندەك بولدۇم.» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«تامام ئى ھارىسە! بۇ ھالىڭنى مۇھاپىزەت قىلغىن! سەن بولساڭ، ئاللاھ قەلبىنى نۇرلاندۇرغان كىشىدۇرسەن» (ھەيسەمى، «مەجمائۇ ززەۋائىد»، 1، 57) دېگەن.

يەنە ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بىر كىشى ئاللاھ قەلبىنى نۇرلاندۇرغان بىر شەخسنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسا ھارىسەگە قارىسۇن.» (ئىبنى ھاجەر، «ئەل ئىسابە»، 1، 289) دېگەن.

مانا بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

رَّضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ

**"... ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھدىن مەمنۇن بولىدۇ..."**

(سۈرە بەييىنە، 8-ئايەت)

دەپ ئىپادىلەنگەن سالىھلارنىڭ ھالىدۇر. مۇنداق سالىھ قۇللار سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش:

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ وَأَدْخِلْنِي بِرَحْمَتِكَ فِي عِبَادِكَ الصَّالِحِينَ

**"...«پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن.»"** (سۈرە نەمل، 19 - ئايەت)

دەپ دۇئا قىلىدۇ.

ئاللاھ بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

وَمِنَ النَّاسِ مَن يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ وَاللّهُ رَؤُوفٌ بِالْعِبَادِ

**"بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ** (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ)**. ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر."** (سۈرە بەقەرە، 207 - ئايەت)

ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ناھايىتى جەلب قىلارلىقتۇر:

سۇھەيب ئەررۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يەنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ مەككىدىن چىققاندا، قۇرەيشتىن بىر گورۇپ ئىنسان ئۇنى تۇتۇپ مەككىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ئىدى. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى سېزىپ تۆگىسىدىن چۈشۈپ بىر يەرگە ئورۇنلاشتى، ئوقدانىدىن بىر تال ئوقنى چىقىرىپ ئوقياسىغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. قۇرەيشلەر بىر ئوقيا مۇساپىسى قەدەر يېقىنلاشقاندا، ئۇلارغا قاراپ:

«ئى قۇرەيش جامائىتى! مېنىڭ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئەڭ ياخشى ئوقچى ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. سىلەر ماڭا يېقىنلىشىشتىن بۇرۇن ئوقدىنىمدىكى پۈتۈن ئوقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا ياغدۇرىمەن، ئاندىن قىلىچىمنى چىقىرىپ قولۇمدا ئەڭ كىچىك پارچىسى قالغۇچە سىلەر بىلەن ئېلىشىمەن، پەقەت ئۇنىڭدىن كېيىنلا ماڭا خالىغىنىڭلارنى قىلالىشىڭلار مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ ئورنىغا خالىساڭلار، مەككىدىكى مېلىمنىڭ يېرىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۇلارنى ئېلىڭلار. بۇنىڭ بەدىلىگە يولۇمنى ئېچىڭلار، مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇراي.» دېدى. ئۇلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. (ئىبنى جەۋزى، «زادۇل مەسىر»، 1، 223؛ ئىبنى كەسىر، «تەپسىر»، 1، 261 - 260)

شۇنىڭدىن كېيىن سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئاللاھ تائالا مەدىنىدە بۇ ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سۇھەيبنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

«سودا-سېتىقىڭ پايدىلىق بولدى، (بۇ تىجارىتىڭدە سەن ئۇتۇۋقا ئېرىشتىڭ) ئى سۇھەيب!» دېدى. سۇھەيب ئەلەيھسسالام بولسا:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! يولدا مېنى بېسىپ ئۆتۈپ، سىزگە خەۋەر قىلىدىغان بىر كىشى يوق ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا مېنىڭ بېشىمغا كەلگەنلەرنى سىزگە پەقەت جىبرىئىل ئەلەيھسسالام بىلدۈرۈپتۇ.» دېدى. (ھاكىم، «مۇستەدرەك»، ج. 3، 450-452)

❀

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللّهَ وَرَسُولَهُ أُوْلَئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللّهُ إِنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

**"مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار** (كىشىلەرنى) **ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى** (تولۇق) **ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر."** (سۈرە تەۋبە، 71 - ئايەت)

وَعَدَ اللّهُ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللّهِ أَكْبَرُ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

**"ئاللاھ مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ،**

**ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى.** (ئۇلار ئېرىشىدىغان) **ئاللاھنىڭ رازىلىقى** (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) **كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر."** (سۈرە تەۋبە، 72 - ئايەت)

بۇ نېمەتلەر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىمان ۋە خىزمەت ئەھلىگە ۋەدە قىلىندى. ئاللاھنىڭ رىزاسىدىن بولغان كىچىك بىر نەرسە بولسىمۇ سانالغان بۇ جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن تېخىمۇ بۈيۈكتۇر. چۈنكى ھەر ياخشىلىقنىڭ، ھەر بەخت ـ سائادەتنىڭ، ھەر شەرەپنىڭ ۋە ھەر ئۇلۇغلۇقنىڭ مەنبەسى ئۇدۇر.

ئاللاھتائال ئۆزىنىڭ رىزاسىنى ئىزدەپ سەدىقە قىلغان سالىھ قۇللىرىنى مۇنداق مەدھىيىلەيدۇ:

وَمَثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمُ ابْتِغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ وَتَثْبِيتًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ كَمَثَلِ جَنَّةٍ بِرَبْوَةٍ أَصَابَهَا وَابِلٌ فَآتَتْ أُكُلَهَا ضِعْفَيْنِ فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ

**"ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى** (سەدىقە ـ ئېھسانغا) **ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىكتىكە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان** (يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) **بىر باغقا ئوخشايدۇ** (دېمەك، بۇنداق خەير ـ ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ). **ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر."** (سۈرە بەقەرە، 265 - ئايەت)

وَالَّذِينَ صَبَرُواْ ابْتِغَاء وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلاَنِيَةً وَيَدْرَؤُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُوْلَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ

**"پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ** (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) **سەۋر قىلغانلار،** (پەرز) **نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن** (ئاللاھ يولىدا) **يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار** (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا

كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) **- ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ."** (سۈرە رەئد، 22-ئايەت)

ھەق يولىدا ئىنسان ئېرىشەلىگەن ئەڭ ئۇلۇغ ماقام، ئاللاھ تائالانىڭ قۇلىدىن رازى بولۇشىدۇركى، بۇ قۇلنىڭ ئاللاھدىن رازى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تەسلىمىيىتىنىڭ بىر مۇكاپاتىدۇر.

ئۆمەر بىن ئابدۇل ئەزىز، ئۆزىدىن:

«نېمىنى ياخشى كۆرىسىز؟» دەپ سورىغانلارغا:

«مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم تەقدىر قىلىنغان نەرسىدە. مەن ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى ياخشى كۆرىمەن.» دەيتتى.

بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قَالَ اللّهُ هَذَا يَوْمُ يَنفَعُ الصَّادِقِينَ صِدْقُهُمْ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا رَّضِيَ اللّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

**"ئاللاھ ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن** (يەنى قىيامەت كۈنى) **راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار ئاللاھدىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر»."** (سۈرە مائىدە، 119-ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىگە:

«رازى بولدۇڭلارمۇ؟ مەمنۇن بولدۇڭلارمۇ؟» دېگەندە، ئۇلار:

«ئى رەببىمىز، قانداق مەمنۇن بولمايلى، بىزگە باشقا قۇللىرىڭدىن ھېچبىرىگە بەرمىگەن نېمەتلەرنى بەردىڭ» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقىنى بېرىمەن.»

«بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن بولغىنى بارمۇ، ئۇ نېمە بولۇشى مۇمكىن، ئى رەببىمىز!» دەيدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا:

«سىلەردىن رازى بولىمەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئەبەدى سىلەرنى ئازاپلىمايمەن» دەيدۇ. (بۇخارى، «رىقاق»، 51؛ مۇسلىم، «جەننەت»، 9)

❀

رىزا مۇھەببەتنىڭ ئاخىرقى مېۋىسىدۇر. كۆڭلى سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن تولۇپ-تاشقان قۇل رەببىدىن كەلگەن ھەر نەرسىنى ئاللاھ سۆيگۈسىگە قارىتا مەمنۇنلۇق بىلەن قارشى ئالىدۇ. ھەتتا ئاشىق ئەلەمنىڭ ئاغرىقىنى تۇيىسمۇ، ئۇنىڭغا شۇنداق رازىدۇركى، كۆلپەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا ھەۋەس قىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ كەلگۈسىدە ئالىدىغان مۇكاپات ئۈچۈن ھازىرقى ئۆتكۈنچى دەرت-ئەلەملەرگە رازى بولۇشتۇر. شۇڭلاشقا شەقىق بەلھى رەھمەتۇللاھى ئەلەي:

«قىيىنچىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بىلگەن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ھەۋەس قىلمايدۇ!» دېگەن.

چۈنكى كېسەللەر ساقىيىش ئۈچۈن دورىنىڭ ئاچچىقلىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ، ھەتتا ناھايىتى ئېغىر ۋە خەتەرلىك ئوپېراتسىيەنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

رىزانىڭ ئېخمۇ يۇقىرى دەرىجىسى مەھبۇبىنىڭ كۆڭلىنى مەمنۇن قىلىش مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. رەببىنىڭ رىزاسى بولسا، جەننەت نېمەتلىرىدىن ئېخمۇ ئۈستۈندۇر. بۇ ماقامدىكى قۇلنىڭ سەۋىيەسى بولسا، ئۇنى ئاغرىقنى تۇيمايدىغان بىر ئالەمدە ياشىتىدۇ. سۆيگۈنىڭ زەۋكىگە ئېرىشەلمىگەنلەر بۇ ئەھۋالنى بىلمىسىمۇ، ئاشىقلارنىڭ بۇ يەردە بايان قىلىنغانلىرىدىنمۇ ئاجايىپ ئەھۋاللىرى بار.

ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، مۇنۇ خۇسۇسىيەتنى ئېنىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەك: كۆلپەت ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرگە رازى بولۇشنىڭ مۇكاپاتىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە قاراپ ئاللاھتىن بالا ۋە مۇسىبەت بىلەن ئىمتىھان قىلىنىشنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى قۇل ئۆزىنىڭ كۆتۈرەلەيدىغان يۈكىنىڭ كۈچىنى ياخشى بىلمەسلىكى مۇمكىن ۋە ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئېغىرلىق ئاستىدا ئېزىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئاللاھتىن كەلسە، شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ ھېچ بىر قۇلغا كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى يۈكلىمەيدۇ!

جان بابا ئىسمىدە بىر زات بولۇپ، ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتى بىلەن شۇنداق ھۇزۇر ئالدىكى ئەقلى ھوشىنى يوقۇتۇپ قويىدى. بىر كۈنى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ:

«ئى رەببىم! سەندىن باشقا خۇشنۇد بولىدىغان ھېچكىمىم يوق! مېنى خالىغان شەكىلدە ئىمتىھان قىلغىن!» دېدى.

ئۇنىڭغا ئېغىر بىر مۇسىبەت كەلدى. لېكىن يېشى چوڭايغانسېرى سەبرى-تاقىتى تۈگەپ، كۆڭلىنى پۇشمانلىق ئوتلىرى قاپلىدى. كىچىك ئوقۇغۇچىلار ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئالدىغا چىققان ھەر ئوقۇغۇچىغا:
«ئەۋلاتلىرىم! بۇ ياشىنىپ قالغان يالغانچى تاغاڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپا ئېھسان قىلسۇن!» دەپ يېلىنىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.
گۇناھ ئىشلارنى ۋە ئىنساننى پاسىقلىققا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش رىزا ئەمەستۇر. ئىسيان، ئەخلاقسىزلىق ۋە ئىنكارغا رازى بولۇش، ئەڭ بۈيۈك غەپلەت ۋە جاھالەتتۇر. بۇ ھەقتە سانسىزلىغان ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش مەۋجۇتتۇر. ئۇلاردىن بىرسىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

لاَّ يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاء مِن دُوْنِ الْمُؤْمِنِينَ

**"مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن..."** (سۈرە ئال ئىمران، 28-ئايەت)

**يەنى پەسكەش ۋە پەسكەشلىك ئالدىدا جىم تۇرۇش رىزا ئەمەستۇر.**

ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قانداق بىر كامالەت ئىگىسى ۋە ئالاھىيدە شەخسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىغا دىققەت قىلىنىدىغان بولسا، ھەممىسىنىڭ مىڭبىر جاپا-مۇشەققەت ۋە كۈلپەت ئوتلىرىدا قورۇلۇپ بۇ كامالەتكە ئېرىشكەنلىكى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.
شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، كۆڭۈل دۇنياسىنى روھانىيىتى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرغان بۈيۈك ۋەلى باھائۇددىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرىگە، ئۇستازى ئەمىر كۇلال تەرىپىدىن، يەتتە يىل ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش، ھەممەيلەن يىراق تۇرغان كېسەل ھايۋانلارنى داۋالاش ۋە ئىنسانلار كېلىپ-كېتىدىغان يولنى تازىلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەر بېرىلدى. ھەزرەت بۇ ۋەزىپىلەرنى ئىخلاس بىلەن ئورۇندىدى. نەتىجىدە، بۇ خىزمەتتىكى جاپا-مۇشەققەت، ئازاپ-ئۇقۇبەتلەر ئۇنى ئېرىشەلمەيدىغان ماقاملارنىڭ ئىلاھىي سىرلىرىغا غەرق قىلدى. ئۇنىڭ ئالى ماقامغا قانداق بىر كەمتەرلىك ئۆزىنى كەمسىتىش ئىقلىمىدە چىققانلىقىنى، مۇنۇ مىسرالار گۈزەل ئىپادىلەيدۇ:

ئالەم بۇغداي، مەن سامان،
ھەممە ياخشى مەن يامان!

بۇ ھەقىقەتنىڭ نۇرىدا ھەزرىتى مەۋلانا:

«مەسىيەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يەككە-يېگانە چارىسى؛ جاپا-مۇشەققەت، ئازاپ ۋە كۈلپەتتۇر!» دەيدۇ.

لېكىن بۇلارمۇ ئويغىتىشقا سەۋەپ بولالمايدىغان بولسا، دۇنيا ئەھلى، يەنى نەپسى ئەممارىنىڭ ئارزۇسى يولىدا ياشاشنى سائادەت دەپ گۇمان قىلغانلار، نەپسىنىڭ ئازغۇن زەنجىرىدە ھالاك بولىدۇ. مانا بۇ ئەھلۇللاھنىڭ قارىشىچە ھەقىقى قەھرىدۇر.

ئاخىرەت سائادىتى ئۈچۈن ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ جەلپكارلىقى ۋە ئالدىغۇچى نەغمىلىرىگە ئالدانماسلىق كېرەك. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاياللىرىدىن ھەپسە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بىز بىر كېگىزنى ئىككىگە قاتلاپ ئۇنى ياتاق قىلاتتۇق. بىر قېتىم تۆت قاتلىغان ئىدۇق، ئۇ كېچە نامازغا قوپالمىغان ئىدى. ئۇ سەۋەپتىن ئاستىغا نېمە سېلىنغانلىقىنى سورىدى ۋە ھەر زامانكىگە ئوخشاش سېلىپ بېرىشنى بۇيرىدى. دەم ئېلىش بىلەن ئارتۇق مەشغۇل بولۇشتىن بىئارام بولدى.» (تىرمىزى، «شەمائىل»، 154)

❁

ئىلاھىي دوستلۇقنىڭ يولى مۇھەببەتتۇر. ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ، ياخشى كۆرگەنلىرىدىن كەلگەننى خۇشال كۈتۈۋېلىش مەجبۇرىيىتى بار. ياخشى كۆرگەنلەر، ياخشى كۆرگەنلىرىنى تىلى ۋە كۆڭلىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئىمان ھاياتىنىڭ زەۋق-ساپاسىنى ياشاشنى خالىغانلار كۆڭۈللەردە، ئاللاھنىڭ زىكرىنى قەلبىدە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان ۋە ھەر ھالدا زىكىر قىلىپ، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىكى ئىنچىكە ھېكمەتلىرىگە غەرق بولىدۇ:

رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

**"...«پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.»"** (سۈرە ئال ئىمران، 191-ئايەت)

ئاللاھ تائالامۇ، ئۆزىدىن بۇ شەكىلدە رازى بولغان ھەر قۇلغا:

ارْجِعِي إِلَى رَبِّكِ رَاضِيَةً مَّرْضِيَّةً فَادْخُلِي فِي عِبَادِي وَادْخُلِي جَنَّتِي

**"سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن."** (سۈرە فەجر، 28 - 29 - 30 - ئايەت)

ئۇلارنى ئەبەدى نېمەتلىرى بىلەن خوش قىلىپ، ھۆسنى جامالى بىلەن شەرەپلەندۈرىدۇ.

ئى رەب! بىزنى رازىلىقىڭغا ئېرىشكەن ھەقىقى تەۋەككۇل ۋە تەسلىمىيەت ئەھلى قۇللىرىڭدىن قىلغىن!

ئامىن!..


لازقىيە
سىپرۇس
خاما
ئاسى دەرياسى
خۇمۇس
ئاق دېڭىز
ترابلۇس
بەئلەبەك
بېيرۇت
بەدىيەتۇششام
دمەشق
بەسەنىيە
ھەيفا
تەبەرىيە
ئۇردانىيە دەرياسى
بۇسرا
ئەرىخا
ئامان
قۇدۇس
ئەل خەلىل
مائان
ئەيلە
ئەقابە قولتۇقى



# يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

بۈيۈك ۋەجد ھالىدا ئىستىغپار، دۇئا ۋە زىكرىنىڭ ھەقىقىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتقان

# يۇنۇس ئەلەيھىسسالام

قۇرئان كەرىمدە نامىدا بىر سۈرە نازىل بولغان يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، ئاسۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان نىنوۋا (ئىراقتىكى دىجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان، ھازىرقى مۇسۇل ئەتراپىدا ئىدى) خەلقىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر. ئۇ تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى سەككىزىنچى ئەسىرلەردە ياشىغان بولۇپ، دادىسى مەتتا ئىسىملىك سالىھ بىر ئىنسان ئىدى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام نىنوۋادا تۇغۇلۇپ، چوڭ بولدى. 30 ياشقا كىرگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇنى پەيغەمبەر قىلدى. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«يۇنۇس ئەلەيھىسسالام 30 يېشىدا پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇزۇن يىللار قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى."

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَإِنَّ يُونُسَ لَمِنَ الْمُرْسَلِينَ

**"يۇنۇس ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر."** (سۈرە سافڧات، 139 - ئايەت)

وَأَرْسَلْنَاهُ إِلَى مِئَةِ أَلْفٍ أَوْ يَزِيدُونَ

**"ئۇنى بىز 100 مىڭ، بەلكى** (بۇنىڭدىنمۇ) **كۆپ** (بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) **ئەۋەتتۇق."** (سۈرە سافڧات، 147 - ئايەت)

إِنَّا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ كَمَا أَوْحَيْنَا إِلَى نُوحٍ وَالنَّبِيِّينَ مِن بَعْدِهِ وَأَوْحَيْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإْسْحَقَ وَيَعْقُوبَ وَالأَسْبَاطِ وَعِيسَى وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَارُونَ وَسُلَيْمَانَ وَآتَيْنَا دَاوُودَ زَبُورًا

**"(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، ياقۇبقا، ياقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھيى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق."** (سۈرە نىسا، 163 - ئايەت)

## نىنوۋالىقلار

نىنوۋا ئاھالىسى بۇت ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇناتتى. ناھايىتى زالىم ئىدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام تەۋھىدكە دەۋەت قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭغا پەقەت ئىككى كىشى ئىمان ئېيتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئالىم ۋە ھاكىم، يەنە بىرسى ئابىد ۋە زاھىد ئىدى. باشقىلىرى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا:

«بىزنىڭ ئىچىمىزدە نۇرغۇن كاھىن، ئالىم ۋە سەنئەتكارلىرىمىز بار تۇرۇپ، سەن يالغۇز ئۆتتۈرىغا چىقىپ ئاتىلىرىمىز تۇتۇپ كەلگەن يولنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتامسەن؟ تەڭرىلىرىمىزنى ئىنكار قىلىۋاتىسەن؟ سەن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ھۆكۈملەرنى ئايىغىمىزغا باغلاي دەمسەن؟» دېيىشتى.

پەقەت بۇ سۆز بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يۇنۇس ئالەيھىسسالامغا تۈرلۈك ئازاپ ۋە جاپا سالغان، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ قىلغانلىرىغا سەۋر قىلىپ، ئۇلارنى مەرھەمەت بىلەن تەۋھىدكە دەۋەت قىلغان ھالدا ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى خاتىرلاتتى. لېكىن ئۇلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا پىسەنت قىلماي، ئۇنى مازاق قىلغان ھالدا:

«بىر كىشىنىڭ يۈزىنى دەپ ئازاپ كېلىپ، ھەممىمىزنى يوق قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا رۇخسەت قىلغىن، ئۇ ئازاپ بىزگە كەلسۇن!» دېدى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىنكاردىكى بۇ جاھىللىقىغا قاتتىق قايغۇرۇپ، ئىلاھىي رۇخسەتنى كۈتمەستىن، قەۋمىنى تەرك ئېتىپ ئۇلاردىن ئايرىلدى. يولدا ئۇنىڭغا ۋەھى كەلدى:

**«ئى يۇنۇس! قايتىپ كەتكىن؛ يەنە 40 كۈن ئۆلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىن!»**

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ئىنكاردىكى بۇ جاھىللىقىغا قاتتىق قايغۇرۇپ، ئىلاھىي رۇخسەتنى كۈتمەستىن، قەۋمىنى تەرك ئېتىپ ئۇلاردىن ئايرىلدى. يولدا ئۇنىڭغا ۋەھىي كەلدى:

بۇ ئەمرگە ئاساسەن، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام تەكرار قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئاللاھنىڭ ئەمر ۋە ئازابىنى خەۋەر بەردى، يەنە پايدا بەرمىدى. ۋەدە قىلىنغان كۈندىن 37 كۈن بولغاندا، قەۋمى تېخى ئىمانغا كەلمىگەن ئىدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا، ئۈچ كۈن ئىچىدە بېشىڭلارغا كېلىدىغان ئازاپنى ساقلاڭلار! بۇنىڭ ئالامىتى بولسا ئاۋۋال مەڭزىڭلارنىڭ ساغىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىلەر!» دېگەن ھالدا يەنە ئىلاھىي رۇخسەتنى كۈتمەستىن، بۆيۈك غەم-قايغۇ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلدى.

بۇ تەرك ئېتىش ئىلاھىي ۋەزىپىدىن قېچىش ياكى بۇ ۋەزىپىنى بەرگەندىن يۈز ئۆرۈش بولماستىن، پەقەت ئۇلۇغ دەۋەتكە بويسۇنمىغان ئاسى قەۋمىدىن يىراقلىشىش ئىدى.

## ئىمان، تەۋبە ۋە كەچۈرۈم

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن كۈن يېتىپ كەلدى ، ئازاپنىڭ خەۋەرچىسى سۈپىتىدە پۈتۈن نىنەۋالىقلارنىڭ مەڭزىلىرى ساغىرىپ، رەڭگى ئۆزگۈرۈشكە باشلىغاندىلا ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەن ھالدا بىر-بىرىگە:

«مانا بۇ يۇنۇس خەۋەر قىلغان ئازاپ ئالامىتىدۇر! بىز ئۇنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ھېچ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىدۇق» دەپ، كەلگەن ئازاپتىن ناھايىتى قورقۇپ دەھشەتتە قالدى.

ئاسماننى قاراڭغۇلۇق باستى. ھەممەيلەن پەرياد ئىچىدە ئىدى. چارىسىز ھالدا بىر ئۈمىد چىرىقى ئىزدەپ بىر-بىرىگە:

«ئەگەر يۇنۇس ئارىمىزدا بولسا قورقماڭلار! ئەگەر كەتكەن بولسا ئازاپ بىزنى ھالاك قىلىدۇ!» دېيىشتى.

قاتتىق پۇشايمان قىلىشتى. قىلغان ئىشى يۈزىدىن يۈرەكلىرى ھەسرەت-نادامەت بىلەن تولۇپ تاشتى. چۈنكى ئىلاھىي ئازاپ يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى.

نىمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىرىغان ھالدا قاتتىق تەۋبە ئىشتىياقى بىلەن سالىھ بىر زاتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىشتى. ئۇ بولسا:

«تېخى ئازاپنىڭ كېلىشىگە ئىككى كۈن بار. ئەمدى شۇ ئېگىز تۆپىگە (تەۋبە تۆپىسى) چىقىڭلار! بىر-بىرىڭلاردىن رازىلىق ئېلىپ، بولاپ ئېلىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار! ئاندىن يۇنۇسنىڭ رەببى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىڭلار ۋە بۇنىڭدىن چوڭ-كىچىك، باي-كەمبەغەل ھەممەيلەن يېسۇن! ئاندىن باشلىرىڭلارنى ئاچقان ھالدا:

«ئى يۇنۇسنىڭ رەببى! بىز تەۋبە قىلدۇق. ساڭا ئىمان كەلتۈردۇق. يۇنۇسنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىمۇ قوبۇل قىلدۇق. يۇنۇسنى تاپقان ھامان، ئۇنىڭدىن سېنىڭ ئەمرى ۋە بۇيرۇقلىرىڭنى ئۆگىنىپ ئەمەل قىلىمىز!» دەپ يېلىنىڭلار!» دېدى.

نىنوۋالىقلار كۆز-ياشلىرى ئىچىدە بۇلارنى بىجا كەلتۈردى. ئاللاھ تائالامۇ "راھمان" ئىسمى شەرىپى بىلەن ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلاھي ئازاپنى ئۇستىدىن كۆتۈرىۋەتتى. ئۇ كۈنى جۈمە كۈن بولۇپ، ئاشۇرا كۈنى ئىدى. بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَلَوْلاَ كَانَتْ قَرْيَةٌ آمَنَتْ فَنَفَعَهَا إِيمَانُهَا إِلاَّ قَوْمَ يُونُسَ لَمَّآ آمَنُواْ كَشَفْنَا عَنْهُمْ عَذَابَ الخِزْيِ فِي الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَمَتَّعْنَاهُمْ إِلَى حِينٍ

"(ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) **يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا** (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) **ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە** (يەنى ئەجلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) **بەھرىمەن قىلدۇق."** (سۈرە يۇنۇس، 98-ئايەت)

ئىمانسىزلىقى تۈپەيلىدىن ھالاك بولۇشقا دۇچار بولغان ھالدا تەۋبە قىلىپ قۇتۇلغان قەۋم پەقەتلا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ لۇتپىنىڭ پەرقلىق بىر تەجەللىسىدۇر. يۇنۇس سۈرىسىنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى، راھمان تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ ئازابىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام نىنوۋادىن ئايرىلغاندا، قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَذَا النُّونِ إِذ ذَّهَبَ مُغَاضِبًا

**"يۇنۇسنىڭ** (قىسسىنى بايان قىلغىن) **ئۆز ۋاقتىدا ئۇ** (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) **خاپا بولۇپ** (شەھىرىدىن) **چىقىپ كەتكەن ئىدى...»"** (سۈرە ئەنبىيا، 87- ئايەت).

زۇننۇن، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىمىدۇر. بېلىق ئىگىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇ لەقەم ئۇنى بېلىق يۇتۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن.

❀

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام شەھەردىن ئايرىلىپ، دىجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ، بىر كېمىگە چىقتى. بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِذْ أَبَقَ إِلَى الْفُلْكِ الْمَشْحُونِ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىدىن قېچىپ** (كىشىلەر بىلەن) **توشقان بىر كېمىگە چىقىۋالدى."** (سۈرە سافافات، 140- ئايەت)

كېمە ھەرىكەت قىلىپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ، ھېچ ھەرىكەت قىلدۇرالمىدى. كېمىنىڭ چۆكۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىشىپ، ئەھۋالنى تەلەيسىزلىك ھېساپلاپ، كېمىدە گۇناھكار بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆز ئارا چەك تاشلاشتى. چەك يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقتى. ئۇ بېشىغا كەلگەن بۇ ئىشنىڭ بىر ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىپ تەۋەككۇل قىلغان ھالدا:

«شۇنداق، ئۇ گۇناھكار قۇل مەن بولىمەن!» دېدى.

لېكىن كېمىدىكىلەر ئۇنىڭ بىر سالىھ كىشى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ چەك تاشلاشنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى. لېكىن ھەممىسىدە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چىقتى. نەتىجىدە چارىسىز ھالەتتە: «ھەر ھالدا بۇ قۇلنىڭ بىر گۇناھى بار ئوخشايدۇ!» دەپ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى دېڭىزغا تاشلىدى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَسَاهَمَ فَكَانَ مِنَ الْمُدْحَضِينَ

"(كېمىدىكىلەر چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن) **چەك تاشلاشتى، يۇنۇس** (چەكتە) **مەغلۇب بولغانلاردىن بولۇپ** (دېڭىزغا تاشلاندى)." (سۈرە سافقات، 141 - ئايەت)

وَذَا النُّونِ إِذ ذَّهَبَ مُغَاضِبًا فَظَنَّ أَن لَّن نَّقْدِرَ عَلَيْهِ فَنَادَى فِي الظُّلُمَاتِ أَن لَّا إِلَهَ إِلَّا أَنتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِينَ

"**...ئۇ بىزنى** (بېلىقنىڭ قارنىدا) **ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى...**" (سۈرە ئەنبىيا، 87 - ئايەت)

فَالْتَقَمَهُ الْحُوتُ وَهُوَ مُلِيمٌ

"**ئۇنى چوڭ بىر بېلىق يۇتۇۋەتتى. ئۇ** (قەۋمىنى تاشلاپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنىسىز چىققانلىقى ئۈچۈن) **ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىدى.**" (سۈرە سافقات، 142 - ئايەت)

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بىر بېلىقنىڭ قارنىدا بولۇپ، ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى. ئۆزى بولسا ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغان ھالدا تىرىك ئىدى. ئاللاھ بېلىققا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا چېقىلماسلىقنى بۇيرىدى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي تەقدىرگە رازى بولغان ھالدا، رەببىگە تەسلىم بولدى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَنَادَى فِي الظُّلُمَاتِ أَن لَّا إِلَهَ إِلَّا أَنتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِينَ

"**...ئۇ قاراڭغۇلۇقتا** (يەنى بېلىقنى قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم) **سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد** (بەرھەق) **يوقتۇر، سەن** (جىمى كەمچىلىكلەردىن) **پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن** (ئۆز نەپسىمگە) **زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى.**" (سۈرە ئەنبىيا، 87 - ئايەت)

ئۇ ئەسنادا بېلىقنىڭ قارنىدىن بەزى ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا باشلىدى. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە قىزىقىپ تىڭشىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا ئىكەنلىكىنى ۋەھى قىلىپ مۇنداق دېدى:

«ئى يۇنۇس! بۇ ئاۋازلار دېڭىزدا زىكىر قىلىۋاتقان جانلىقلارنىڭ ئاۋازىدۇر.»

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەھىمە قاراڭغۇلۇق قاپلاپ تۇرغان قىيىنچىلىق ۋاقتلاردىمۇ، ھەر زامانكىگە ئوخشاش تەسبىھ ۋە زىكىرلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئىستىغپار ۋە دۇئا بىلەن مەشغۇل بولدى. پەرىشتىلەر ئۇنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھتىن شاپائەت تىلىدى. نەتىجىدە ئاللاھ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى:

لَّا إِلَهَ إِلَّا أَنتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِينَ

**"...«**(پەرۋەردىگارىم) **سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد** (بەرھەق) **يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن** (ئۆز نەپسىمگە) **زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»** (سۈرە ئەنبىيا، 87-ئايەت) دەپ كۆپ دۇئا قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۇبارەك پەيغەمبىرىنى مەغپىرەت قىلدى.

فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْغَمِّ وَكَذَلِكَ نُنجِي الْمُؤْمِنِينَ

**"ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى** (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) **غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى** (ئېغىرچىلىقلاردىن) **خالاس تاپقۇزىمىز."** (سۈرە ئەنبىيا، 88-ئايەت)

بۇ مەغپىرەتنىڭ سەۋەبى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئاسىدۇر:

فَلَوْلَا أَنَّهُ كَانَ مِنْ الْمُسَبِّحِينَ لَلَبِثَ فِي بَطْنِهِ إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ

**"ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى."** (سۈرە سافقات، 143-144-ئايەت)

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام رەببىنى زىكىر قىلىش، خاتالىقنى ئىدراك قىلىش ۋە تەۋەككۇل سايىسىدە قۇتۇلدى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى ئۆزى ئۈچۈن بۈيۈك بىر رەھمەت ۋە نېمەت ۋەسىلىسى بولدى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن قىرىق كۈنلۈك مۆھلەتتە 37 كۈن سەۋر قىلىپ، ئۈچ كۈن سەۋر قىلالمىغان ئىدى. بۇنىڭغا قارشىلىق، ئاللاھ تائالا ئۇنى بېلىقنىڭ قارنىدا سەۋر تەربىيىسىدىن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك بىر ئىمتىھان بىلەن سىنىدى.

نەتىجىدە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى قارنىدا ئۇلۇغ بىر ئامانەتكە ئوخشاش توشۇغان بېلىق، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنى دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئاتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

فَنَبَذْنَاهُ بِالْعَرَاء وَهُوَ سَقِيمٌ وَأَنبَتْنَا عَلَيْهِ شَجَرَةً مِّن يَقْطِينٍ

**"ئۇنى بىز** (دېڭىز ساھىلىدىكى) **بىر قۇرغاق يەرگە** (بېلىقنىڭ قارنىدىن) **ئاتتۇق، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كېسەل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە** (سايە تاشلاپ تۇرۇش ئۈچۈن) **بىر تۈپ كاۋىنى ئۆستۈرۈپ بەردۇق."** (سۈرە سافقات، 145 - 146 - **ئايەت)**

بېلىق ئۇنى دېڭىز قىرغىقىغا ئاتقاندا يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئاجىزلاشقان، ماغدۇرسىز، يېرگەندەك ھالى قالمىغان بولۇپ، تەن سالامەتلىكى ناچار، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. بۇ ئەھۋالدا ئاللاھ تائالا ئۇنى دەرتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يوپۇرماقلىرى كەڭرى بىر ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈپ بەردى. بۇ ئۆسۈملۈك ئۇنىڭغا سايە تاشلاپ تۇردى. ئاللاھ بۇ ئۆسۈملۈكتىن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا سۈت تېمىتىپ بەردى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن نىنوۋاغا قاراپ يولغا چىقتى، شەھەرگە يېقىنلاشقاندا بىر پادىچى بىلەن ئۇچراشتى. قەۋمىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. پادىچى بولغان ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىپ تەۋبە قىلغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ھازىر بولسا ھەممەيلەننىڭ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىپ كېلىپ، ئىلاھىي ئەمرلەرنى تەلىم بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان قەۋم دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلدى. ئۇ چاغدا يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى. نامازدىن كېيىن ھەسرەت چەككەن ۋە كەچۈرۈم سورىغان ھالدا قوچاقلىشىپ كۆرۈشتى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامۇ ئەپۇ قىلغان ھالدا ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمر ۋە چەكلىمىلىرىدىن تەلىم بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن قەۋمى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان ھالدا خۇشال-خۇرام ۋە بەختلىك ھايات كەچۈردى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَآمَنُوا فَمَتَّعْنَاهُمْ إِلَى حِينٍ

"(ئۇلار ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا) **ئىمان ئېيتتى. مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر) ئۇلارنى** (ھاياتتىن) **بەھرىمەن قىلدۇق."** (سۈرە سافقات، 148 - ئايەت)

ھەق داۋا ئىگىلىرى سەۋر ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەرىكەت قىلىش لازىم. يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قەۋمىدىن ناھايىتى بىزار بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلاھىي ۋەھيىنى كۈتۈپ تۇرماستىن، ئۇ يەردىن ئايرىلغان ئىدى. بۇ بىر قاراشقا سەۋرسىزلىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ئىدى. قىيىن شارائىت ئاستىدا بولسىمۇ مۇنداق مۇئامىلە ئۆزى ئۈچۈن بىر خاتالىق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلمى ۋە جاپا-مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلىپ بەرداشلىق بەردى. ھىجرەت ھەققىدە ئىلاھىي ئەمرىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئاللاھ تائالا ئەينى زاماندا بىر دۇئا ماھىيىتىدە بولغان ئىسرا سۈرىسىنىڭ 80 - ئايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق رۇخسەت قىلدى:

وَقُل رَّبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَل لِّي مِن لَّدُنكَ سُلْطَانًا نَّصِيرًا

"**«پەرۋەردىگارىم! مېنى** (قەبرەمگە) **ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن،** (قەبرەمدىن) **ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 80 - ئايەت)

ئاللاھ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى رۇخسەتسىز تەرك ئېتىش سەۋەبى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رىسالەت ۋەزىپىسىدىكى قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش ھەققىدە مۇنداق دېدى:

فَاصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تَكُن كَصَاحِبِ الْحُوتِ إِذْ نَادَى وَهُوَ مَكْظُومٌ لَوْلَا أَن تَدَارَكَهُ نِعْمَةٌ مِّن رَّبِّهِ لَنُبِذَ بِالْعَرَاءِ وَهُوَ مَذْمُومٌ فَاجْتَبَاهُ رَبُّهُ فَجَعَلَهُ مِنَ الصَّالِحِينَ

**"پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن،** (ئالدىراڭغۇلۇقتا، زېرىككەكلىكتە) **بېلىقنىڭ ساھىبىگە** (يەنى يۇنۇسقا) **ئوخشاش بولمىغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ** (بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ) **غەمكىن ھالدا پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلدى. ئەگەر ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نېمىتىگە ئېرىشمىسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ** (قىلمىشىغا) **مالامەت قىلىنغان ھالدا** (دەرەخمۇ يوق، تاغمۇ يوق) **بىر دالىغا تاشلانغان بولاتتى. پەرۋەردىگارى ئۇنى** (پەيغەمبەرلىككە) **تاللىدى، ئۇنى ياخشىلاردىن قىلدى."** (سۈرە قەلەم، 48 - 50 - ئايەت)

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغانلىقى ئۈچۈن بېلىقنىڭ قارنىدا قىيامەتكىچە قېلىشتىن قۇتۇلۇپ سىرتقا چىقىرىلىشقا لايىق كۆرۈلدى. بۇ سەۋەپتىن ئايىتى كەرىمدە: «ماغدۇرسىز، كېسەل بىر ھالدا ئۇنى سىرتقا چىقاردۇق» دېيىلدى.

قەلەم سۈرىسىنىڭ 49 - ئايىتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدىن چىقىشقا لايىق بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئەگەر ئاللاھ تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ يېڭىدىن ۋەھيي قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن قەۋمىگە قايتا ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنى ئادىمىزاتسىز بىر يەرگە چىقىرىپ قويغان بولاتتى. لېكىن تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى بىلەن مەغپىرەتكە ئېرىشىپ قۇتۇلدى. بېلىقنىڭ قارنىدىن ھېچ-بىر ئۆسۈملۈك ۋە ئىنسان ياشمايدىغان بىر يەرگە چىقىرىلغاندا، ئۇ ئەيىپلەنگەن ۋە يامان بىر ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. ساففات سۈرىسىدە بايان قىلىنغاندەك، ماغدۇرسىزلىق ئىچىدە بولغان بولسىمۇ، ئىلاھىي لۇتۇپقا ئېرىشىپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەسلىگە كەلدى. چۈنكى ئۇ رەببىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكەن ۋە تاللانغان سالىھ بىر پەيغەمبەر ئىدى.

❀

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدىن ئېلىنىدىغان ئىبرەتلەر:

1. تەبلىغدە ئەستايىدىل، ئىرادە ۋە سەۋر.
2. زىكىر ۋە ئىستىغپارنىڭ ئەھمىيىتى.
3. ئىخلاس بىلەن قىلىنغان تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى.

4. سەكراتتىكى تەۋبىنىڭ يالغۇز يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە خاس بولۇپ، قوبۇل قىلىنىشى.

بۇ ئەھۋال بۇ تولۇق بىر سەكرات ھالى ئەمەستۇر. چۈنكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى تەۋبە قىلغان چاغدا، تېخى ئازاپ كەلمىگەن، لېكىن ئازاپنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلار يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچ قاچان يالغان سۆزلىمىگەنلىكىنى ئويلاپ، ۋەدە قىلىنغان ئازاپنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى ۋە دەرھال تەۋبە قىلدى. لېكىن باشقا ھالاك قىلىنغان قەۋملەردىكى ئەھۋال مۇنداق ئەمەس. مەسىلەن، پىرئەۋننىڭ ئىمانى ئازاپنىڭ ۋاقى بولۇشىدىن كېيىن بولغان بولۇپ، تامامەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن مەقبۇل ئەمەستۇر.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەمتەرلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

«ھېچبىر قۇلنىڭ ئۆزىنى «يۇنۇس بىن مەتتادىن ياخشىراق» دېيىشى ئۇ كىشىگە ياراشمايدۇ!» (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 35؛ مۇسلىم، «پەزائىل»، 166)

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام





# ئىلياس ئەلەيھىسسالام

ئارقىسىدا «ئىلياسقا سالام بولسۇن!» دېگەن بىر نام قويۇپ كەتكەن

# ئىلياس ئەلەيھىسسالام

ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، بەنى ئىسرائىل قەۋمگە ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَإِنَّ إِلْيَاسَ لَمِنْ الْمُرْسَلِينَ

**"ئىلياسمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر"** (سۈرە سافقات، 123-ئايەت)

وَأَرْسَلْنَاهُ إِلَى مِئَةِ أَلْفٍ أَوْ يَزِيدُونَ

ئىسرائىل ئوغۇللىرى پەلەستىننى ئىگەللىگەندىن كېيىن، قەبىلىلەردىن بىرى بەئلبەككىگە يەرلەشتى. بېشىدا زالىم بىر ھۆكۈمدار بار ئىدى. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، شەھەرنىڭ ئىسمى بەك ئىدى. لېكىن بۇ زالىم ھۆكۈمدار بال ئىسىملىك بىر بۇت ياسىتىپ، خەلقنى بۇ بۇتقا چوقۇنۇشقا مەجبۇرلىدى ۋە بال بىلەن بەك ئىسمى قوشۇلۇپ بۇ شەھەرگە بالبەك دېيىلدى (ھازىرقى ئىسمى بەئلبەك)، مانا بۇ تەۋھىددىن يىراقلىشىپ، شېرىككە پېتىپ كەتكەن خەلقنى ھەققە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائال ائىلياس ئەلەيھىسسالامنى بۇ شەھەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

خەلق چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئالتۇندىن ياسالغان ئىدى. ئىلياس ئەلەيھىسسالام بۇلارغا:

«بال بۇتىغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىڭلار! بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار!» دېدى.

بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِ أَلَا تَتَّقُونَ أَتَدْعُونَ بَعْلًا وَتَذَرُونَ أَحْسَنَ الْخَالِقِينَ وَاللَّهَ رَبَّكُمْ وَرَبَّ آبَائِكُمُ الْأَوَّلِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «(ئاللاھدىن) قورقمامسىلەر؟ سىلەر ياراتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى (ئاللاھنى) تەرك ئېتىپ، بەئلى (ناملىق بۇت) گە چوقۇنامسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە بۇرۇنقى ئاتا - بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»** (سۈرە سافاات، 124 - 125 - 126 - ئايەت)

لېكىن ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ بېشىغا تۈرلۈك ئازاپ ـ مۇسىبەتلەر كەلدى. نەتىجىدە ھەقىقەتنى تونۇپ ئىلياس ئەلەيھىسسالامنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ مۇسىبەتتىن قۇتۇلدى.

لېكىن ئۇلار ئازغۇن بىر قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن دىنىدا چىڭ تۇرالماي، نەپسى خاھىشلىرىغا بېرىلىپ ئىسيان ئىچىدە قالدى. ئىلياس ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەكرار نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ ھېچ تىڭشىمىدى. ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىلياس ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ جازا ۋە ئازاپقا دۇچار قىلىندى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فَكَذَّبُوهُ فَإِنَّهُمْ لَمُحْضَرُونَ إِلَّا عِبَادَ اللَّهِ الْمُخْلَصِينَ

**"ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئازابقا) ھازىر قىلىنىدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا."**

(سۈرە سافاات، 127 - 128 - ئايەت)

ئىلياس ئەلەيھىسسالام بەئلبەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىر يېزىغا كەلدى. ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى. ئۇلار بۇ ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ يەردە قېلىشىنى خالىدى. ئىلياس ئەلەيھىسسالام قېرى بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى، ئۇنىڭ بىر كېسەل ئوغلى بار ئىدى. ئىلياس ئەلەيھىسسالام ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئوغلىنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئوغلى ساقايغاندىن كېيىن ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. ئۇنىڭدىن تەۋرات ئۆگەندى. ئىسمى ئىلياسى ئىدى.

خۇلاسىلىغاندا، ئىلياس ئەلەيھىسسالامۇ كەيىندە «كەيىندە خوش بىر سادا» قويۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ئەھۋالنى قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَتَرَكْنَا عَلَيْهِ فِي الْآخِرِينَ سَلَامٌ عَلَى إِلْ يَاسِينَ إِنَّا كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ إِنَّهُ مِنْ عِبَادِنَا الْمُؤْمِنِينَ

**"كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا** (يەنى ئىلياسقا) **ياخشى نام قالدۇردۇق. ئىلياسقا** (بىزدىن) **سالام بولسۇن! بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ھەقىقەتەن ئۇ بىزنىڭ مۆمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر."**

(سۈرە سافات، 129 - ئايەتتىن 132 - ئايەتكىچە)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئىلياس ئەلەيھىسسالام ئۆلۈم پەرىشتىسى بولغان ئەزرائىلنى كۆرۈپ، ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلۈمدىن قورقتۇڭمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئىلياس ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

«ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئەمەس بەلكى، دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىم ئۈچۈن» دەپ جاۋاپ بەردى ۋە مۇنداق دەپ داۋاملاشتۇردى:

«دۇنيا ھاياتىمدا رەببىمگە قۇللۇق قىلىشقا، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشقا، ۋاقتىمنى ئىبادەت ۋە سالىھ ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزۈشكە، گۈزەل ئەخلاق بىلەن ياشاشقا تىرىشۋاتاتتىم. بۇ ھال مېنىڭ ھۇزۇر مەنبەيىم ئىدى. كۆڭلۈم خۇشال-خۇرام ۋە مەنىۋى باياشاتلىققا تولغان ئىدى. ئۆلگەندە بۇ لەززەتلەرنى تېتىيالمايمەن ۋە قىيامەتقىچە مازاردا گۆرە قالىدىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم بولىۋاتىدۇ!» دېدى.

ئەلەيھىسسالام!

ئاللاھ، دۇنيا ھاياتىمىزنى ئىستىقامەت ئۈستىدە قىلىپ ئۆزگە يېقىن بىر قول بولۇشنى ۋە فانى لەززەتلەرگە ئالدانماي ئاخىرەت سائادىتىگە يېتىشنى ھەممىمىزگە نېسىپ قىلسۇن!

ئامىن..!


بۆسرا
دمەشق
بەعلەبەك
تەبەریە
ئامان
بێیروت
مائان
قودوس
هەیفا
بئروس سەبۆ
ئەیلە
تور تیغی
سینا
ئاق دیگیز
نیل
میسر
ئیسکەندەریە


ئىليەسە ئەلەيھىسسالام

ئالەملەرگە ئۈستۈن قىلىنغان

# ئىلیەسە ئەلەیھىسسالام

بەنی ئىسرائىل پەیغەمبەرلىرىدىندۇر. كىچىكىدە ئېغىر بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئىلیاس ئەلەیھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ساقىیىپ ئەسلىگە كەلگەن. شۇنىڭدىن كېیىن ئىلیاس ئەلەیھىسسالامنىڭ یېنىدىن ھېچ ئایرىلمىدى ۋە ئۇنىڭدىن تەۋراتنى ئۆگەندى.

ئىلیەسە ئەلەیھىسسالاممۇ، ئازغۇن بەنی ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئىسلاھى ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇلار بەزىدە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولسا، بەزىدە قارشى چىقتى. قۇرئان كەرىمدە ئىككى ئایەتتە مۇنداق دېیىلىدۇ:

وَاذْكُرْ إِسْمَاعِيلَ وَالْيَسَعَ وَذَا الْكِفْلِ وَكُلٌّ مِّنْ الْأَخْيَارِ

**"ئىسمائىلنى، ئىلیەسەنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى یاخشىلاردىندۇر."** (سۈرە ساد، 48-ئایەت)

ئایەتتە «ئەسلىگىن» دەپ بۇیرۇلۇشى بۇ پەیغەمبەرلەرنىڭمۇ ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىشتا تەقدىرلەشكە تېگىشلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقى، پىداكارلىق، سەۋر ۋە ئىرادىسىنى ئەسلەش ئۈچۈندۇر.

ئىلیەسە ئەلەیھىسسالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك یەنە بىر ئایەتتە:

وَإِسْمَاعِيلَ وَالْيَسَعَ وَيُونُسَ وَلُوطًا وَكُلاًّ فضَّلْنَا عَلَى الْعَالَمِينَ

**"ئىسمائىل، ئىلیەسە، یۇنۇس ۋە لۇتلارنى ھىدایەت قىلدۇق، ئۇلارنى** (ئۆز زامانىدىكى) **تامامى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق."** (سۈرە ئەنئام، 86-ئایەت)

پەیغەمبەرلىكى جەریانىدا قەۋمىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا كىمنىڭ دۆلەت باشلىقى بولۇش مەسىلىسىدە ھاكىمىیەت كۆرىشى باشلاندى. ئىنسانلار ئىلیەسە

ئەلەيھىسسالامنى تىڭشىماي بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشتى. پىتنە-پاسات، جىدەل-ماجىرالارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا، ئۇلارغا ئاسۇر دۆلىتىنى جازا سۈپىتىدە ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئۆزىنىڭ قىلغان ناچارلىقى تۈپەيلىدىن رەھمەتتىن يىراقلىشىپ ئاسۇرلارغا يېڭىلىپ خار-زەبۇن بولدى.

نىشانجىزادە مۇھىيىددىن مەھمەت ئەپەندىنىڭ "مىرئاتى كائىنات" ناملىق كىتابىدا ئىلىيەسە ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

ئەرىھا شەھرىدىكى خەلقنىڭ ئىچىۋاتقان سۇلىرى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ئۇلار دەرھال ئىلىيەسە ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇ بولسا ئاچچىق سۇغا بىر پارچە تۇزنى تاشلاپ «تاتلىق بول» دېدى. ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن سۇ بۇرۇنقىدىنمۇ تاتلىق ۋە لەززەتلىك بولدى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ۋە ياشىنىپ قالغان بىر ئايال ئىلىيەسە ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ دەردىنى ئاڭلاتتى. ئىلىيەسە ئەلەيھىسسالام:

«ئۆيۈڭدە نىمە بار؟» دەپ سورىدى

ئايال:

«بىر ئاز يېغىم بار!» دېدى.

ئىلىيەسە ئەلەيھىسسالام:

«ئۆيۈڭگە بېرىپ ئۇ ياغنى بىر قاچىنىڭ ئىچىگە قويغىن!» دېدى.

ئايال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى ۋە پۈتۈن قاچىلارنىڭ ياغ بىلەن تولغانلىقىنى كۆردى. بۇ مۆجىزە بىلەن پۈتۈن قەرزلىرىنى تۆلىدى، شۇنداقتىمۇ قولىدىكى ياغ ھېچ كېمىيىپ كەتمىدى.

ئىلىيەسە ئەلەيھىسسالام ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا زۇلكىفل ئەلەيھىسسالامنى يېنىغا چاقىرىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا خەلىفە قىلىپ تەيىنلىدى.

ئەلەيھىسسالام..!



# زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام

ئىلاھىي رەھمەتكە ئېرىشكەن سالىھ پەيغەمبەر

# زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام

بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىلىيەسە ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىدۇر.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئىسمى بىشر بولۇپ زۇلكىفل ئۇنىڭ لەقىمىدۇر. بۇ لەقەم ئۇنىڭغا ئىلىيەسە ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن دىنىنىڭ ئەمرلىرىنى ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا ئۆگىتىشكە مەسئۇل بولدى ھەمدە زامانىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ قاتمۇ-قات ساۋاپلارغا نائىل بولغانلىقى ئۈچۈن بېرىلدى. شۇنىڭدەك ئەرەپچىدە «زۇ» ئىگە، «كىفل» بولسا كاپالەت (كېپىللىك) نېسىپ، قىسمەت، قات دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ لەقەم بىلەن ماددى بايلىق ۋە قىسمەتلەرنى ئەمەس بەلكى، ئۈستۈن كىشىلىك خۇسۇسىيەت ۋە ئاخىرەتتىكى ئالى دەرىجىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن بىرىگە ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىك بىلەن بىرلىكتە يەنە مال-مۈلۈك ۋە سەلتەنەت بەردى. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭغا روھىنى ئالىدىغانلىقىنى ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈردى:

«مۈلكۈمنى، ئىسرائىل ئوغۇللىرىدىن كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە ناماز ئوقۇغان، كۈندۈزلىرى روزا تۇتقان ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا ئاچچىقلانماستىن ھۆكۈم قىلىدىغان بىرسىگە بەر!» دېدى.

بۇ پەيغەمبەر، ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ ئەمرنى، ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا ئېيتىپ بەردى. ئارىلىرىدىن بىر ياش ئورنىدىن تۇرۇپ:

«بۇ ئىشقا مەن كېفىل بولىمەن! بۇ ۋەزىپىنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئۇ ياشقا:

«بۇ قەۋم ئىچىدە سەندىنمۇ چوڭلار بار؛ سەن ئولتۇر!» دېدى.
ئاندىن سۆزنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىدى، ئۇ ياش يەنە:
«مەن كىفىل بولىمەن.» دېدى. ئۈچۈنچى قېتىم بۇتەكلىپ يەنە تەكرارلانغاندا، جاۋاب بەرگەن يەنە يىگىت بولدى. بۇنىڭ بىلەن تەكلىپنى بەرگەن پەيغەمبەر، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئۇنى ۋارىس قىلىپ مۈلكىنى ئۇنىڭغا بەردى. بۇ ياش يىگىت بېشر ئىدى.»
شەيتان بۇ ياش يىگىتكە ھەسەت قىلىپ، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدۇرالماسلىق ئۈچۈن نۇرغۇن ھىلىلەر ئىشلەتتى. ئەمما ئۇ، ئىبلىسنىڭ ۋەس-ۋەسەلىرىگە مايىل بولماي، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنى ئۆز لايىقىدا ئىېلىپ باردى. غەيرىتى كۈچلۈك ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا «زۇلكىفل» دېيىلدى.
زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ئىككى ئايەت بار:

وَاذْكُرْ إِسْمَاعِيلَ وَالْيَسَعَ وَذَا الْكِفْلِ وَكُلٌّ مِّنْ الْأَخْيَارِ

**"ئىسمائىلنى، ئىليەسەنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر."** (سۈرە ساد، 48-ئايەت)
ئايىتى كەرىمدە «ئەسلىگىن» دەپ بۇيرۇلۇشى بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىشتا تەقدىرلەشكە تېگىشلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقى، پىداكارلىق، سەۋر ۋە ئىرادىسىنى ئەسلەش ئۈچۈندۇر.
ئىليەسە ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئايەتتە:

وَاذْكُرْ إِسْمَاعِيلَ وَالْيَسَعَ وَذَا الْكِفْلِ وَكُلٌّ مِّنْ الْأَخْيَارِ

**"ئىسمائىلنى، ئىليەسەنى ۋە زۇلكىفلنى ئەسلىگىن، (ئۇلارنىڭ) ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر.** (سۈرە ساد، 48-ئايەت)

وَإِسْمَاعِيلَ وَإِدْرِيسَ وَذَا الْكِفْلِ كُلٌّ مِّنَ الصَّابِرِينَ
وَأَدْخَلْنَاهُمْ فِي رَحْمَتِنَا إِنَّهُم مِّنَ الصَّالِحِينَ

**"ئىسمائىل، ئىدرىس ۋە زۇلكىفللارنىڭ** (قىسسىسىنى باياق قىلغىن). (ئۇلارنىڭ) **ھەممىسى سەۋرلىك ئىدى** (يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق ئىدى ۋە گۇناھلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالاتتى) **ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى."** (سۈرە ئەنبىيا، 85- 86- **ئايەت)**

زۇلكىفل ئەلەيھىسسالامۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئەمەل قىلىپ، ئىنسانلارغا تەۋراتنىڭ ئەمر- چەكلىمىلىرىنى تەبلىغ قىلدى.

ئۇنىڭ شام شەھەرلىرىدىن بىرىدە ۋاپات بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەلەيھىسسالام..!



# لوقمان ھەكىم ئەلەيھىسسالام

هېكمەتلىك نەسىھەتلىرى بىلەن تىللاردا داستان بولغان زاھىرى ۋە باتىنى ھەكىملەرنىڭ پىرى

# لوقمان ھەكىم ئەلەيھىسسالام

لوقمان ھەكىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ياكى ۋەلىدۇر، ھەكىملەرنىڭ پىرىدۇر.

ئۆزىنىڭ ھېكمەت بىرىلگەنلەردىن ئىكەنلىكى، قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان «لوقمان سۈرىسى» دە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَلَقَدْ آتَيْنَا لُقْمَانَ الْحِكْمَةَ أَنِ اشْكُرْ لِلَّهِ وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ

**"بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق،** (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) **«ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ** (بەندىلەردىن) **بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر»."** (سۈرە لوقمان، 12-ئايەت)

شۈكۈر قۇلنىڭ ئېھسان قىلىنغان نېمەتلەرگە بولغان مەمنۇنلىقىنى، رەببىگە سۆز-ھەرىكەت ئارقىلىق رەھمەت ئېيتىشىدۇر. شۈكۈر نېمەتنى بىلىشنىڭ ئىسمىدۇر. بۇ مەنىگە ئاساسەن، ئىسلام ۋە ئىمانغا شۈكۈر ئىسمىمۇ بىرىلگەن.

لوقمان ھەكىمنىڭ نەسلى ھەققىدە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەمەس، ھېكمەت ئىگىسى بىر زات ئىكەنلىكىگە قانائەت كەلتۈرگەن. «ھېكمەت» نىڭ بىر مەنىسى بولسا، نەزەرى ئىلىملەرنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، قولغا كەلتۈرگەن روھى كامالەت سايىسىدە سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ نەق جايىدا ئورۇنلۇق بولۇشىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

يُؤتِي الْحِكْمَةَ مَن يَشَاء وَمَن يُؤْتَ الْحِكْمَةَ
فَقَدْ أُوتِيَ خَيْرًا كَثِيرًا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلاَّ أُوْلُواْ الأَلْبَابِ

**"ھېكمەتنى** (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) **خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ."** (سۈرە بەقەرە، 269 - ئايەت)

ھېكمەت نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە سىرلىرىنى ئىدراك قىلىپ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتىشتۇر. بۇ قەلبتە ئىلاھىي نۇرنىڭ تەجەللىسى بىلەن مۇمكىندۇر.

زەمەخشەرى، لوقمان ھەكىمنىڭ ھېكمىتىگە مىسال قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام لوقمان ھەكىمدىن بىر قوي بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىدىن ئىككى پارچا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. لوقمان ھەكىم بولسا، ئۇنىڭغا بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ تىلىنى ۋە يۈرىكىنى كەلتۈرگەن. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم ھايۋاننىڭ ئەڭ ناچار يېرىدىن ئىككى پارچا ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغان. لوقمان ھەكىم يەنە قوينىڭ تىلى ۋە يۈرىكىنى كەلتۈرگەن. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن:

«بۇ ئىككىسى ياخشى بولسا، بۇلاردىنمۇ ياخشىراقى يوق. ناچار بولسا، بۇلاردىن ناچىرى يوق!» (زەمەخشەرى، «كەششاپ»، 5، 18)

ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن:

«لوقمان ھەكىم پەيغەمبەر بولماستىن، ئىبادەت قىلغان بىر قۇل ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنى گۈناھلاردىن مۇھاپىزەت قىلدى. ئۇ كۆپ تەپەككۇر قىلاتتى، ئىمانى قۇۋۋەتلىك ئىدى. ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرەتتى. ئاللاھ تائالامۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھېكمەت ئاتا قىلدى.» (قۇرتۇبى، «تەپسىر»، 14، 59 - 60)

ئىمام مالىك مۇنداق دېگەن:

«ماڭا كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، لوقمان ھەكىمدىن:

«سەندە بىز كۆرۈۋاتقان (بۇ قابىلىيەتنىڭ ماھىيىتى) نېمە؟» دەپ سورالغان.
(بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئىرادە قىلغان)

ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن:

«راستچىللىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، مەن بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان نەرسىنى تەرك ئېتىش ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش.»» (مۇۋاتتا، «كەلام»، 17)

❀

لوقمان ھەكىمنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ

**"ئۆز ۋاقتىدا لوقمان** (ھەكىم) **ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى."** (سۈرە لوقمان، 13-ئايەت)

ھەقىقەتەن ئەڭ بۈيۈك زۇلۇم بولغان شېرىك قۇلنى ئەبەدىيلىك جەھەننەمگە دۇچار قىلىدۇ.

لوقمان ھەكىم نەسىھىتىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِن تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ فَتَكُن فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ

"(لوقمان ئېيتتى) **«ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە** (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) **يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ** (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ)**. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر."** (سۈرە لوقمان، 16-ئايەت)

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ

**"كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ."** (سۈرە زەلزەلە، 7-8-ئايەت)

لوقمان ھەكىم نەسىھىتىنىڭ داۋامىدا مۇنداق دەيدۇ:

يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنكَرِ
وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ

**"ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل-ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر."** (سۈرە لوقمان، 17-ئايەت)

ئايەت ناماز ئوقۇشقا، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە سەۋر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

**ناماز مۆمىنىنىڭ مىراجىدۇر. قۇللۇق ۋەزىپىسىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى بولۇپ، جەڭ مەيدانلىرىدىمۇ تەرك قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە سەجدە قىلغانلارنى «ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار!»** (سۈرە پەتىھ، 29-ئايەت) **دەپ خوش خەۋەر بېرىدۇ. باشقا بىر ئايەتتە؛ «سەجدە قىلغىن** (شۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا) **يېقىنچىلىق ھاسىل قىلغىن!»** (سۈرە ئەلەق، 19-ئايەت) دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغاندا، يۈرىكىدىن قازان قاينىغاندەك بىر ئاۋاز كېلەتتى. ئەزان ئوقۇلغاندا، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلەرنى تونۇماس ھالغا كېلەتتى.» (ئەبۇ داۋۇد، «سالات»، 157؛ نەسەئى، «سەھۋ»، 18)

ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشمۇ بىر مۆمىنىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا لۇتۇپ قىلغان، باشتا ئىمان ۋە ھىدايەت بولۇپ پۈتۈن نېمەتلەرنى باشقىلارغا يەتكۈزگەن ھالدا، بىر شۈكۈر ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتىن

ئىبارەت. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيتىدە بۇ تەبلىغنىڭ مېتودىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللّهِ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ

**"ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛** (كېڭەشكەندىن كېيىن) **بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ."** (سۈرە ئال ئىمران، 159 - ئايەت)

ئاللاھ ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مېتودى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

ادْعُ إِلِى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ

**"پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا** (يەنى ئىسلام دىنىغا) **ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز - نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار** (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) **بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ."** (سۈرە نەھل، 125 - ئايەت)

سەۋر قۇرئان كەرىمدە كۆپ توختالغان تېمىلاردىن بىرىدۇر. سەۋرنىڭ دۇنيالىق تەرىپى ئاچچىقتۇر، لېكىن ئاخىرەت تەرىپى بولسا، يەنى مۇكاپاتى ناھايىتى لەززەتلىكتۇر. بارلىق پەيغەمبەرلەر سەۋر سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈلگەن. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ

"...(بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) **سەۋر قىلغۇچىلارغا** (جەننەت بىلەن) **خۇش خەۋەر بەرگىن.»**" (سۈرە بەقەرە،155 - ئايەت) دېگەن.

ئابدۇللاھ بىن مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كىشى كېلىپ:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«نېمە دېگەنلىكىڭگە دىققەت قىل!» دېدى.

ئۇ كىشى:

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن!» دەپ، بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە:

«ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسەڭ، پېقىرلىق ئۈچۈن ئۆزۈڭگە بىر ساۋۇت تەييارلا. چۈنكى مېنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە پېقىرلىق، كەلكۈندىنمۇ تېز كېلىدۇ.» دېدى. (تىرمىزى، «زۇھد»، 36/2350)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلىرى بىلەن:

«ئۇنداقتا مېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ؛ ئۇ ھالدا بالا ـ مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن تەييارلان ۋە رازى بول! چۈنكى ياخشى كۆرگىنىڭگە ئەگىشىش مۇھەببەتنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىسىدۇر! » دېدى.

قۇرئان كەرىمدە لوقمان ھەكىم نەسىھەتلىرىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ

**"كىشىلەردىن مەنستىمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ."** (سۈرە لوقمان، 18 - ئايەت)

ھاكاۋۇرلۇق ۋە كىبىر جەھەننەمگە تۇتاش خۇيلاردىن بىرسىدۇر. كىبرىيا سۈپىتى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. شۇنىڭدەك ئىبلىسنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىپ ئاللاھنىڭ قۇللىرىنى ئازغۇنلۇققا باشلاش خىزمىتى قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ھەزرىتى

ئادەمگە كىبىرلىنىپ رەببىگە قارشى چىقىشىدۇر. قارۇنمۇ ئۆزىگە مەنىۋى ئىلىملەر بېرىلگەن بولسىمۇ، ھەزرىتى ھارۇننى قىزغىنىپ، ھەسەت قىلىش ئارقىلىق ھالاكەتكە دۇچار بولدى.

ھەزرىتى لوقمان ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ:

وَاقْصِدْ فِي مَشْيِكَ وَاغْضُضْ مِن صَوْتِكَ إِنَّ أَنكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيرِ

**"ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر»."** (سۈرە لوقمان، 19-ئايەت)

بۇ ئايەتلەر، مۆمىنلەرگە ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىدۇ. قوپاللىقتا سىمۋول قىلىنغان ئىشەك ئاۋازى يۇقىرىدىن باشلاپ پەسكە قاراپ تۆۋەنلەيدۇ. بۇ بولمىغۇر ۋاقىتتا چىققان يېقىمسىز ۋە سەت ئاۋازدۇر. بۇ شەكىلدە خىتاپ قىلىش بولسا نازاكەت قائىدىسىگە توغرا كەلمەيدۇ. ئايەتتە ئاللاھ بۇ ۋەسىلە بىلەن قۇللىرىنى ئەدەپ بىلەن خىتاپ قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. يەنى ئورۇنسىز ھالدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەن كىشى ئېشەككە ئوخشاپ قالىدۇ ۋە سەت ئىش قىلغان بولىدۇ.

ھەسەن بەسرى ھەزرەتلىرى مۇنداق دەيدۇ:

«مۇشرىكلەر ئاۋازىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ماختىناتتى. ئاللاھ ئۇلارغا: «ئەگەر ئاۋازىنىڭ يۇقىرىلىقى ياخشى بىر نەرسە بولسا ئىدى، ئېشەكنى ئۇلاردىن ئۈستۈن قىلغان بولاتتىم!» دەپ جاۋاپ بەرگەن.»

رىۋايەتلەردە، بۇ دۇنيادا ئەھمىيەتسىزدەك كۆرۈلگەن نازاكەتنىڭ، ھېساپ كۈنىدە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. بۇ سەۋەپتىن ئويلىماي سۆز قىلىشتىن ئۆزىمىزنى تۇتىشىمىز، ئېيتىلغان سۆزنىڭ مەنىسىنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن:

«بەندە ياخشى ئويلانماي، بىر سۆز قىلغانلىقىدىن جەھەننەمنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىنمۇ يىراق يەرگە چۈشىدۇ.» (بۇخارى، «رىقاق»، 23)

«بىر قۇل ئاللاھنى مەمنۇن قىلىدىغان بىر سۆز قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقى ھېچ ئەقلىگە كەلمەيدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ ئۇ سۆز تۈپەيلىدىن قىيامەت كۈنىگىچە ئۇ كىشىدىن رازى بولىدۇ.

يەنە بىر قۇل ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بىر سۆز قىلىدۇ، لېكىن ئۇ سۆزنىڭ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ.

ئەمما ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۇ ناچار سۆزى تۈپەيلىدىن قىيامەت كۈنىگىچە غەزەپ قىلىدۇ.» (تىرمىزى، «زۇھد»، 12؛ ئىبنى ماجە، «فىتەن»، 12)

يۇقىرىدا لوقمان ھەكىمنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايىتى كەرىمىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىككى ئايىتى كەرىمە باردۇركى، بۇلار ئۇممەتكە يول كۆرسىتىدۇ. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، بۇ ئايەت سەئد بىن ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئانىسى ھەققىدە نازىل بولدى.

سەئد بىن ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىسىغا ئىتائەتمەن بىر ئەۋلاد ئىدى. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا، ئانىسى:

«ئى سەئد! سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ئەگەر سەن بۇ يېڭى دىننى تەرك ئەتمىسەڭ قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھېچ نەرسە يېمەي ۋە ئىچمەي ئۆلىمەن. سەن بۇ سەۋەپتىن « ئانىسىنىڭ قاتىلى!» دېگەن نام بىلەن چاقىرىلىسەن. دېدى.

ئۇ بولسا:

«ئى جېنىم ئانا! ئۇنداق قىلمىغىن، مەن بۇ دىننى ھېچقانداق نەرسە ئۈچۈن تەرك ئېتەلمەيمەن!» دېگەندە، ئانىسى ئىككى كېچە-كۈندۈز بىر نەرسە يېمەستىن، ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن سەئد بىن ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«جېنىم ئانا! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى! يۈز جېنىڭ بولۇپ ھەممىسى بىر-بىرلەپ چىققان تەقدىردىمۇ مەن بۇ دىننى تەرك ئەتمەيمەن، بۇنى بىل! خالىساڭ يە، خالىساڭ يېمە!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئانىسى يېدى ۋە تۆۋەندىكى ئايەت بۇ ھەقتە نازىل بولدى.

وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ وَإِن جَاهَدَاكَ عَلى أَن تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ

**"ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى** (قورسىقىدا) **ئۇستى - ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى.** (ئى ئىنسان!) **ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۇكۇر قىلغىن،**

**ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن** (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، **ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن."** (سۈرە لوقمان، 14 - 15 - ئايەت) (مۇسلىم، «پەزائىلۇسساھابە»، 43 - 44؛ ئىبنى ئەسىر، «ئۇسدۇل غابە»، ج، 2، 368)

❀

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«لوقمان ئوغلىغا:

«ئالىملارنىڭ مەجلىسلىرىدە بول! ھاكىملارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشا! چۈنكى ئاللاھ، ئۆلۈك تۇپراقنى يامغۇر بىلەن تىرىلدۈرگەندەك، ئۆلۈك قەلبلەرنى ھېكمەت نۇرى بىلەن تىرىلدۈرىدۇ.» (ھەيسەمى، «مەجمائۇززەۋاھىد»، 1، 125)

لوقمان ھەكىم بىر نەسىھىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

«كۆپلىگەن ئەنبىيا ئەلەيھىمۇسسالاملارغا خىزمەت قىلدىم. سۆزلىرىدىن سەككىزىنى تاللاپ چىقتىم. ئەگەر دىققەت قىلىپ بۇ سەككىز خىسلەت بىلەن ئەمەل قىلىدىغان بولساڭ قۇتۇلۇشقا ئېرىشىسەن:

1. نامازدا قەلبىڭنى؛
2. ئىنسانلار ئارىسىدا تىلىڭنى؛
3. داستىخاندا قولۇڭنى؛
4. باشقىلارنىڭ ئۆيىدە كۆزۈڭنى مۇھاپىزەت قىلغىن.

قالغان تۆت خىسلەتنىڭ ئىككىسى دائىم ئەستە تۇتۇلۇشى، ئىككىسىنى بولسا ئۇنۇتماسلىق كېرەك:

ھەر ئەھۋالدا ئەسلىشىڭ كېرەك بولغان ئىككى خىسلەتنىڭ بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالادۇر، ئۇنى كۆپلەپ زىكىر قىل! ئىككىنچىسى بولسا، ئۆلۈمدۇر، ئۇنى ھېچ ئۇنۇتما!

ئۇنۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىككى نەرسىدىن بىرى، باشقىسىغا قىلغان ياخشىلىق، يەنە بىرسى باشقىسىنىڭ ساڭا قىلغان يامانلىقى بولۇپ، بۇلارنى دەرھال ئۇنۇت!

❀

لوقمان ھەكىمنىڭ مۇتەبەر كىتابلاردا نەقىل قىلىنغان نەسىھەتلىرىدىن بەزىلىرى مۇنۇلاردۇر:

«ئى ئوغلۇم! تەقۋالىقنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئاخىرەت سەرمايىسى قىل! چۈنكى تەقۋالىق، مال-مۈلۈك بىلەن بولمىغان بىر تىجارەتتۇر!»

«ئى ئوغلۇم! جىنازىدە ھازىر بول، چۈنكى جىنازە، ساڭا ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ. ھارام ۋە گۇناھلار بولسا، سېنىڭ دۇنياغا بولغان مايىللىقىڭنى ئاشۇرىدۇ.»

«ئى ئوغلۇم! يالغان سۆزلىگەن كىشىنىڭ نۇرى كېتىدۇ، يامان خۇيلۇق بولغان كىشىنىڭ غەم-قايغۇسى كۆپىيىدۇ.»

«ئى ئوغلۇم! پاراسەتسىز كىشىگە بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش، ئېغىر بىر خادا تاشنى يېرىدىن قوزغىتىشتىن مۈشكۈلدۇر.»

«ئى ئوغلۇم! نادان كىشىنى بىر يەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتمە! ئەگەر ئەقىللىق ۋە ھېكمەت ئىگىسى بىر كىشىنى تاپالمىساڭ ئۆزۈڭ بار!»

«ئى ئوغلۇم! دۇنيا چوڭقۇر دېڭىزغا ئوخشايدۇ. كۆپلىگەن ئىنسان ئۇ يەردە تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ. تەقۋالىق كېمەڭ، ئىمان يۈكۈڭ، تەۋەككۇل ھالىڭ، سالىھ ئەمەل ئوزۇقۇڭ بولسۇن! قۇتۇلۇپ قالساڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن، ئۆلسەڭ گۇناھىڭ سەۋەبى بىلەندۇر.»

«ئى ئوغلۇم! خوراز سەندىن ئەقىللىق بولمىسۇن! ئۇ ھەر كۈن سەھەردە، زىكىر ۋە تەسبىھ ئېيتىدۇ، سەن بولساڭ ئۇخلايسەن!»

«قورساق تويسا، تەپەككۇر ئۇيقۇغا غەرق بولىدۇ، ئەزالار بولسا ئىبادەتتىن مەھرۇم قالىدۇ!»

«ئى ئوغلۇم، شۇنداق دوست تاللىغىنكى، ئايرىلغان چېغىڭلاردا سەنمۇ ئۇنىڭ، ئۇمۇ سېنىڭ ئارقاڭدىن گەپ قىلمىسۇن!»

"دوستلىرىڭنى قوغدا، يېقىنلىرىڭنى زىيارەت قىل!»

«ئى ئوغلۇم! ئۈچ نەرسە، ئۈچ نەرسە بىلەن بىلىنىدۇ: مۇلايىملىق غەزەپلەنگەن چاغدا، جاسارەت جەڭ مەيدانىدا، قېرىنداشلىق موھتاج ۋاقىتتا»

«گۇناھىڭنى سىرتىڭدا، دوستلىرىڭغا مۇۋاپىقىيەت تىلە.»

«ئى ئوغلۇم! ئىنسانلار ھەر كۈن تائەت-ئىبادەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئۇ ۋەدە قىلىنغان ئازاپتىن نېمە ئۈچۈن قورقمايدۇ!»

«ئى ئوغلۇم! دۇنيادىن يەتكۈدەك مىقداردا ئال، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ كەتمە، ئەكسى ھالدا بۇ ئاخىرەتلىكىڭگە زىيان يەتكۈزىدۇ. دۇنيادىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرمە، چۈنكى ئىنسانلارغا يۈك بولۇپ قالىسەن. روزا تۇت، چۈنكى روزا شەھۋەتنى كېسىدۇ. لېكىن ناماز ئوقۇشۇڭغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك، كۆپ روزا تۇتما! چۈنكى ناماز ئاللاھ دەرگاھىدا روزىدىنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.»

«ئى ئوغلۇم! ياخشىلىقنى بىلگەن كىشىگە قىل. چۈنكى قوي بىلەن بۆرە ئارىسىدا دوستلۇق بولمىغاندەك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا دوستلۇق بولمايدۇ. تالىششنى ياخشى كۆرگەن ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ، يامانلىق بولغان يەرلەرگە كەتكەن كىشى تۆھمەتكە قالىدۇ، يامانلىققا يېقىنلاشقان ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ، تىلىنى يىغمىغان پۇشايمانغا قالىدۇ.»

«ياخشىلارنىڭ خىزمىتىدە بول، لېكىن يامان كىشىلەر بىلەن دوست بولما!»

«ئى ئوغلۇم! ئىشەنچلىك بىر ئادەم بول، بايلاردىن بولىسەن. قەلبىڭ گۇناھلار بىلەن تولغان ھالدا ئىنسانلارغا، ئاللاھتىن قورققاندەك كۆرۈنمە.»

ئۆزەڭنى ئۇنۇتۇپ، باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرىما! ئۇنداق قىلساڭ سېنىڭ ئەھۋالىڭ، ئىنسانلارغا يورۇقلۇق بەرگەن ھالدا ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەن شامغا ئوخشاپ قالىدۇ!»

«ئى ئوغلۇم! كىچىك ۋاقتىڭدا ئەدەپلىك بولساڭ، چوڭ بولغاندا پايدىسىنى كۆرىسەن!»

«كىچىك ئىشلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتىن ھەزەر قىل! چۈنكى كىچىك ئىشلار، ئەتىسى چوڭ ئىشلارغا ئايلىنىدۇ.»

«ئى ئوغلۇم! كۆڭلۈڭنى غەم-قايغۇلار بىلەن مەشغۇل قىلما. ئاچ كۆزلۈكتىن قاچ. تەقدىرگە رازى بول. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ساڭا بېرىلگەنلەرگە قانائەت قىلغىن، ھاياتىڭ گۈزەللەشسۇن، كۆڭلۈڭ خۇشال-خۇراملىققا تولسۇن ۋە ھاياتتىن لەززەت ئالسۇن.»

«ئى ئوغلۇم! دۇنيا هاياتى قىسقىدۇر. سېنىڭ ئۆمرۈڭ تېخىمۇ قىسقىدۇر. هازىر بۇ قىسقا ئۆمرۈڭنىڭ تېخىمۇ قىسقا بىر ۋاقتى قالدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام لوقمان هەكىمدىن خەۋەر بەرگەن هالدا مۇنداق دەيدۇ:

«لوقمان ئوغلىغا: «ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئامانەت قىلىنغان نەرسىنى قوغدايدۇ! مەنمۇ سېنى، مېلىڭنى، دىنىڭنى، ئەمەللىرىڭنى، ئاقىۋىتىڭنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇردۇم!» دېدى.» (ئىبنى هەنبەل، 2، 87)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە،لوقمان هەكىمنىڭ ئۈزۈك تېشىدا:

«كۆرگەننى مەخپى تۇتۇش، گۇماننى ئىزاهلاشتىن ياخشى!» دەپ يېزىلغان ئىدى.

# ھەمدۇ ۋە شۈكۈر

"بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) « ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر» ." (سۈرە لوقمان، 12 - ئايەت)

قۇلنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللىرىنىڭ ئەھمىيەتلىكلىرىدىن بىرى ھەمدۇ ۋە شۈكۈردۇر. بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى ئايىتىدە:

الْحَمْدُ لله رَبِّ الْعَالَمِينَ

**"جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر"** شەكلىدە كەلگەن.

ئاللاھنىڭ چەكسىز ئەزىمىتىنىڭ، ئىلاھىي سەنئەت ۋە سۈپەت تەجەللىلىرىنىڭ ھەمدۇ سانا قىلىنىشى «ھەمدۇ»، ئۇنىڭ سانسىزلىغان لۇتۇپ، نېمەت نىسبەتەن ئېغىزاكى، پېئىلى ۋە قەلبى جەھەتتىن ھەمدۇ سانا، رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن «شۈكۈر» كەلىمىسى ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئىككى سۆز مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىندۇر.

ھەقىقەتەن ئاددى جانلىقتىن مۇرەككەپ جانلىققا قاراپ زەنجىرسىمان شەكىلدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىنى تەشكىل قىلغان ئىنسانىنىڭ، مۇنداق «ئەشرەفۇل مەخلۇقات» (مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى) بولۇشىنىڭ تەبىئى بىر ئىجابى بولغان «ھەمدۇ ۋە شۈكۈر» دىنىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىدىن بىرىدۇر.

يارىتىلىشىدىكى شان-شەرىپىنى مۇھاپىزەت قىلغان ھەر ئىنسان، ئۆزىگە بېرىلگەن بىر ئىستاكان سۇغىمۇ ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە ۋىجدانى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىش تۇيغۇسىنى ھېس قىلىدۇ. ئەھۋال مۇنداق ئىكەن، ئىنسان ئوغلىنىڭ، پۈتۈن نېمەتلەرنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنى بېغىشلىغان رەببىگە نىسبەتەن بىر رەھمەتمۇ ئېيتماي، ھاكۇۋۇرۇپ تۇرۇشى ئەقىلسىزلىق

ۋە ۋىجدانسىزلىقتۇر. بۇ ئەھۋال ھىس-تۇيغۇلارنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىنساننىڭ ئىدراك ۋە زەۋقىنىڭ (ھېس-تۇيغۇسى) نېرىسىدا بىر كېلىن ھوجرىسىدەك ئىنچىكىلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ ئالەمنىڭ، چەكسىز ئىلاھىي قۇدرىتىنىڭ كۆرىنىشىنى نامايەن قىلغان ئاتوم ۋە ھۆجەيرىلىرى، مىڭلىغان پۇراق ۋە رەڭلەردىكى گۈل-چېچەك، مېۋىلەرنىڭ، ئەڭ يېقىملىقىدىن ئەڭ ۋەھشى ھايۋانلارغىچە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئاجايىپ بىر ئىنتىزام-تەرتىپ ئىچىدە قۇرۇلىشى ئىجات بەدىئىسى بولغان ئىنسانى كامىلنىڭ قۇللۇق ۋەزىپىسىنى لايىقىدا ئورۇنلىشى ئۈچۈندۇر.

ھەقىقى مۆمىن، ئەقىل، ۋىجدان ۋە قۇللۇق ھېس-تۇيغۇسى ئىچىدە ياشاشقا غەيرەت قىلغان پەزىلەتلىك كىشىدۇر.

ئۆز لايىقىدا شۈكۈر قىلغان بىر قۇل بولۇشنى ئويلىغانلارغا، پەقەت نېمەتلەرنى تونۇش بىلەن كۇپايىلىنىش يەتمەيدۇ. ئەسلى نېمەت ئىگىسىنى تونىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋاجىپ بولغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. چۈنكى نېمەتلەرنىڭ بۇ شەكىلدە ئاللاھقا قۇشۇمچە قىلىنىشى؛ ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا مايىل قىلدۇرۇش، قەلبلەرنى مەرىپەت ۋە مۇھەببەت بىلەن بىخلاندۇرۇش جەھەتتە مۇھىم تەسىر كۆچىگە ئىگە.

كائىناتتا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتمايدىغان ھېچ بىر زەررە يوقتۇر. ھايۋانلارمۇ تەسبىھ ۋە دۇئالىرىنى بىلىدۇ. ئىنسانلاردىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ئىدراك ئەتمەستىن قىلغان تەسبىھاتلىرىغا «تەسھىرى تەسبىھ» دېيىلىدۇ. بۇلار، پەقەت قەلب ئەھلىگە ئوچۇق ۋە ئاياندۇر. ئىنسان مەۋجۇداتلار زەنجىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل بولغانىكەن ئۇنىڭ ھەمدۇ ۋە شۈكرىمۇ بۇ مۇكەممەللىككە يارىشا بولۇشى كېرەك.

شۈكۈر قىلىنمىغان پۈتۈن نېمەتلەر، ھەقىقەتتە بىر تۈر كۈلپەتكە ئۆزگىرىدۇ. بىزدە قالدۇرغان قالدۇقلىرى پەقەت گۇناھ بولىدۇ.

ھەر قۇلنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى نېمەتنىڭ ئىگىسىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشتۇر.

نېمەت نېمە؟

بۇنىڭ ئۆلچىمىنى بېرىدىغان، قۇرئاننىڭ نۇرى ۋە پەيزىدۇر. بىزگە نېمەتنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى بىلدۈرىدىغانمۇ يەنە قۇرئان كەرىمدۇر. كائىناتنىڭ ھېكمىتى

ۋە ئىنسانىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش، شۈكۈر بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ آتَيْنَا لُقْمَانَ الْحِكْمَةَ أَنِ اشْكُرْ لِلَّهِ

**"بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) « ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن. "** (سۈرە لوقمان، 12- ئايەت)

ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، شۈكۈر قىلغانلارغا ھېكمەت ۋە سىرلار ئالەمىنىڭ ھەقىقەتلىرى نامايەن بولىدۇ. بۇنىڭ شۈكۈر ھالىنىڭ داۋامى ئۈچۈن لۇتۇپ قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئاللاھنىڭ بۇ ئالەمدە ئىرادىسىنى تەجەللى قىلدۇرۇشى تۆت شەكىلدە مەيدانغا كېلىدۇ:

1. لۇتۇپ،
2. قەھر،
3. لۇتۇپ شەكلىدە كۆرۈنگەن قەھر،
4. قەھر شەكلىدە كۆرۈنگەن لۇتۇپ.

ئىنسانلار ۋەقەلەرگە نەرسىنىڭ پەقەت يۈزىنى كۆرسەتكەن ئەينەككە ئوخشاش قارىغىنىدا، ئۇلارنىڭ پەقەت سىرتقى يۈزىنى كۆرىدۇ ۋە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خاتالىشىدۇ. لېكىن ئەقلىنى ئىلاھىي ۋەھيي بىلەن تەربىيلەپ، ئۇنى تۇرۇپ قالغان يەردە بىر رېنتگىنگە ئوخشاش پاك قەلب بىلەن تەپەككۇر قىلالىغانلار ھېكمەتكە ئىگە بولۇش بەرىكىتى بىلەن كۆپلىگەن ھودۇقۇش ۋە كۈلپەتلەردىن ساقلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

وَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تُحِبُّواْ شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ وَاللّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ

**"...سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر.** (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) **ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر،** (شۇنىڭ ئۈچۈن) **ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار."**
(سۈرە بەقەرە، 216- ئايەت)

ئىدراك ۋە ئەقىل-پاراسەت تەرەققى قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى، «نېمەت» چۈشەنچىسى ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ئاسانلىقچە يېتىشەلمىگەن مۇكەممەللىككە ئېرىشىدۇ. ئۇ زامان قەھر تەجەللىسىدىمۇ ئەھۋالغا قاراپ بىر ئاگاھلاندۇرۇش ياكى نەپسكە ھەددىنى بىلدۇرگەن بىر ھېكمەت پايى بارلىقى چۈشىنىلىدۇ. ھاجى بايرام ۋەلىنىڭ:

خۇشنۇد ماڭا سەندىن كەلگەن،
يا غۇنچە گۈل ياكى تىكەن.
دېيىشى بۇ جۈملىدىن ئىبارەت.

بۇ روھى قىيامغا ئېرىشكەن بىر مۆمىن ئۈچۈن ھەر تەجەللى، شۈكۈر ۋە ھەمدۇ سانانى تەقەززا قىلدۇرغان بىر نېمەت كۆز قارىشىدا بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاۋام قىسمى ئۆز ئىدراكلىرىغا يارىشا قەھر ئىچىدىكى لۇتۇپ ياكى لۇتۇپ ئىچىدىكى قەھرنى پەقەت زامانىدا كۆرەلەيدۇ. نەپسنى تازىلاش نەتىجىسىدە پاك قەلب ئىگىلىرى ئۆزگە ھېكمەت بېرىلگەنلەر، بۇنى زامانىدىن بۇرۇن كۆرۈپ چۈشىنىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئاۋام قىسمىغا چۈشكەن ۋەزىپە نېمەت مەيدانغا كەلگەن چاغدا شۈكۈر، قەھر مەيدانغا كەلگەندە بولسا سەۋر قىلىش كېرەك ئىكەن، ھاۋاس (تەقۋا ئىگىلىرى) ئۈچۈن يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تۆت قىسىم تەجەللى ئۈچۈن ئەھۋال ئوخشاشتۇر. رەببىگە بولغان پوزىتسىيە ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى قەھر ئىچىدە ھەمد ھالىنىڭ داۋامى، تېخىمۇ بۈيۈك قەھرلەردىن مۇھاپىزەت قىلغاندەك، ئۇنىڭ لۇتۇپىقا ئۆزگىرىشكە سەۋەپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر تەجەللى ئالدىدا:

ٱلْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلَى كُلِّ

**"ھەر ئەھۋالدا ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن!** ئىپادىسىنىڭ زىكىر قىلىنىشىنى بۇيرىغان. بۇ ئەھۋالنىڭ سىرتىدا قالغانلار، غەپلەتتى سەۋەبىدىن، تەقدىرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان بولىدۇ.

ھەر تۈرلۈك مۇسىبەتنى، شۈكۈر ھالىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق يەڭگەنلەر، بۇ دىنىنىڭ ئىنسانلارغا ۋەدە قىلغان ھوزۇرنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. كۆڭۈللەر بۇ پەللىگە نەقەدەر يېتىشكەنلىكىگە قاراپ، ئۇ نىسبەتتە ھوزۇر ئالىدۇ.

قەھر شەكلىدە كۆرۈنگەن لۇتۇپقا مىسال بولغان ھالدا ھەزرىتى ياقۇپ ۋە ھەزرىتى يۈسۈفكە تەقدىر قىلىنغان تەجەللىلەر نەقەدەر ئىبرەتلىكتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا شىددەتلىك غەم-قايغۇ، ھەسرەت، ھىجران، جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلەر تەقدىر قىلغان بولۇپ، بۇ، ھەر زامان ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنىڭ سىررىنى چۈشىنىپ، ماسىۋا (ئاللاھدىن باشقا ھەر نەرسە) دىن پۈتۈنلەي ئالاقىنى ئۈزۈپ يۇقىرى دەرىجىگە يېتىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئۇزاقتا غېرىپ ھالدا ياشاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن كامالەتنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ھايات ھېكايىلىرى قۇرئان كەرىمدە «ئەھسەنۇل قەسەس: قىسسىلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى» بولغان ھالدا تەقدىم قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە كېلىشىمى، ساھابىلارغا باشتا مەغلۇبىيەت شەكلىدە بىر قەھر تەجەللىسىگە ئوخشاش كۆرۈندى. لېكىن بۇ كېلىشىمدىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن نېمەت ۋە پەتھە ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن نەقەدەر بۈيۈك بىر لۇتۇپ بولغانلىقىنى، زامان ئىچىدە چۈشىنىپ يەتتى. شۇنداقكى، ھۇدەيبىيە كېلىشىمدىن كېيىن ئىككى يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى، دەسلەپكى 19 يىلدا مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانىدىن قاتمۇ-قات كۆپەيدى. بولۇپمۇ مەككە مۇكەررەمە قان تۆكۈلمەستىن پەتھە قىلىندى.

لۇتۇپ شەكلىدە كۆرۈنگەن قەھرگە، ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئاد قەۋمى ئوچۇق بىر مىسالدۇر. ئۇلار ئازاپ بولۇپ ئەۋەتىلگەن ۋە ئاسماننى قاپلىغان قارا بۇلۇتلارنى كۆرگەندە، پەيغەمبىرىنى خورلىغان ھالدا:

«سەن ئازاپتىن سۆزلەۋاتىسەن، ئەمما كۆرۈپ تۇرۇپسەن، يامغۇر ياغىدۇ!» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئالدىغان ئىدى. ئەمما يامغۇر ياغماستىن، بۇ ئازغۇن قەۋم ئاجايىپ ۋە ھەر يەرنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋەتكەن شىددەتلىك بوران ئاستىدا ھالاك بولدى.

دۇنيا نېمىتىگە ئالدىنىپ، ئۇنى دائىمى دەپ گۇمان قىلىپ، ئاخىرەت ھاياتىنى پەرىشان قىلغان غاپىللار ئۈچۈن شۇ پانى ئالەم نەتىجىسى مەھشەردە ھەقىقەتكە ئايلىنىدىغان بىر قەھردىن ئىبارەت. بۇ دۇنيانى ئۆزىگە بەخت-سائادەت بېغىشلىغان بىر جەننەت دەپ گۇمان قىلغان نۇرغۇن بەدبەخلەر دۇچ كەلگەن ئېچىنىشلىق ئاقىبەت، ئىلاھىي كالامدا ئوچۇق بىر شەكىلدە بايان قىلىنغان.

يەنە باي بىر ئىنساننىڭ مال-مۈلكى، كۆرۈنىشتە ئۆزى ئۇچۇن بىر لۇتۇپقا ئوخشايدۇ. لېكىن ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىلمىگەن بولسا، قىيامەت كۈنى بىر قەھر تەجەللىسىگە ئايلىنىپ، ئىگىسىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

لۇتۇپ ۋە قەھر تەجەللىلىرى ئارىسىدا چالقىلانغان بۇ ئالەمنى، قەلب ئىگىسى ئارىپلار مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بۇ دۇنيا، ئەقىللىق كىشى ئۈچۈن كۆركەم بىر تاماشا مەنزىرىسى، ئەخمەقلەر ئۈچۈن يېمەك ۋە شەھۋەتتىن ئىبارەت.»

❁

قۇللارنىڭ قولىدا نېمە بولسا، ئەسلىدە ئاللاھقا ئائىتتۇر. تەبىئەت ۋە ئىنسانلاردىن كەلگەن ھەر تۈرلۈك نېمەتنىڭ ھەقىقى ئىگىسى، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خالىق تائالادۇر. بۇنىڭدىن غاپىل قالماسلىق، پاك قەلبنىڭ تەقەززاسىدۇر. مەخلۇقات بىر ۋاستىدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ھەر جانلىق بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش مەسئۇلىيىتىگە ئىگە.

نېمەتنى تەقسىم قىلىشتا بارلىق ۋاستىلار، ئىشچى ۋە خىزمەتچىدۇر. نېمەتنىڭ ھەقىقى ئىگىسى ۋە ئۇنى بېغىشلىغان كائىناتنىڭ رەببىدۇر. بۇ سەۋەپتىن ھەر مۆمىن، نېمەتنى بەرگەنگە قارىغاندا ئۇنى ئەۋەتكەنگە شۈكۈر تۇيغۇسى بىلەن تولغان بىر ھايات كەچۈرىشى كېرەك. نېمەتنى بىزگە يەتكۈزگەن سەۋەپلەرگە ياكى كىشىلەرگە باغلىنىپ نېمەت ئىگىسىنى ئۇنتۇش، ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتىگە ماس كەلمەيدۇ.

مەخلۇققا يەنى ۋەسىلە بولغانغا رەھمەت ئېيتىشمۇ ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ تەقەززاسىدۇر. ھەدىس شەرىپتە:

«ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىنغان كىشى، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە: «ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق بەرسۇن!» دەپ دۇئا قىلسا، شۈكۈر قەرزىنى يۇقىرى دەرىجىدە تۆلىگەن بولىدۇ. » (تىرمىزى، «بىرر»، 87/2035) دېيگەن.

بۇ ئەھۋالنىڭ زىددى بولغان ھالدا، نېمەتنىڭ ھەقىقى ئىگىسىنى ئۇنتۇپ پەقەت بىر كاسسىر ياكى ۋاستە ئورنىدا بولغان پانىلەرگە رەھمەت ئېيتىش كۈلكىلىك ئىشتۇر. سۈننەتۇللاھنىڭ تەقەززاسى بىلەن كائىناتتىكى ھەر نەرسە بىر سەۋەپكە باغلانغان. لېكىن سەۋەپلەرگە تاقىلىپ «مۇسەببىبۇل ئەسباب»نى يەنى سەۋەپلەرنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك.

ئاللاھ قۇللىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

وَاللّٰهُ أَخْرَجَكُم مِّن بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لاَ تَعْلَمُونَ شَيْئًا وَجَعَلَ لَكُمُ الْسَّمْعَ وَالأَبْصَارَ وَالأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ

**"ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى."** (سۈرە نەھل، 78-ئايەت)

ئاللاھقا شۈكۈر ۋەزىپىسى ئۈچ شەكىلدە ئىجرا قىلىنىدۇ:

**1. لىسانى (ئېغىزاكى) شۈكۈر:**

ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى شۈكۈردۇر. بۇ ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىغا نىسبەتەن تىلى ئارقىلىق: «ئى رەببىم! ساڭا نىھايەتسىز شۈكۈرلەر بولسۇن!» دېگەندەك ئىپادىلەر بىلەن تىلى بىلەن شۈكۈر قىلىشتىن ئىبارەت.

**قۇرئان كەرىمدە:**

وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ

**"پەرۋەردىگارىڭنىڭ** (ساڭا بەرگەن) **نېمىتىنى** (كىشىلەرگە) **سۆزلەپ بەرگىن** (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)." (سۈرە زۇھا، 11-ئايەت)

ئايەت مۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۆلۈك، كېسەل ۋە غاپىل قەلبلىك ئىنسانلار ياراتقۇچىنىڭ نېمەتلىرىدىن ھايۋانى بىر شەكىلدە پايدىلانسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ھايۋانچىلىك زىكىر قىلالمايدۇ. ئايەتتە «ئاندىن ئۇنى (چىرايلىق ياراتقانلىق نېمىتىمىزگە شۈكۈر قىلماي ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن) دوزاخقا قايتۇردۇق» ۋە «ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر،» شەكلىدە تەسۋىرلىگەن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

**2. پېئىلى شۈكۈر:**

ئاللاھنىڭ لۇتۇپ قىلغان نېمەتلىرىنى، ئۇنىڭ يولىدا، ئەمىر قىلغىنى بويىچە سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتىن بايلىقنىڭ شۈكرى سەدىقە بېرىش، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش؛ ئىلمىنىڭ شۈكرى، ئېھسان ۋە تەلىم-تەربىيە؛ بەدەنىنىڭ شۈكرى بولسا، ھەر-بىر ئەزانى ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىشتىن ئىبارەت.

### 3. قەلبى شۈكۈر:

ياراتقۇچىغا مۇھەببەت ۋە مەرىپەت بىلەن باغلىنىپ ھەر ھالغا رازى بولۇشتىن ئىبارەت.

ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە مۇتلەق مەنىدە شۈكۈر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان كۈچى بۇنىڭغا يەتمەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆز لايىقىدا شۈكۈر قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق ئىستىغپار ھالىتىدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كۈندە يۈز قېتىم ئىستىغپار ئېيتىمەن.» دېگەن. (مۇسلىم، «زىكىر»، 42)

ئۇنداقتا، بىز پەقەت لايىقىدا شۈكۈر قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ، كۈندە قانچە قېتىم ئىستىغپار ئېيتىشىمىز كېرەك!؟

باشقىچە ئېيتقاندا، ھەمد ۋە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھنىڭ بۈيۈك لۇتپى-ئېھسانىدۇر. يەنى باشقا بىر نېمەتتۇر. بۇ مەنتىقنى چەكسىز داۋاملاشتۇرغان تەقدىردە، ھەر شۈكۈر، ئۇنىڭغا مۇۋاپىقىيەت سەۋەبى بىلەن يېڭى بىر شۈكۈرگە قەرز بولىدۇ ۋە بۇ زەنجىرسىمان شۈكۈرلەرنى نېسىپ قىلغان ئاللاھقا نىسبەتەن بۇ زەنجىرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىشىپ بۇ قەرزدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ سەۋەپتىن مۇتلەق ۋە كامىل مەنىدە شۈكۈر قەرزىنى ئورۇنداشتىن پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتۈن ئىنسانلىق ئاجىزدۇر.

بۇ ھەقتە بىرگە چۈشكەن ۋەزىپە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ھەققى بىلەن لايىقىدا ئىدراك قىلىش ۋە بۇلارغا نىسبەتەن لايىقىدا شۈكۈر قىلالىشىمىزدىن ئاجىز ئىكەنلىكىمىزنى قوبۇل قىلىپ، قولىمىزدىن كەلگۈچە ھەمدۇ سانا ئېيتىش ۋە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە شۈكۈر قىلىشقا غەيرەت كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. شۇنداقلا «نەپسىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ.» (ئاجلۇنى، «كەشفۇل ھافا»، 11،361) ھېكمىتى رەببىنى بىلىشنىڭ، نەپستە تەجەللى قىلغان ئىلاھىي سەنئەت ۋە نېمەت ئالدىدا ئۆز ئاجىزلىقىنى ئىدراق قىلىشتىن ئۆتكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

نېمەتلەر چەكسىز، تىللار ئاجىز، بەدەن قۇرۇلۇش زەئىپ. ئەڭ بۈيۈك نېمەتلەردىن بىرى ئۇ نېمەتنىڭ ئىگىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقتۇر. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش، ئۇ نېمەتنىڭ كۆپىيىشىگە ۋەسىلە بولۇپ، شۈكۈرسىزلىك ئازىيىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

شۈكۈر جەننەت سەرمايىسى، نانكۆرلۈك بولسا جەھەننەم بەلگىسىدۇر. شۈكۈرسىزلىك ئەھۋالى كۇپرانى نېمەت يەنى نانكۆرلۈكتۇر. مەسىلەن: زاكات بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن پېئىلى شۈكرى ئىجرا قىلىنمىغان بىر مال، نېمەت بولۇشتىن چىقىپ، بىر پىتنە ھالىغا كېلىدۇ. مال ئىگىسى ئۈچۈن بىر مۇسىبەت بولىدۇ. ئاللاھ:

**ئۇلارنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دەۋزەختە بولىدىغان) قاتتىق ئازاپ بىلەن بېشارەت بەرگىن."** (سۈرە تەۋبە، 34-ئايەت) دېگەن.

ئاللاھ تائالا ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ

**"ئاندىن** (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) **نېمەتلەردىن سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر."** (سۈرە تەكاسۇر، 8-ئايەت)

وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ لأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ

**"...«نېمىتىگە شۈكۈر قىلساڭلار،** (ئۇنى) **تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر**(كۇفرانى نېمەت) **قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكالىدى."** (سۈرە ئىبراھىم، 7-ئايەت) **مېنى** (تائەت - ئىبادەت بىلەن) **ياد ئېتىڭلار،** (مېنى ياد ئەتسەڭلار) **مەنمۇ سىلەرنى** (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) **ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار."** (سۈرە بەقەرە، 152-ئايەت)

وَلَقَدْ آتَيْنَا لُقْمَانَ الْحِكْمَةَ أَنِ اشْكُرْ لِلَّهِ وَمَن يَشْكُرْ فَإِنَّمَا يَشْكُرُ لِنَفْسِهِ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ

**"...كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ** (بەندىلەردىن) **بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر»**. (سۈرە لوقمان، 12-ئايەت)

ھەر ئىنساننىڭ ئېرىشكەن نېمەتلەر ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشى مۇھىم بىر قۇللۇق ۋەزىپىسىدۇر. مۆمىن بۇ ئىدراكقا ئىگە بولغان مۇددەتچە، شۈكۈرسىز ۋە ھەمدۇ ساناسىز بولمايدۇ. ياراتقۇچىنىڭ نېمەتلىرىگە بولغان بۇ شۈكۈر ئەخلاقى مۆمىن ئۈچۈن ئىمان سەرمايىسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ھەدىس شەرىپتە:

«شۈكۈر ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.» دېيىلگەن. (سۇيۇتى، «ئەل جامىئۇسسەغىر»، 1، 107)

ئىدراك ئىگىسى بىر قۇل مەنىۋى ۋە روھانى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان سالىھ كىشىلەردىن زوقلىنىپ، ئۇلارغا ئوخشاش بولۇشقا غەيرەت قىلىشى كېرەك. ماددى جەھەتتىن بولسا، ئۆزىدىن تۆۋەن بولغان كىشىلەرگە قاراپ، ئۆز ھالىغا شۈكۈر قىلىشى كېرەك.

باشتا پەيغەمبەرلەر كېيىن ئەۋلىيا ۋە ئالىملار شۈكۈرنى ۋىرد (كۈندۈلۈك زىكىر)گە ئايلاندۇرغان.

قۇرئان كەرىمدە نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن:

إِنَّهُ كَانَ عَبْدًا شَكُورًا

**"نۇھ ھەقىقەتەن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 3-ئايەت)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن:

شَاكِرًا لِأَنْعُمِهِ

**"ئىبراھىم ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. "** (سۈرە نەھل، 121-ئايەت)

لوقمان ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن:

وَلَقَدْ آتَيْنَا لُقْمَانَ الْحِكْمَةَ أَنِ اشْكُرْ لِلَّهِ

**"بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ئاللاھقا شۈكۈر قىلغىن."** (سۈرە لوقمان، 12-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىلىرى ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئاياقلىرى ئىششىپ كەتكەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا :

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سىز ئاللاھنىڭ كەچۈرۈم ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشكەن بىر «ھەبىبۇللاھ» تۇرسىڭىز بەدىنىڭىزگە بۇ قەدەر ئەزىيەت بېرىش راۋا بولامدۇ؟» دېگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئائىشە! ئاللاھقا شۈكۈر قىلغان بىر قۇل بولمايمەنمۇ؟» دېگەن. (بۇخارى، «تەپسىر»، 2/48؛ مۇسلىم، «مۇناپىقىن»، 81)

❀

شۈكۈر تېمىسى بەكمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇنى ئۆز لايىقىدا ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقى شۈكۈرنىڭ پەيىز ۋە بەرىكىتىنى، پەقەت ئۇنى ياشىغان (ئەمەلىلەشتۈرگەن) كىشىلا ئىدراك قىلالىشى مۇمكىن.

خۇلاسە، ھەربىر ئىنسان ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەت نىسبىتىدە شۈكۈر قىلىشقا غەيرەت قىلىشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ:

**ئالىملارنىڭ شۈكرى،** ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئىلىمنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغانلارغا بېرىش ۋە ئۇ ئىلىمغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت. ئىمام ئەزەمنىڭ ھالى بۇنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىسىدۇر. ھەنەفى مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ئىمامى ئەزەم ئۆمۈر بويى ئىلىمنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئىنفاق (سەدىقە) قىلغان، ئىجتىھادى قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىدىغان بۈيۈك مۇجتەھىدلەردىن ئىمام ئەبۇ يۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد، ئىمام زۇفەرگە ئوخشاش ئىسلام دۇنياسىنى نۇرلاندۇرغان ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇ ئىلىمنىڭ شان-شەرەپ ۋە قەدىر-قىممىتىنى قوغداش، زالىم بىر خەلىپىگە قورال بولۇپ، خاتا پەتىۋا بەرمەسلىك ئۈچۈن، زامانىنىڭ بۈيۈك مەنسەپلىرىدىن بىرى بولغان باغداد قازىلىقىنىڭ ئورنىغا زىنداندا قامچىلىنىپ ئازاپ تارتىشنى تاللىدى.

**بايلارنىڭ شۈكرى،**

وَأَحْسِن كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ

**"... ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن** (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) **ياخشىلىق قىلغىن."** (سۈرە قەسەس، 77-ئايەت)

ئايەتنىڭ مەزمۇنىدا، مالنى ھەق يولدا لازىم بولغان يەرلەرگە ئىشلىتىش كېرەك. مالنىڭ ھەقىقى ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىپ مەغرۇرلانماسلىق، ئىسراپ قىلماسلىقتۇر. خۇلاسىلىغاندا، شۈكۈر قىلغان بايلاردىن بولۇشقا غەيرەت كۆرسىتىش كېرەك.

شۈكۈرگە زىت بولغان ئىسراپ، ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىنى خورلاش بولۇپ، يامان يولدا ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئايەت بۇ ھەقتە ئاچچىق ئاگاھلاندۇرۇپ:

وَلاَ تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُواْ إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ وَكَانَ الشَّيْطَانُ لِرَبِّهِ كَفُورًا

"(پۇل - مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) **ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 26 - 27 - ئايەت)

ھال ئەھلى بولغان كىشىلەر، غەپلەت ئىچىدە يەپ-ئىچىش، كىيىنىش ۋە بىر نەرسە ئىشلىتىشنىمۇ ئىسراپ دەپ قارايدۇ.

**گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىنىڭ شۈكرى،** ئۆزىدىكى پۈتۈن گۈزەللىكلەرنىڭ ئاللاھنىڭ لۇتۇپ ۋە كەرەمىدىن بولغانلىقىنى ئىدراك قىلىش ۋە باشقا ئىنسانلارنى خور كۆرمەستىن، كەمتەر ھالىنى مۇھاپىزەت قىلغان ھالدا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

**سەيرى-سۈلۈك ئەھلىنىڭ شۈكرى،** ئەگەشكەن مۇرشىدى كامىلغا كۆڭۈلدىن باغلىنىش بىلەن ھارام-ھالالغا دىققەت قىلىش. بۇ ھەقتىكى ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قېرىتتى:

فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ وَلاَ تَطْغَوْاْ إِنَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ

"(ئى مۇھەممەد!) **ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن.** " (سۈرە ھۇد، 112 - ئايەت) دەپ ئەمر قىلىنغان ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىستىقامەتلىنىش كېرەك. قىسقىچە ئېيتقاندا قۇرئان ۋە سۈننەت ئەخلاقى بىلەن قوراللىنىش، مەرىپەتۇللاھدىن ھىسسە ئېلىشقا غەيرەت قىلىش ۋە مەخلۇقاتقا قارىتا خىزمەت ئەھلى بولۇشتۇر. ئەمما ئېرىشكەن مەنىۋى ۋە روھانى دەرىجىلەردە نەپسىنىڭ رىيا ۋە توزىقىدىن قوغدىنىش كېرەك.

**تەن سالامەتلىكى ياخشى ۋە ياخشى بولمىغانلارنىڭ شۈكرى،** ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەھۋالنىڭ، ئىلاھىي ئىرادىنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى بىر ئىمتىھان ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى ئىدراك قىلىش ئارقىلىق تەسلىمىيەت ۋە رازى بولغان ھالدا ياشاشتىن ئىبارەت. ساق بىر كىشى، بۇنىڭ ئۆزىگە ئاللاھ يولىدا سالىھ ئەمەللەردە قوللىنىش ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى بىلىشى ۋە ئۇ مەقسەت ئۈستىدە ياشىشى كېرەك. كېسەل ياكى مېيىپ كىشىمۇ، بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن بۈيۈك بىر نېمەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى «ئى رەببىم! ھەر ھالىمغا شۈكۈر بولسۇن!» ھاياجانى ئىچىدە ياشىشى كېرەك. شۇنى بىلىش لازىمكى، كۆزى كۆرمىگەن بىر كىشى ھارامغا ۋە غەيۋەتكە كىرىشمىگەنلىكى ئۈچۈن،

كور بولمىغان ھالدا ھارامغا قارىغان ۋە بۇ ۋەسلە بىلەن پىتنىگە چۈشكەندىن ياخشىراق بىر ئەھۋالدىدۇر! ئەمما بۇنىڭ ھەقىقىتى قىيامەت كۈنى ئايان بولىدۇ.

**پېقىرلارنىڭ شۈكرى،** سەۋر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇشى كېرەك. سەۋر قىلغان پېقىرلار بىلەن شۈكۈر قىلغان بايلار ئىلاھىي رىزادا تەڭدۇر. پېقىرلىقتىكى ھەقىقى شۈكۈر ھەققىدە ئىبراھىم بىن ئەدھەم بىلەن شەقىق بەلخى ئارىسىدا ئۆتكەن سوئال-جاۋاپ ناھايىتى ئىبرەتلىكتۇر:

شەقىق بەلخى، ئىبراھىم بىن ئەدھەمگە:

«نېمە ئىش قىلىسەن؟ ھالىڭ قانداق؟» دەپ سورىدى.

ئىبراھىم بىن ئەدھەم مۇنداق جاۋاپ بەردى:

«تاپسام شۈكۈر قىلىمەن، تاپالمىسام سەۋر قىلىمەن! »

شەقىق بەلخى:

«بۇنى بىزنىڭ خوراسانىنىڭ ئىتلىرىمۇ قىلىدۇ!» دېگىنىدە بۇ قېتىم ئىبراھىم بىن ئەدھەم سورىدى:

«ئۇنداقتا سىز قانداق قىلىسىز؟»

شەقىق بەلخى جاۋابەن:

«تاپساق شۈكۈر قىلىپ سەدىقە بېرىمىز، تاپالمىساق سەۋر قىلىپ شۈكۈر قىلىمىز.»

❀

پۈتۈن نېمەت ۋە ئېھسان ئاللاھتىندۇر. بۇ ھەقتە ئىبراھىم دەسۇقى مۇنداق دەيدۇ:

«ئى قېرىندىشىم! بىر ئىشنى ئۆزەم قىلدىم، كۆز قارىشىدىن ھەزەر قىل! كېيىن ئۆز غەيرىتىڭ بىلەن ھەق ئىگىسى بولغانلىقىڭنى جاكالاشقا ئۇرۇنىسەن!

شۇنى ياخشى بىلىشىڭ كېرەككى، ئەگەر روزا تۇتۇۋاتقان بولساڭ، ئۇنى ساڭا تۇتتۇرغان ئاللاھ تائالادۇر. ناماز ئوقۇۋاتامسەن؟ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا قىيامدا تۇرغۇۋاتامسەن؟ بۇلارنى لۇتۇپ قىلغان يەنە ئاللاھ تائالادۇر.

پۈتۈن ئەمەللەر مۇشۇنداقتۇر. ھەر نەرسىنى ئۇنىڭدىن دەپ قارايسەن. بىر نەرسە كۆرگەن چېغىڭدا، ئۇنى كۆرسەتكۈچىنىڭ يەنە ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىسەن. بۇ داۋاملىشىپ، مەنىۋى بىر شەربەت ئىچكەن چېغىڭدىمۇ يەنە «ئۇ ئىچكۈزدى. » دەيسەن.»

ئىنسان ئىرادە ئىگىسى بولسىمۇ ھەر پېئىل، ئاللاھنىڭ **«خالىق»**سۈپىتىنىڭ تەجەللىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭدىن بىلىش ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. شۇڭا ئىماننىڭ بىر شەرتى **«ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھدىن»** ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر. لېكىن ئاللاھنىڭ **«ئىرادىسى»** بىلەن **«رىزا»**سىنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، ھەر بولۇشتا مەۋجۇت بولغان ھالدا رىزاسى پەقەت ياخشىلىقتىدۇر. رىزاسى بولمىغان بىر پېئىل، قۇلنىڭ تەلەبى سەۋەبى بىلەن نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقى بولسا، بۇ ئالەمنىڭ بىر **«ئىمتىھان ئالەمى»** بولۇشىدۇر.

دوختۇرنىڭ غايىسى، كېسەلنى داۋالاشتۇر. كېسەل بېرىلگەن دورىنى ئىچمىسە دوختۇرنىڭ مەسئۇلىيىتى بولمايدۇ. يەنە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ غايىسى ئوقۇغۇچىسىنى مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشتۇر. لېكىن ئوقۇغۇچى غەيرەت قىلىپ تىرىشمىسا ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالامۇ قۇلىنى دارۇسسالامغا (جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن قۇل بۇ دەۋەتنىڭ شەرتلىرىگە بوي سۇنمىسا نەتىجىسى جەننەتتىن مەھرۇم قېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر قۇلغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن بىرىنى تاللاش ھەققى ۋە قۇدرىتى بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئۇ زامان «جازا» ۋە «مۇكاپات» ئىلاھىي ئادالەتكە زىت بولغان بولاتتى. قۇلنىڭ تاللاش ساھەسىگە كىرگەن، شۇڭلاشقا «مۇكاپات» ياكى «جازا» نى تەقەززا قىلغان پېئىللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى بولسا «ھەمد» ۋە «شۈكۈر» نى ھەقىقى ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قارىتا ئەمەل قىلغۇچى بولۇشىدىن ئىبارەت.

**ئى رەببىمىز! بىزنى، لوقمان ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش شۈكۈر قىلغان ھالدا ھېكمەتتىن نەسىبنى ئالغان، قولىدىن، تىلىدىن، كۆڭلىدىن ئۈممەت پايدىلانغان قۇللىرىدىن قىلغىن!**

**ئامىن!..**



ئاق دېڭىز
قۇددۇس
ئىسكەندەرىيە
قاھىرە
ئەيلە
مىسىر
ئاسيوت
قىزىل دېڭىز
ئەرەپ چۆلى
نىل
نۇبە چۆلى
سۇدان



**زەکەریا** ئەلەیهسسالام

**یەهیا** ئەلەیهسسالام

**ئیسا** ئەلەیهسسالام

هەرە بىلەن ئىككىگە ئايرىلغان ھالدا شېھىد قىلىنغان مەزلۇم پەيغەمبەر

## زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام،

ئۆلۈمنى دادىسىغا ئوخشاش شەھىدلىك بىلەن قارشى ئالغان

## يەھيا ئەلەيھىسسالام

ۋە

كېسەللەرگە شىپا بەرگەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەن سەماۋى

## ئىسا ئەلەيھىسسالام

بۇ ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن جاپا-مۇشەققەت ۋە تەۋھىد يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى بىر-بىرىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ.

بۇلار، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بۈزۈقچىلىق جەھەتتىن ئەڭ چېكىدىن ئاشقان ئازغۇن يەھۇدىيلارنى ھىدايەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلدى، لېكىن بىر قىسىم ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ سىرتىدا بۈيۈك كۆپچىلىك تەرىپىدىن داۋاملىق ھاقارەتكە ئۇچرىدى. دۇنيا ھاياتىنى ھەر زامان مىڭ-بىر جاپا-مۇشەققەت ۋە قىينىچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. زەكەرىيا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالام شېھىد قىلىندى، ئىسا ئەلەيھىسسالام بولسا ئاللاھ تەرىپىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

بۇ ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىدىكى ئىمتىھان تەجەللىلىرىنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بولۇپلا قالماي، ئارىلىرىدا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن مەنىۋى مۇناسىۋىتىمۇ بار. يەنى ھەزرىتى زەكەرىيا ۋە ئەلىسادىن، ھەزرىتى يەھيا؛ ھەزرىتى زەكەرىيانىڭ قىز بىر تۇغقىنى ھەننە ۋە ئىمراندىن، مەريەم ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن ئىسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلدى.

## زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام

بەنى ئىسرائىل پەيغەمبىرىدۇر. نەسلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا تۇتۇشىدۇ. قۇددۇستا بولغان مەسجىدى ئەقسادا تەۋرات يېزىش ۋە قۇربانلىق قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى كۈچلەندۈردى. ياغاچچىلىق كەسپىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈردى. قەۋمى تەرىپىدىن شېھىد قىلىندى، قەبرى ھەلەپتە.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام زامانىدا شام ۋە قۇددۇس، باتلامىيۇسچىلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلار بەيتۇل مۇقەددەسنى ھۆرمەت قىلىپ ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى خوش قىلاتتى. بۇ قەۋمنىڭ بۇيۇكلىرى ئىبادەتخانىدىن ھېچ چىقمايتتى. بەيتۇل مۇقەددەستە كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلاتتى. ئۇ زامانلار ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئارىسىدا بىر پەيغەمبەر يوق ئىدى. ئۆزىگە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدى.

نەتىجىدە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالم ئۇلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدى.

بەيتۇل مۇقەددەستە تۆت يۈزگە يېقىن ئابىد ئىبادەت قىلاتتى. بىر كىشى ئاللاھ ئالدىدا مۆتەبەر بولۇشنى خالىسا، ئايالى ھامىلدار بولغاندا:

«ئى رەببىم! ئەگەر ئوغۇل بولسا ئۇنى ساڭا ئىبادەت ئۈچۈن بەيتۇل مۇقەددەسكە نەزىر قىلىپ ئاتىدىم.» دەيتتى.

بۇ شەكىلدە ئوغۇل بوۋاقلار چوقۇم بەيتۇل مۇقەددەسكە نەزىر قىلىناتتى. بۇ ئادەت مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن قالغان ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

«ئى مۇسا! مەن قۇللىرىمدىن ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرىمەن چۈنكى ياش ۋاقتىدىن تارتىپ قېرىغىچە ئۆمرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى. ياشلىقىدا گۇناھ ئۆتكۈزمەي، كۆڭلىنى ماڭا باغلىغان ھالدا مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ئېرىشتى.»

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغان ئەلىسا بىلەن توي قىلدى. ئەلىسا، مەريەمنىڭ ئانىسى بولغان ھۇنەنەنىڭ قىز قېرىندىشىدۇر. ھۇنەنەنىڭ ئېرى ئىمراندۇر.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام سادىق ۋە سالىھ بىر پەيغەمبەر بولۇپ، زالىم ۋە ئازغۇن يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا شېھىد قىلىندى.

## يەھيا ئەلەيھىسسالام

يەھيا ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەريەم بىلەن بىر نەۋرە بولۇپ، تەۋراتنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆگىنىشكە باشلاپ، بالاغەت يېشىغا كەلگەندە پەيغەمبەرلىك بېرىلدى.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامغا ھەزرىتى يەھيانىڭ ئېھسان قىلىنىشى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّهُ قَالَ رَبِّ هَبْ لِي مِن لَّدُنْكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً إِنَّكَ سَمِيعُ الدُّعَاء

**"شۇ ۋاقىتتا** (يەنى مەريەمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەن چاغدا) **زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن» دېدى."** (سۈرە ئال ئىمران، 38 - ئايەت)

قَالَ رَبِّ إِنِّي وَهَنَ الْعَظْمُ مِنِّي وَاشْتَعَلَ الرَّأْسُ شَيْبًا وَلَمْ أَكُن بِدُعَائِكَ رَبِّ شَقِيًّا

**"ئۇ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمدىن كەتتىم، چېچىم ئاقاردى. پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ ئۈمىدسىز بولۇپ قالغىنىم يوق."** (سۈرە مەريەم، 4 - ئايەت)

وَإِنِّي خِفْتُ الْمَوَالِيَ مِن وَرَائِي وَكَانَتِ امْرَأَتِي عَاقِرًا فَهَبْ لِي مِن لَّدُنكَ وَلِيًّا

**"مەن تاغىلىرىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ئورنۇمنى باسالماسلىقلىرىدىن** (يەنى دىنىنى قولدىن بېرىپ قويۇشلىرىدىن) **ھەقىقەتەن ئەنسىرەيمەن، مېنىڭ ئايالىم تۇغماستۇر،** (پەزلىڭدىن) **ماڭا بىر** (ياخشى) **پەرزەنت ئاتا قىلغىن."** (سۈرە مەريەم، 5 - ئايەت)

يَرِثُنِي وَيَرِثُ مِنْ آلِ يَعْقُوبَ وَاجْعَلْهُ رَبِّ رَضِيًّا

**"ئۇ ماڭا ۋارىس بولغاي ۋە ياقۇب ئەۋلادىغا ۋارىس بولغاي، پەرۋەردىگارىم! ئۇنى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان قىلغىن»."** (سۈرە مەريەم، 6 - ئايەت)

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ چىن كۆڭلىدىن قىلغان بۇ دۇئاسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا قوبۇل بولدى:

فَنَادَتْهُ الْمَلآئِكَةُ وَهُوَ قَائِمٌ يُصَلِّي فِي الْمِحْرَابِ أَنَّ اللّهَ يُبَشِّرُكَ بِيَحْيَى مُصَدِّقًا بِكَلِمَةٍ مِّنَ اللّهِ وَسَيِّدًا وَحَصُورًا وَنَبِيًّا مِّنَ الصَّالِحِينَ

**"ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا ئاللاھنىڭ كەلىمىسى** (يەنى ئىسا) **نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى."** (سۈرە ئال ئىمران، 39 - ئايەت)

مۇپەسسىرلەرنىڭ باياتلىرىدا ئايەتتىكى «كەلىمە» بىلەن مەقسەت قىلىنغان ھەزرىتى ئىسادۇر. ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 45 - ئايىتىدە بۇنى ئوچۇق ئىپادىلىگەن. باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

يَا زَكَرِيَّا إِنَّا نُبَشِّرُكَ بِغُلَامٍ اسْمُهُ يَحْيَى لَمْ نَجْعَل لَّهُ مِن قَبْلُ سَمِيًّا

"(ئاللاھ ئېيتتىكى) **«ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا** (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) **يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق».**" (سۈرە مەريەم، 7 - ئايەت)

ئايەتتە «ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئىسىمداش قىلمىدۇق» دېيىشى، ھەزرىتى يەھيانى ئۇلۇغلاش ئۈچۈندۇر. چۈنكى يەھيا ئىسمى تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭغا بېرىلگەن، بولۇپمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان. بۇ يەنە يەھيا ئەلەيھىسسالام ئىگە بولغان مۇستەسنا پەزىلەتلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

«يەھيا» ياشىغان، تىرىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككى ياشانغان كىشىدىن بىر ئەۋلادنىڭ پەيدا قىلىنىشى، ئۆلۈكتىن تىرىك ياراتقاندەك بىر ئىشتۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ رَبِّ أَنَّى يَكُونُ لِي غُلاَمٌ وَقَدْ بَلَغَنِيَ الْكِبَرُ وَامْرَأَتِي عَاقِرٌ قَالَ كَذَلِكَ اللّهُ يَفْعَلُ مَا يَشَاء

**"ئۇ: «پەرۋەردىگارىم! مەن قېرىپ قالغان تۇرسام، ئايالىم تۇغۇتتىن قالغان تۇرسا قانداقمۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسۇن؟» دېدى. پەرىشتىلەر:**

**«ئاللاھ شۇنىڭدەك خالىغىنىنى قىلىدۇ** (يەنى قۇدرىتى ئىلاھىييە ھېچ نەرسىدىن ئاجىز ئەمەس)**» دېدى."** (سۈرە ئال ئىمران، 40 - ئايەت)

قَالَ كَذَلِكَ قَالَ رَبُّكَ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٌ وَقَدْ خَلَقْتُكَ مِن قَبْلُ وَلَمْ تَكُ شَيْئًا

"(نىدا قىلغان پەرىشتە) **ئېيتتى: «ئىش ئەنە شۇنداقتۇر، پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: بۇ مەن ئۈچۈن ئاساندۇر، سېنى مەن ياراتتىم، ھالبۇكى سەن بۇرۇن يوق ئىدىڭ** (يەنى سېنى يوقتىن بار قىلغاندەك، يەھيانى ئىككىڭلاردىن تۆرەلدۈرۈشكە قادىرمەن)**» ."** (سۈرە مەريەم، 9 - ئايەت)

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئالامىتى، ئۈچ كۈن ئىنسانلار بىلەن ئىشارەتتىن باشقا شەكىلدە سۆزلىيەلمەسلىكى ۋە رەببىنى زىكىر قىلىشى ئىدى:

قَالَ رَبِّ اجْعَل لِّيَ آيَةً قَالَ آيَتُكَ أَلاَّ تُكَلِّمَ النَّاسَ ثَلاَثَةَ أَيَّامٍ إِلاَّ رَمْزًا وَاذْكُر رَّبَّكَ كَثِيرًا وَسَبِّحْ بِالْعَشِيِّ وَالإِبْكَارِ

**"ئۇ: ‹‹پەرۋەردىگارىم! ماڭا** (ئايالىمنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىغا) **بىر نىشانە ئاتا قىلغىن» دېدى. ئاللاھ: ‹‹ساڭا بولىدىغان نىشانە شۇكى، ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن** (يەنى زىكرى تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا سۆزگە تىلىڭ كەلمەيدۇ)**. پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن،** (نېمىتىمگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) **پەرۋەردىگارىڭنى كۆپ ياد ئەت، كەچتە، ئەتىگەندە تەسبىھ ئېيت» دېدى."** (سۈرە ئال ئىمران، 41 - ئايەت)

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئۈچ كۈن ھېچكىم بىلەن سۆزلىشەلمىدى، قەۋمىگە تەبلىغىنى تۇپراققا يېزىش ئارقىلىق ئىشارەت بىلەن بايان قىلدى:

فَخَرَجَ عَلَى قَوْمِهِ مِنَ الْمِحْرَابِ فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ أَن سَبِّحُوا بُكْرَةً وَعَشِيًّا

**"زەكەرىيا نامازگاھىدىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى."** (سۈرە مەريەم، 11 - ئايەت)

**ئاللاھ:**

فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَوَهَبْنَا لَهُ يَحْيَى وَأَصْلَحْنَا لَهُ زَوْجَهُ إِنَّهُمْ كَانُوا يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا وَكَانُوا لَنَا خَاشِعِينَ

**"بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق** (يەنى تۇغمىدىغان قىلىپ بەردۇق). (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) **شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى،** (رەھمىتىمىزنى) **ئۈمىد قىلىپ،** (ئازابىمىزدىن) **قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى."** (سۈرە ئەنبىيا، 90 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەھيا ئەلەيھىسسالامغا بالاغەت يېشىغا كەلگەندە تەۋراتقا چىڭ ئېسىلىشقا بۇيرىدى:

يَا يَحْيَى خُذِ الْكِتَابَ بِقُوَّةٍ وَآتَيْنَاهُ الْحُكْمَ صَبِيًّا

"(يەھيا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا) **«ئى يەھيا! كىتابنى** (يەنى تەۋراتنى) **تىرىشىپ ئوقۇغىن»** (دېدۇق). **ئۇنىڭغا بالىلىق چېغىدىلا ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلدۇق."** (سۈرە مەريەم، 12 - ئايەت)

وَحَنَانًا مِّن لَّدُنَّا وَزَكَاةً وَكَانَ تَقِيًّا

**"بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇنى** (ناچار خىسلەتلەردىن) **پاك قىلىش يۈزىسىدىن** (شۇنداق قىلدۇق)**، يەھيا تەقۋادار ئىدى."** (سۈرە مەريەم، 13 - ئايەت)

وَبَرًّا بِوَالِدَيْهِ وَلَمْ يَكُن جَبَّارًا عَصِيًّا

**"ئۇنى ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈمچان** (قىلدۇق)**، ئۇ مۇتەكەببىر** (يەنى ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقۇچى)، (پەرۋەردىگارىغا) **ئاسىيلىق قىلغۇچى بولمىدى."** (سۈرە مەريەم، 14 - ئايەت)

يەھيا ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلدى. لېكىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋە ئىنجىل بېرىلگىچە بولغان ئارىلىقتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

شەرىئىتىگە ئەمەل قىلدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بويىچە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرى بولۇپ دادىسىغا ئوخشاش شېھىد قىلىندى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كەلگەن شەرىئىتىدە قېرىنداش بىر تۇققىنىنىڭ ئايالى بىلەن نىكاھلىنىش چەكلىنەتتى. بۇنىڭ جازاسى بولسا قىسرلاشتۇرۇش (تۇغماس) ئىدى. (لەۋىيلەر، 18 - 18/6؛ 21 - 20/19) تەۋراتتا زىنا قىلىشنىڭ جازاسى ئۆلۈم بولۇپ، توي قىلىشى چەكلەنگەن كىشىلەر ئارىسىدىكى زىنانىڭ جازاسى بولسا باشقىچە ئىدى. (تەسنىيە، 27 - 22/22؛ لەۋىيلەر، 20/11، 12، 14، 17) يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ شېھىد قىلىنىشىدا بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ۋەقە نەقىل قىلىنىدۇ:

يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك زامانىدا پادىشاھ 1 - ھېروت (ھىرودەس) ئىنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلدى. بۇ سەۋەپتىن يەھيا ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ئىلاھىي قانۇنلارغا زىت ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا پادىشاھ تەرىپىدىن زىندانغا تاشلاندى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزدى. بۇ مۇراسىمغا ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان ئايالنىڭ قىزىمۇ بىرلىكتە كەلگەن ئىدى. بۇ قىز كۆرسەتكەن ئويۇنلىرى بىلەن سېھىرلىگەن ئىدى. ئۇ كۈنى قىز نېمە تەلەپ قىلسا ئورۇندايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. ئانىسىنىڭ ئالدىشى بىلەن قىز يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ ئالدىدا قايغۇرغان بولسىمۇ بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلەپ ئۇنى ئورۇندىدى. يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ شېھىد قىلىندى. (لۇقا، 20 - 3/19؛ ماتتا، 12 - 14/1)

باشقا بىر رىۋايەتتە يەھيا ئەلەيھىسسالام كاللىسى بىر قانچە قېتىم ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ زالىم ھېروتقا: «بۇ قىز ساڭا جائىز ئەمەس!» دەپ خىتاپ قىلدى.

بۇ نەقەدەر غاپىللىقكى، يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ بەدبەخت 1 - ھېروت ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە شېھىد قىلدى.

يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك بەدىنى باشقا ـ باشقا شەھەرلەردە بولۇپ، بېشى، شامدىكى ئۇمەييە مەسجىدىگە كۆمۈلدى.

ھېروت بىلەن توي قىلغان قىز مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىشىمۇ بۇ ۋاقىتتا يۈز بەردى. چۈنكى ئۇ زامان يەھۇدىيلار پەيغەمبەرنىمۇ ئۆلتۈرىدىغان دەرىجىدە ئازغۇنلىشىپ كەتكەن ئىدى. يەھۇدىيلار ھەددىدىن ئارتۇق گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ

تەرپىدىن مۇنداق لەنەتلەندى:

فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَاقَهُمْ وَكُفْرِهِم بَآيَاتِ اللّهِ وَقَتْلِهِمُ الأَنْبِيَاء بِغَيْرِ حَقًّ وَقَوْلِهِمْ قُلُوبُنَا غُلْفٌ بَلْ طَبَعَ اللّهُ عَلَيْهَا بِكُفْرِهِمْ فَلاَ يُؤْمِنُونَ إِلاَّ قَلِيلاً

**"ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ۋە** (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) **دىللىرىمىز پەردىلەنگەن** (يەنى سۆزۈڭنى چۈشەنمەيدۇ) **دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن** (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)، **بەلكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىنى ئىمان ئېيتمايدۇ."** (سۈرە نىسا، 155-ئايەت)

يەھيا ئەلەيھىسسالام شېھىد قىلىنغاندا ئوتتۇز ياشلىرىدا ئىدى.

ئۇ قۇرئاندا دېيىلگەندەك، ئۈچ خەتەرلىك كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى:

وَسَلَامٌ عَلَيْهِ يَوْمَ وُلِدَ وَيَوْمَ يَمُوتُ وَيَوْمَ يُبْعَثُ حَيًّا

**"ئۇ تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە، تىرىلىپ** (قەبرىدىن) **تۇرغۇزۇلغان كۈندە** (ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان) **ئامانلىققا ئېرىشىدۇ."** (سۈرە مەريەم، 15-ئايەت)

بەيزاۋى بۇ ئايەتنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

**«ئىنسانلارغا مۇسالالات بولغان شەيتان، ئۇنىڭغا ھاياتىدا زىيان-زەخمەت بېرەلمىسۇن! قەۋر ئازابىدا سالامەت بولسۇن! ھېساپ قورقۇنچى ۋە جەھەننەم ئازابى كۆرمىسۇن!»**

## ئىسا ئەلەيھىسسالام

ئىسا ئەلەيھىسسالام، يەھيا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن دۇنياغا كەلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا كەلگەن ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ بولغان، ئۇلارغا «ئۇلۇل ئەزىم» دېيىلگەن بەش پەيغەمبەرنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. ئۇنىڭغا «رۇھۇللاھ» دەپ ئاتاش، بىر

ھۆرمەت سۆزى بولۇش بىلەن بىرلىكتە، ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقىنىدەك ئۇنىمۇ روھىدىن ئۇپلەش ئارقىلىق ياراتقانلىقىدىندۇر.

ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوتتۇز يېشىدا پەيغەمبەرلىك كەلدى. ئۇنىڭغا كىتاب بولۇپ ئىنجىل بېرىلدى. ئوتتۇز ئۈچ ياشلىرىدا تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى.

قىيامەت يېقىنلاشقاندا دۇنياغا چۈشۈپ، تۇرمۇش قۇرۇپ پەرزەنتلىك بولىدۇ. «ھەزرىتى مەھدى» بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئىسلامنى پۈتۈن دۇنياغا ھاكىم قىلىپ مەدىنە مۇنەۋۋەردە ۋاپات بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەپنە قىلىنغان ھۇجرەئى سائادەتتە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەم، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىندۇر. ئانىسى ھۇننە، دادىسى بولسا ئىمراندۇر.

تارىخى مەنبەلەرگە قارىغاندا، ھۇننەنىڭ پەرزەنتى بولمىغان ئىدى. ئۇ:

«ئى رەببىم! مېنىڭ بىر پەرزەنتىم بولسا، ئۇنى بەيتۇل مۇقەددەسكە خىزمەتچى قىلىمەن!» دەپ دۇئا قىلدى.

ھۇننە نەزىر قىلغاندىن كېيىن ھامىلدار بولدى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِذْ قَالَتِ امْرَأَةُ عِمْرَانَ رَبِّ إِنِّي نَذَرْتُ لَكَ مَا فِي بَطْنِي مُحَرَّرًا فَتَقَبَّلْ مِنِّي إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى** (دۇنيا ئىشلىرىدىن) **ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم،** (بۇ نەزرەمنى) **قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن** (دۇئايىمنى) **ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن» ."** (سۈرە ئال ئىمران، 35 - ئايەت)

بىر مۇددەتتىن كېيىن بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپ، ئىسمىنى مەريەم قويدى:

فَلَمَّا وَضَعَتْهَا قَالَتْ رَبِّ إِنِّي وَضَعْتُهَا أُنثَى وَاللهُ أَعْلَمُ بِمَا وَضَعَتْ وَلَيْسَ الذَّكَرُ كَالأُنثَى وَإِنِّي سَمَّيْتُهَا مَرْيَمَ وَإِنِّي أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ

**"ئۇ قىز تۇغقان ۋاقتىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! قىز تۇغدۇم» دېدى، ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ.** (ئۇ تەلەپ قىلغان) **ئوغۇل** (ئاتا قىلىنغان) **قىزغا ئوخشاش ئەمەس** (بەلكى بۇ قىز ئارتۇقتۇر). (ئىمراننىڭ ئايالى ئېيتتىكى) **«مەن ئۇنى مەريەم ئاتىدىم، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن»."** (سۈرە ئال ئىمران، 37-ئايەت)

ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مەريەمگە قىلغان ئەڭ بۈيۈك ئىنئاملىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. ئۇ زامانغىچە بەيتۇل مۇقەددەسكە ئوغۇل باللار نەزىر قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئانىسى ھۆننەنىڭ ئىلتىجا قىلىشى بىلەن مەريەممۇ نەزىر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى.

2. ئاللاھ تائالا، ئۇنى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىگە بەردى.

3. رىزقىنى جەننەت نېمەتلىرىدىن ئېھسان قىلدى.

4. پەيغەمبەرلىرىگە ئەۋەتكەن پەرىشتە بولغان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتۈردى.

5. ئۇنى ۋە پەرزەنتى ئىسانى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىدى.

6. ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام بۆشۈكتىكى ۋاقتىدا سۆزلەپ، ئانىسىغا قىلىنغان بۆھتانلارغا جاۋاپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، زامانىدا دۇنيادىكى پۈتۈن ئاياللارنىڭ ئەڭ خەيرلىكىدۇر. بۇ ئۈممەتنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئەڭ خەيرلىكى خەدىچىدۇر.» (مۇسلىم، «پەزائىلۇسساھابە»، 69)

ھەزرىتى مەريەم كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلاتتى. تەقۋالىقى، بەنى ئىسرائىل ئارىسىدا تىللاردا داستان بولدى. ئۇنىڭدىن كارامەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇ تاللانغان قۇللاردىن ئىدى. قۇرئان كەرىمدە «سىددىقا» دەپ ماختالدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذْ قَالَتِ الْمَلاَئِكَةُ يَا مَرْيَمُ إِنَّ اللّهَ اصْطَفَاكِ وَطَهَّرَكِ وَاصْطَفَاكِ عَلَى نِسَاء الْعَالَمِينَ

**"پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى** (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن) **تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى."** (سۈرە ئال ئىمران، 42-ئايەت)

يَا مَرْيَمُ اقْنُتِي لِرَبِّكِ وَاسْجُدِي وَارْكَعِي مَعَ الرَّاكِعِينَ

**"ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل»."** (سۈرە ئال ئىمران، 43-ئايەت)

بۇ بۇيرۇقلارغا ئاساسەن ھەزرىتى مەريەمنىڭ تەقۋالىقى شۇنداق ھالغا كەلدىكى، پۇتلىرى ئىششىپ كەتكىچە ناماز ئوقۇدى.

**يوقتىن ياراتقۇچى ئاتىسىزمۇ يارىتىدۇ**

ھەزرىتى مەريەم ئون بەش ياشلاردا يۇسۇپى نەججار ئىسىملىك بىرسى بىلەن توي قىلىشقا كېلىشتى. لېكىن ئۇلار توي قىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاتىسىز بىر پەرزەنت بېرىدىغانلىقىنى خوش خەۋەر قىلدى. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

إِذْ قَالَتِ الْمَلآئِكَةُ يَا مَرْيَمُ إِنَّ اللّهَ يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٍ مِّنْهُ اسْمُهُ الْمَسِيحُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ وَجِيهًا فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَمِنَ الْمُقَرَّبِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا** (ئاتىنىڭ ۋاستىسىز) **ئاللاھنىڭ بىر كەلىمىسى** (دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) **بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى، مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاھقا يېقىنلاردىن بولىدۇ."** (سۈرە ئال ئىمران، 45-ئايەت)

يەنە پەرىشتىلەر ھەزرىتى ئىساغا مۇنداق دېدى:

وَيُكَلِّمُ النَّاسَ فِي الْمَهْدِ وَكَهْلاً وَمِنَ الصَّالِحِينَ

**"ئۇ بۆشۈكتىمۇ** (يەنى بوۋاقلىق چېغىدىمۇ)**، ئوتتۇرا ياش بولغاندىمۇ كىشىلەرگە** (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى) **سۆزلەيدۇ ۋە** (تەقۋادارلىقتا كامىل ياخشى ئادەملەردىن بولىدۇ»."** (سۈرە ئال ئىمران، 46-ئايەت)

**بۇنىڭ بىلەن:**

قَالَتْ رَبِّ أَنَّى يَكُونُ لِي وَلَدٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِي بَشَرٌ قَالَ كَذَلِكِ اللّهُ يَخْلُقُ مَا يَشَاء إِذَا قَضَى أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُن فَيَكُونُ

**"مەريەم: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىنساننىڭ قولى تەگمىگەن تۇرسا** (يەنى ئەرلىك بولمىسام) **قانداق بالام بولىدۇ؟» دېدى. پەرىشتە: « ئاللاھ خالىغىنىنى شۇنداق يارىتىدۇ** (يەنى ئاتا - ئانا، ئارقىلىقمۇ ۋە ئۇنىڭسىزمۇ يارىتىدۇ)**. بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» دېدى."** (سۈرە ئال ئىمران، 47 - ئايەت)

پەرىشتىلەر، مەريەمگە خىتاب قىلغان ھالدا ھەزرىتى ئىسا ھەققىدىكى سۆزلىرىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

وَيُعَلِّمُهُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَالتَّوْرَاةَ وَالإِنجِيلَ

**"ئاللاھ ئۇنىڭغا خەتنى، ھېكمەتنى** (يەنى سۆز-ھەرىكەتتە توغرا بولۇشنى)**، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ."»** (سۈرە ئال ئىمران، 48 - ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئايەت كەرىمىلەردە كۆپلۈك بولۇپ كەلگەن «پەرىشتىلەر» ئىپادىسىدىن مەقسەت، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇنداق كۆپلۈك بولغان ھالدا قوللىنىشى ئۇنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ مَرْيَمَ إِذِ انتَبَذَتْ مِنْ أَهْلِهَا مَكَانًا شَرْقِيًّا

**"**(ئۇلارغا) **قۇرئاندا مەريەم** (قىسسىسى) **نى بايان قىلغىن، ئەينى زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپتىكى بىر جايغا باردى."** (سۈرە مەريەم، 16 - ئايەت)

مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتە دېيىلگەن «شەرق تەرەپ» مەسجىدۇل ئەقسانىڭ شەرق تەرىپى ياكى مەريەمنىڭ ئۆيىنىڭ شەرق تەرىپىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن خرىستىئانلارنىڭ شەرق تەرەپكە يۈنەلگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇزۇن زامان ئۆتمەي ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مەريەمگە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

فَاتَّخَذَتْ مِن دُونِهِمْ حِجَابًا فَأَرْسَلْنَا إِلَيْهَا رُوحَنَا فَتَمَثَّلَ لَهَا بَشَرًا سَوِيًّا

**"ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەردىن يوشۇرۇندى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ روھىمىزنى** (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى) **ئەۋەتتۇق، ئۇ مەريەمگە بېجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى."** (سۈرە مەريەم، 17 - ئايەت)

بۇ يەردىكى روھ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كېلىشكەن بىر ئىنسان شەكلىدە ئەۋەتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ھەزرىتى مەريەمنىڭ قورقۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ھەزرىتى مەريەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئەسلى سۈرىتىدە كۆرگەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى.

ھەزرىتى مەريەم ئۇستۇن ئەدەپ ۋە ئەخلاققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىدا ياش بىر كىشىنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئەندىشە قىلدى. بۇ ئەھۋالنى قۇرئان مۇنداق بايان قىلىدۇ:

قَالَتْ إِنِّي أَعُوذُ بِالرَّحْمَن مِنكَ إِن كُنتَ تَقِيًّا

**"مەريەم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا سېغىنىپ سېنىڭ چېقىلىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەگەر سەن تەقۋادار بولساڭ** (ماڭا چېقىلمىغىن)**».**" (سۈرە مەريەم، 18 - ئايەت)

قَالَ إِنَّمَا أَنَا رَسُولُ رَبِّكِ لِأَهَبَ لَكِ غُلَامًا زَكِيًّا

**"جىبرىئىل ئېيتتى: «مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن»"** (سۈرە مەريەم، 19 - ئايەت)

قَالَتْ أَنَّى يَكُونُ لِي غُلَامٌ وَلَمْ يَمْسَسْنِي بَشَرٌ وَلَمْ أَكُ بَغِيًّا

**"مەريەم ئېيتتى: «ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام، قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟»"** (سۈرە مەريەم، 20 - ئايەت)

قَالَ كَذَلِكِ قَالَ رَبُّكِ هُوَ عَلَيَّ هَيِّنٌ وَلِنَجْعَلَهُ آيَةً لِلنَّاسِ وَرَحْمَةً مِّنَّا وَكَانَ أَمْرًا مَّقْضِيًّا

**"جىبرىئىل ئېيتتى: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، (پەقەت پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر».** " (سۈرە مەريەم، 21 - ئايەت)

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن:

فَحَمَلَتْهُ فَانتَبَذَتْ بِهِ مَكَانًا قَصِيًّا

**"مەريەم ھامىلدار بولدى، (ئائىلىسىدىن) يىراق بىر جايغا كەتتى."** (سۈرە مەريەم، 22 - ئايەت)

ھەزرىتى مەريەمنىڭ تولغىقى تۇتۇشقا باشلاپ، قۇرۇپ كەتكەن بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا يۆلەندى. ئايەت مۇنداق دەيدۇ:

فَأَجَاءهَا الْمَخَاضُ إِلَى جِذْعِ النَّخْلَةِ قَالَتْ يَا لَيْتَنِي مِتُّ قَبْلَ هَذَا وَكُنتُ نَسْيًا مَّنسِيًّا

**"تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ!»** ." (سۈرە مەريەم، 23 - ئايەت)

نەتىجىدە، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنىڭ ئاستىدا ئىسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلدى، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئاتىسىز ياراتتى.

چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە بولغان ئاللاھ تائالا ئەزىمىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتا-ئانىسىز شەكىلدە تۇپراقتىن؛ ھاۋۋا ئانىمىزنى ئانىسىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن؛ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى بولسا ئاتىسىز ھالدا مەريەم ئانىمىزدىن ياراتتى.

ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ھەزرىتى ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ئارىسىدا بىر ئوخشاشلىق بولۇپ، ھەر ئىككىسى «كۈن! (بول!)» ئەمرى بىلەن ھەقىقەتكە

ئايلاندى. ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

إِنَّ مَثَلَ عِيسَى عِندَ اللهِ كَمَثَلِ آدَمَ خَلَقَهُ مِن تُرَابٍ ثِمَّ قَالَ لَهُ كُن فَيَكُونُ

**"شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى** (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) **ئادەمنىڭ** (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) **مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى ئاللاھ** (ئاتا ـ ئانىسىز) **تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى** (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)**.»"** (سۈرە ئال ئىمران، 59 - ئايەت)

بۇ ئايەت ھەم ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ھەم يەھۇدىيلارنىڭ باشتا ھەيران قېلىپ، كېيىن مەريەمگە چاپلىغان قەبىھ بۆھتانلىرى ئالدىدا ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىففەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ھەققىدە تارىخى ماتېرىياللاردا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. ھەر قانداق بىر ئىنجىلدا بۇ ھەقتە ئېنىق بىر ئۇقۇم يوق. لېكىن بىر ئىنجىلدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدى پادىشاھلىقى زامانىدا تۇغۇلغانلىقى يېزىلغان بولسىمۇ، (ماتتا، 2/1) رىم مەنبەلىرىدە بۇ پادىشاھنىڭ مىلادىدىن بۇرۇن ئۆلگەنلىكى يېزىلغان. ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق قاراشلار بىر ـ بىرىگە زىتتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا «روژدېستوۋا بايرىمى»نىڭ مەنىسىمۇ، توقۇپ چىقىلغان قۇرۇق بىر ئەپسانىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سەۋەپتىن پۈتۈن كاتولىكلەر، روژدېستوۋا بايرىمىنى 12 - ئاينىڭ 24 - ۋە 25 - كۈنى تەبرىكلەيدۇ، ئەرمەنى چېركاۋلىرى بولسا 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تەبرىكلەيدۇ. بىر قىسىم پروتېستانلار بۇ تارىخنىڭ مۇقەددەس كىتابلاردا ئېنىق يېزىلمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، روژدېستوۋا بايرىمى ئۆتكۈزمەيدۇ.

❀

ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندىن كېيىن:

فَنَادَاهَا مِن تَحْتِهَا أَلَّا تَحْزَنِي قَدْ جَعَلَ رَبُّكِ تَحْتَكِ سَرِيًّا

**"جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدىن ندا قىلدى: «غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر**

**ئېرىقنى پەيدا قىلدى."** (سۈرە مەريەم. 24 - ئايەت)

ئايەتكە شۇ مەنىمۇ بېرىلگەن:

«ئەنسىرىمە! رەببىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىكى (يەنى ئىسانى) شەرەپلىك بىر داھى قىلىپ ياراتتى!»

ھەزرىتى مەريەمگە كەلگەن ئاۋاز مۇنداق داۋاملاشتى:

وَهُزِّي إِلَيْكِ بِجِذْعِ النَّخْلَةِ تُسَاقِطْ عَلَيْكِ رُطَبًا جَنِيًّا

**"خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ.** (سۈرە مەريەم، 25 - ئايەت)

ھەزرىتى مەريەم خورما دەرىخىنى ئۆزى تەرىپىگە سىلكىگەندە، قىش پەسلى بولغان بولسىمۇ، دەرەخ بىردىنلا مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ھەزرىتى مەريەم ئالدىدىكى ئېرىقتىن سۇ ئىچىپ يېڭى خورمىدىن يېدى. دەرەخنىڭ بۇ شەكىلدە قىش پەسلىدە خورما بېرىشى ھەزرىتى مەريەمگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلدى:

فَكُلِي وَاشْرَبِي وَقَرِّي عَيْنًا فَإِمَّا تَرَيِنَّ مِنَ الْبَشَرِ أَحَدًا فَقُولِي إِنِّي نَذَرْتُ لِلرَّحْمَنِ صَوْمًا فَلَنْ أُكَلِّمَ الْيَوْمَ إِنسِيًّا

"(بۇ شېرىن خورمىدىن) **يېگىن،** (بۇ تاتلىق سۇدىن ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن، بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا)**: مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن دېگىن».**" (سۈرە مەريەم، 26 - ئايەت)

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ھەزرىتى مەريەمنىڭ قەۋمىدە، يەپ-ئىچمەي روزا تۇتۇلۇش بىلەن بىرگە، ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەسلىك ئارقىلىقمۇ روزا تۇتۇلاتتى. روزا تۇتقان كىشى يېمەك-ئىچمەكتىن ئۇزاق تۇرغىنىدەك، سۆزلەشتىنمۇ ئۇزاق تۇراتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن قەۋمى ئارىسىدا بۈيۈك بىر بوھتان ۋە غەيۋەت-شىكايەت باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَأَتَتْ بِهِ قَوْمَهَا تَحْمِلُهُ قَالُوا يَا مَرْيَمُ لَقَدْ جِئْتِ شَيْئًا فَرِيًّا

**"مەريەم بوۋاقنى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى) كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئېيتتى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش قىلدىڭ."** (سۈرە مەريەم، 27 - ئايەت)

يَا أُخْتَ هَارُونَ مَا كَانَ أَبُوكِ امْرَأَ سَوْءٍ وَمَا كَانَتْ أُمُّكِ بَغِيًّا

**"ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى»."** (سۈررە مەريەم، 28 - ئايەت)

يَا أُخْتَ هَارُونَ مَا كَانَ أَبُوكِ امْرَأَ سَوْءٍ وَمَا كَانَتْ أُمُّكِ بَغِيًّا

ئايەتتە بايان قىلىنغان ھارۇن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىسى بولغان ھارۇن ئەمەستۇر. بۇ ھەقتىكى قاراشلارنىڭ توغرىغا ئەڭ يېقىن بولغىنى ھەزرىتى مەريەمنىڭ ھەقىقى بىر تۇققىنىدۇر. ئۇمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش ئىففەتلىك ۋە سالىھ بىر كىشى ئىدى. بۇ سەۋەپتىن قەۋمى، مۇنداق بىر كىشىنىڭ قىز بىر تۇققىنى بولغان مەريەمگە زىنانى ھېچ لايىق كۆرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەزرىتى مەريەمگە ئىسرائىل ئوغۇللىرى داۋاملىق ھاقارەت قىلدى. ئۇ سەۋر بىلەن تىڭشاپ، ئۆزىگە ئەمىر قىلىنغاندەك ھېچ كىمگە جاۋاپ بەرمىگەن بولسىمۇ قەۋمى ھەددىدىن ئاشتى. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشتى:

ئايەت كەرىمە مۇنداق دەيدۇ:

فَأَشَارَتْ إِلَيْهِ قَالُوا كَيْفَ نُكَلِّمُ مَن كَانَ فِي الْمَهْدِ صَبِيًّا

"مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز» دېدى." (سۈرە مەريەم، 29 - ئايەت)

كەلگۈسىدە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولىدىغان ھەزرىتى ئىسا، ئاللاھنىڭ بەرگەن سۆزلىشىش قابىلىيىتى بىلەن زۇۋانغا كېلىپ، مۇنداق دېدى:

قَالَ إِنِّي عَبْدُ اللَّهِ آتَانِيَ الْكِتَابَ وَجَعَلَنِي نَبِيًّا

**"بوۋاق ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى** (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) **ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى** (يەنى **قىلىدۇ**)**."** (سۈرە مەريەم، 30 - ئايەت)

وَجَعَلَنِي مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنتُ وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَا دُمْتُ حَيًّا

**"قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى."** (سۈرە مەريەم، 31 - ئايەت)

وَبَرًّا بِوَالِدَتِي وَلَمْ يَجْعَلْنِي جَبَّارًا شَقِيًّا

**"مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى."** (سۈرە مەريەم، 32 - ئايەت)

وَالسَّلَامُ عَلَيَّ يَوْمَ وُلِدتُّ وَيَوْمَ أَمُوتُ وَيَوْمَ أُبْعَثُ حَيًّا

**"مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە** (ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان) **ئامانلىقتا ئېرىشىمەن»."** (سۈرە مەريەم، 33 - ئايەت)

ھەزرىتى ئىسانىڭ تېخى بۆشۈكتە تۇرۇپ مۇنداق سۆزلىشىشى، ئەتراپىدا بۈيۈك بىر ھەيرانلىق قوزغىدى. ھەزرىتى مەريەم ئاقلاندى.

ھەزرىتى مەريەم ئىنكارچى خەلق سورىغان «بۇ بوۋاقنى قەيەردىن ئالدىڭ؟» دېگەن سوئالغا دائىم بوۋاقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «بوۋاق ئېيتىپ بەرسۇن!» دېدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام تېخى بوۋاق بولسىمۇ:

«مېنىڭ ئانام نۇمۇسچان، پاك بىر ئايالدۇر. ئى نادانلار! نومۇس ۋە ھايا ئابىدىسى بولغان ئانامنى ئەيىپلىمەڭلار! بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاللاھ تائالا مېنى ئاتىسىز دۇنياغا كەلتۈردى. بۇ ئاللاھنىڭ بىر مۆجىزىسىدۇر!» دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان كۆپلىگەن كىشىلەر:

«بۇ ئاللاھنىڭ ئوچۇق بىر مۆجىزىسىدۇر. ئۇنداق بولمىسا يېڭى تۇغۇلغان بۆشۈكتىكى بوۋاق قانداق گەپ قىلالايدۇ؟ ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھ تەرىپىدىندۇر،

ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر ۋەقەدۇر.» دېدى.

بىر قىسمى بولسا يەنىلا خائىنلىقىدىن قايتمىدى. ئايەت ـ كەرىمە مۇنداق دەيدۇ:

ذَلِكَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ قَوْلَ الْحَقِّ الَّذِي فِيهِ يَمْتَرُونَ

**"ئەنە شۇ ئىسا ئىبنى مەريەمنىڭ** (قىسسىسىدۇر). **ئىسا ئۇلار دەتالاش قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ** (ھەقىقىتى) **ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى."** (سۈرە مەريەم، 34 - ئايەت)

ئايەتتە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەق سۆز» دەپ ئىپادىلىنىشى، ئۇنىڭ «كۇن! (بول!)» ئەمرىنىڭ ئەسىرى بولۇشىدۇر. بۇ ھەقىقەت، باشقا بىر ئايەتتىمۇ بايان قىلىنىدۇ:

وَالَّتِي أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهَا مِن رُّوحِنَا وَجَعَلْنَاهَا وَابْنَهَا آيَةً لِّلْعَالَمِينَ

**"نومۇسىنى ساقلىغان ئايالنى** (يەنى مەريەمنىڭ قىسسىنى بايان قىلغىن) **ئۇنىڭغا** (يەنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە) **بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق** (پۈۋلەنگەن روھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ ئىساغا ھامىلدار بولدى)**، ئۇنى ۋە ئوغلىنى** (يەنى ئىسا بىلەن مەريەمنى) **ئەھلى جاھان ئۈچۈن** (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) **دەلىل قىلدۇق."** (سۈرە ئەنبىيا، 91 - ئايەت)

وَمَرْيَمَ ابْنَتَ عِمْرَانَ الَّتِي أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهِ مِن رُّوحِنَا وَصَدَّقَتْ بِكَلِمَاتِ رَبِّهَا وَكُتُبِهِ وَكَانَتْ مِنَ الْقَانِتِينَ

**"ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق** (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)**، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە** (نازىل قىلغان) **كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى."** (سۈرە تەھرىم، 12 - ئايەت)

ھەزرىتى ئىسانىڭ بوۋاق تۇرۇپ گەپ قىلىشى، كۆپلىگەن بۆھتانلارنى باستۇردى. لېكىن قىسقا بىر زاماندىن كېيىن يەنە پىتنە ـ پاساتلار قىلىنىشقا

باشلىدى. غاپىل قەۋم:

«ئاتىسىز بالىمۇ بولامدۇ؟!» دېيىشتى.

كېيىن:

«بۇ قەبىھ ئىشنى قىلغان پەقەت زەكەرىيا!» دەپ، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بەيتۇل مۇقەددەستە يالغۇز قالغان چاغدا:

«سەن مەريەم بىلەن زىنا قىلدىڭ!» دەپ قارا چاپلاپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر ياغاچنىڭ كاۋىكىغا يوشۇرۇندى. شەيتان ئىنسان سۈرىتىدە ئۇ يەرگە كېلىپ، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنى ئىزدىگەن بەدبەخلەرگە، ئۇنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

«شۇ ياغاچنى ھەرە بىلەن ئىككىگە بۆلۈڭلار! سىلەر زىيان تارتمايسىلەر، زەكەرىيا ئۇنىڭ ئىچىدە!» دېدى.

بەدبەخلەر ياغاچنى كېسىشكە باشلىدى. ھەرە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى كېسىشكە باشلىغاندا، مەزلۇم پەيغەمبەر «ئاھ» دېۋىدى:

«ئى زەكەرىيا! شىكايەت قىلما!» دېگەن بىر نىدا كەلدى.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەرە بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ شېھىد قىلىنىپ، ئىلاھىي ھوزۇردا ئۇلۇغ دەرىجىلەرگە ئېرىشتى.

بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى مەريەم بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان يۈسۈف نەججارغىمۇ بۆھتان چاپلاندى.

❀

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنى ۋەھشىلەرچە شېھىد قىلغان بەدبەخت يەھۇدىيلارنىڭ، ھەزرىتى مەريەمگە ۋە ئوغلى ھەزرىتى ئىساغا بىر زىيانكەشلىك قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىشنى ئىرادە قىلدى:

وَجَعَلْنَا ابْنَ مَرْيَمَ وَأُمَّهُ آيَةً وَآوَيْنَاهُمَا إِلَى رَبْوَةٍ ذَاتِ قَرَارٍ وَمَعِينٍ

**"بىز مەريەمنىڭ ئوغلىنى** (يەنى ئىسانى) **ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى (يەنى مەريەمنى)** (كامال قۇدرىتىمىزنىڭ) **دەلىلى قىلدۇق، ئۇلارنى تۈپتۈز، ئېقىن سۇلۇق بىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق."** (سۈرە مۆئمىنۇن، 50- ئايەت)

بۇ يەرنىڭ مىسىردا ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەزرىتى مەريەم ۋە ھەزرىتى ئىسا ئۇ يەردە ئون ئىككى يىل تۇردى. بۇ زامان ئىچىدە پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەر مەيدانغا كەلدى.

بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر كىشىنىڭ بۈيۈك مىقداردا پۇلى يوقاپ كەتتى. ئۇ ئۆيدە ئاجىز پېقىرلار بار ئىدى. ئۇ كىشى پۇلنى كىمنىڭ ئالغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولۇپ، ھەممەيلەن تۆھمەت ئاستىدا قالدى. بۇ ئەھۋال، ھەزرىتى مەريەمگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئەما ۋە بىر پالەچ كىشى بار ئىدى. ھەزرىتى ئىسا ئانىسىنىڭ غەم قايغۇسىنى كۆرۈپ بۇ ئىككى كىشىگە: «پۇلنى يۇشۇرۇپ قويغان يەردىن چىقىرىڭلار!» دېدى.

ئۇلار بۇ مۆجىزە ئالدىدا ئالغان پۇلنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەزرىتى ئىسانىڭ ئېتىبارى خەلق ئىچىدە ئاشتى.

### ھەزرىتى ئىسانىڭ پەيغەمبەرلىكى

ھەزرىتى ئىسا مىسىردا ئون ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن قۇددۇسقا قايتىپ، "ناسىرا" يېزىسىغا يەرلەشتى. بۇ سەۋەپتىن خرىستىئانلارغا «ناسرانى»مۇ دېيىلىدۇ.

ھەزرىتى ئىساغا ئوتتۇز ياشتا پەيغەمبەرلىك بېرىلدى. ئۇ دەرھال ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا باشلاپ، ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا وَإِبْرَاهِيمَ وَجَعَلْنَا فِي ذُرِّيَّتِهِمَا النُّبُوَّةَ وَالْكِتَابَ فَمِنْهُم مُّهْتَدٍ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ

**"بىز ھەقىقەتەن نۇھنى، ئىبراھىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا** (ئاتا) **قىلدۇق، ئۇلاردىن ھىدايەت تاپقانلىرى بار، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر."** (سۈرە ھەدىد، 26 - ئايەت)

قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان تۆت بۈيۈك كىتابنىڭ بۇلارنىڭ نەسلىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِم بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَآتَيْنَاهُ الْإِنجِيلَ وَجَعَلْنَا فِي قُلُوبِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ابْتِغَاء رِضْوَانِ اللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا فَآتَيْنَا الَّذِينَ آمَنُوا مِنْهُمْ أَجْرَهُمْ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ

**"ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق، ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق، رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ** (پەيدا قىلدى)**، پەقەت ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەردۇق، ئۇلاردىن نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر."** (سۈرە ھەدىد، 27 - ئايەت)

راھىبلىق، خرىستىئانلار كېيىن ئوتتۇرىغا چىقارغان چۈشەنچە ۋە تۇرمۇش شەكلىدۇر. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۆمىنلەر، ئىنكارچى زالىملار تەرىپىدىن يوقۇتۇلۇشى پىلانلانغان ئۈچ ئۇرۇشتا مۆمىنلەر ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. ساق قالغان مۆمىنلەر ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتسە دىننى دەۋەت قىلىدىغان كىشى قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇرۇشماسلىققا قارار قىلىپ، ئىبادەت بىلەنلا شۇغۇللاندى. بۇ پىتنىدىن قاچقان ھالدا دىنىدا ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت كۆرسەتكەن بۇ ئىنسانلار، دۇنيانىڭ پۈتۈن لەززەت، يەپ-ئىچىش ۋە توي قىلىشتىن ۋاز كەچتى، تاغلار، غارلار، تۈرمىلەردە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللاندى. لېكىن كۆپىنچىسى بۇنىڭغا رىئايە قىلماي ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىپ، ھۆكۈمدارلارنىڭ دىنىگە كىردى. تەسلىس (ئۈچ تەڭرى) ئەقىدىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بىئسەتتىن (پەيغەمبەرلىكتىن) كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئىنكار قىلىپ، ئازغۇنلۇققا پاتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام دىنغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئۆزىنىڭ باتىل دىنىدىن يانمىدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى. ھەزرىتى مۇساغا بېرىلگەن تەۋراتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بەزى ھۆكۈملەرنىڭ ئورنىغا بەزى يېڭى ھۆكۈملەرنى قويغانلىقىنى بايان قىلدى:

وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَلِأُحِلَّ لَكُم بَعْضَ الَّذِي
حُرِّمَ عَلَيْكُمْ وَجِئْتُكُم بِآيَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَاتَّقُواْ اللّهَ وَأَطِيعُونِ

**"مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا** (كەلدىم)**، سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن دەلىل ئېلىپ كەلدىم. ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە** (مېنىڭ ئەمرىمگە) **ئىتائەت قىلىڭلار."** (سۈرە ئال ئىمران، 50 - ئايەت)

إِنَّ اللّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمْ فَاعْبُدُوهُ هَذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ

**"ئاللاھ ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر»."** (سۈرە ئال ئىمران، 51 - ئايەت)

وَإِذْ قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُم مُّصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَمُبَشِّرًا بِرَسُولٍ يَأْتِي مِن بَعْدِي اسْمُهُ أَحْمَدُ فَلَمَّا جَاءهُم بِالْبَيِّنَاتِ قَالُوا هَذَا سِحْرٌ مُّبِينٌ

**"ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى. ئىسا ئۇلارغا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى."** (سۈرە سەپ، 6 - ئايەت)

يۇھەننا ئىنجىلىنىڭ 14 - بۆلىمىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«مەن دادامغا ئىبادەت قىلىمەن ۋە ئۇ سىلەرگە باشقا بىر تەسەللى قىلغۇچى (فاراكلىت) ئەۋەتىدۇ. ئۇ سىلەر بىلەن ئەبەدىي قېلىشى مۇمكىن.»
(يۇھەننا، 17 - 14/16)

ۋە يەنە 16 - بۆلىمىدە مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىۋاتىمەن، مېنىڭ كېتىشىم سىلەرنىڭ ئەتەۋلاردۇر. كەتمىسەم ياردەمچى (تەسەللىچى، فاراكلىت) سىلەرگە كەلمەيدۇ. لېكىن كەتسەم، ئۇنى سىلەرگە ئەۋەتىمەن. سىلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئېيتىدىغانلىرىم بار، لېكىن ھازىر ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر. ئۇ يەنى «ھەقىقەتنىڭ روھى» كەلگەندە، سىلەرنى ھەقىقەتكە يېتەكلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزلىگىدىن سۆزلىمەيدۇ، لېكىن ئاڭلىغىنىنى سۆزلەيدۇ ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغاننى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.» (يۇھەننا، 9 - 16/7، 12 - 13)

«فاراكلىت» كەلىمىسى، «ھەمد» دېگەن مەنىدە كەلگەن بىر كەلىمىدۇر. بەزى خرىستىئانلار بۇنى «مۇخەللىس» (قۇتۇلدۇرغۇچى) دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بەزىلىرى«ھاماد» ۋە «ھامىد» دەپ شەرھلەيدۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، «فاراكلىت» كەلىمىسىنىڭ، ئەھمەد ۋە مۇھەممەد دېگەن مەنىگە ئۇيغۇن بولغان ھالدا ئەسلى ئىسمىگە ئىشارەت قىلغانلىقى ئېنىقتۇر.

بارناباس ئىنجىلىنىڭ 39 - بابىدا مۇنداق بىر مەزمۇن بار:

«سەن ئېيتقان مەسىھنىڭ ئىسمى نېمە ۋە ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى قانداق تونۇيمىز؟" دېگەن ھاۋارىلىرىگە ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەسىھنىڭ (ئەلچىنىڭ) ئىسمى، ھەيران قېلىشقا ئەرزىيدىغان گۈزەللىكتىدۇر. ئاللاھ ئۇنىڭ نۇرىنى ياراتقاندا، ئۇنىڭغا بۇ ئىسمنى بەردى ۋە ئۇنى ساماۋى كۆركەملىك ئىچىگە قويدى. كېيىن:

«سېنىڭ يۈز خاتىرىڭ ئۈچۈن مەن جەننەتنى، دۇنيانى ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ھەدىيە قىلدىم. سېنى تەستىقلىغان مېنىڭ نېمىتىمگە ئېرىشىدۇ، سېنى ئىنكار قىلغان مېنىڭ لەنىتىمگە ئۇچرايدۇ. مەن سېنى دۇنياغا مېنىڭ ئەلچىم قىلىپ ئەۋەتىمەن. سېنىڭ سۆزۈڭ پەقەت ھەقىقەت بولىدۇ. يەر ۋە ئاسمان يوقاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، لېكىن سېنىڭ ئىمانىڭ ئەبەدى قالىدۇ.» دېگەن.

**ئۇنىڭ ئىسمى "ئەھمەد"تۇر**

بۇنىڭ بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا يىغىلغان مۆمىنلەر يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئى ئەھمەد! دۇنيانى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تېز كەلگىن!» دەپ دۇئا قىلدى.

ئىنكارچىلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشتى. بۇنى سەزگەن ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئۆزىگە ئىشەنگەن مۆمىنلەر ئارىسىدىن ئون ئىككى مۆمىننى تاللاپ، ئۇلارغا:

«ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت يولىدا ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كىم ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟» دەپ سورىدى.

ھاۋارىلىرىنىڭ ھەممىسى:

«بىز سېنىڭ ياردەمچىلىرىڭ بولىمىز. مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىمىز. چۈنكى بىز، ئۇنىڭ دىنىگە كۆڭۈل بەردۇق. سەن گۇۋاھ بولغىنكى، بىز سېنىڭ دىنىڭگە باغلانغان ھەقىقى مۆمىنلەر!» دېدى.

قۇرئاندا بۇ ئەھۋال مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

فَلَمَّا أَحَسَّ عِيسَى مِنْهُمُ الْكُفْرَ قَالَ مَنْ أَنصَارِي إِلَى اللّٰهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنصَارُ اللّٰهِ آمَنَّا بِاللّٰهِ وَاشْهَدْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ

"**ئىسا ئۇلارنى** (يەنى يەھۇدىيلار) **دىن كۇفرىنى** (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) **سەزگەن چاغدا: « ئاللاھ ئۈچۈن** (ئاللاھقا دەۋەت قىلىش يولىدا) **ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟» دېدى. ھاۋارىلار** (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقي مۆمىنلەر) **ئېيتتى: «ئاللاھ ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز، ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق. گۇۋاھ بولغىنكى، بىز** (پەيغەمبەرلىكىڭگە) **بويسۇنغۇچىلارمىز."** (سۈرە ئال ئىمران، 52 ـ ئايەت)

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونوا أَنصَارَ اللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ لِلْحَوَارِيِّينَ مَنْ أَنصَارِي إِلَى اللّٰهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنصَارُ اللّٰهِ فَآمَنَت طَّائِفَةٌ مِّن بَنِي إِسْرَائِيلَ وَكَفَرَت طَّائِفَةٌ فَأَيَّدْنَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَى عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا ظَاهِرِينَ

"**ئى مۆمىنلەر! ھەۋارىيۇنلار** (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۆمىن قەۋم) **دەك ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھەۋارىيۇنلارغا: «**(ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) **ئاللاھقا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟» دېدى، ھەۋارىيۇنلار: «بىز ئاللاھنىڭ**

**ياردەمچىلىرىمىز» دېدى، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى، مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار - يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۆمىنلەر غالىب بولدى. "** (سۈرە سەپ، 14 - ئايەت)

«ھەۋارى» كەلىمىسى، ئەرەپچىگە ھەبەشچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئەسلى «ھاۋاريا» بولۇپ «ياردەمچى» دېگەن مەنىدە، يەنە «تاللانغان ئىنسان» دېگەن مەنىسمۇ بار.

ھەۋارىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئون ئىككى ئىخلاسمەن پاك مۆمىنگە بېرىلگەن ئىسىمدۇر. بۇلارغا «ئەنسارۇللاھ»مۇ دېيىلىدۇ. ھەۋارىلەر خرىستىئانلىقنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ئىسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن تاللانغان ئىدى. مەشھۇر بارناباس ئىنجىلىنى يازغان بارناباسمۇ بۇلاردىن بىرىدۇر.

## ئاسماندىن داستىخان چۈشىشى (مائىدە)

ھەۋارىلەر ھەزرىتى ئىسادىن ئاسماندىن داستىخان چۈشۈشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن شەك قىلىۋاتامسىلەر؟ مۇنداق بىرتەلەپنى قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭلار؟» دەپ سورىدى.

ھەۋارىلەر:

«باشقا بىر مەقسىتىمىز يوق. ئاللاھنىڭ لۇتپىغا ئېرىشىش ۋە تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن!» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام يۇيۇنۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئۈستىگە بىچارىلىقنى ئىپادىلەپ كونا بىر كىيىم كەيگەن ھالدا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى. بۇ داستىخان ۋە ئۇنىڭ ئېھسان كۈنىنىڭ بىر بايرام بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلىدى.

بۇ دۇئا قوبۇل بولۇپ «مائىدە» (داستىخان) چۈشتى. ئۈستىدە قىزارغان بېلىق بار ئىدى. بېلىقنىڭ باش قىسمى تۈز، قۇيرۇق قىسمىدا ئاچچىق سۇ قويۇلۇپ،داستىخان يېشىللىقلار بىلەن تولدى. نان ئۈستىدە زەيتۇن، ھەسەل، ئىرىمچىككە ئوخشاش تائاملار بار ئىدى.

ھەۋارىلەر بۇ قېتىم:

«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ مۆجىزىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر مۆجىزە كۆرسەتكىن» دېدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام داستىخاندىكى بېلىققا:

«ئى بېلىق! كائىناتنىڭ رەببىنىڭ ئىزنى بىلەن تىرىلگىن!» دېدى.

بېلىق تىرىلدى. ھەۋارىيلارنى قورقۇ ۋە تىترەك باستى. ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم:

«ئى بېلىق! ئەسلىڭگە قايتقىن!» دېدى.

بېلىق بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتتى. ھەۋارىيلار، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاۋۋال سەن يە!» دېدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام بولسا:

«ياق! كىم تەلەپ قىلغان بولسا ئۇ يېسۇن!» دېدى.

ھاۋارىيلاردا بىر قورقۇنچ مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام:

«پېقىر ۋە كېسەللەر كەلسۇن، ئۇلار يېسۇن!» دەپ ئەمىر قىلدى.

دەرھال پېقىر ۋە كېسەللەرگە خەۋەر قىلىندى. بىر مىڭ ئۈچ يۈزگە يېقىن كىشى كەلدى ۋە بۇ داستىخاندىن يېدى. شۇنداق بولسىمۇ بېلىق تۈگىمىدى. پۈتۈن كېسەللەر شىپا تاپتى، يېمىگەنلەر پۇشايمان قىلدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە، ئىسا ئەلەيھىسسالام ھاۋارىيلارنى ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى. ئۇلار روزىسىنى تۈگەتكىنىدە، تۇتقان روزىسىنىڭ قوبۇل بولۇپ بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئاسماندىن بىر داستىخان چۈشۈشىنى، ئۇ كۈننىڭ بايرام بولۇشىنى ۋە داستىخاننىڭ باي ـ كەمبەغەل ھەممەيلەنگە يېتىشىنى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن تەلەپ قىلدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئۇلارنىڭ مۇنداق بىر تەلەپنىڭ شۈكرىنى ئورۇندىيالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى. بۇ تەلەۋىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشتى. لېكىن ھاۋارىيلار ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇردى، ئۇلارمۇ ئارقىسىدا سەپ تۈزدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى. دۇئاسى ئاخىرلاشقاندا ئاللاھتىن بىر لۈتۈپ بولغان ھالدا ئاسماندىن مائىدە (داستىخان) نازىل بولدى. ئۇنى سەللىلىك ئىككى پەرىشتە كۆتۈرۈپ كەلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام، بۇ داستىخاننىڭ رەھمەت بولۇشى، غەزەپ بولماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

ئاسماندىن چۈشكەن داستىخان يېقىنلىشىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا تۇردى. ھەزرىتى روھۇللاھ:

بِسْمِ اللهِ خَيْرِ الرَّازِقِينَ

دېگەن ھالدا داستىخاننىڭ ئۈستىگە يېپىلغان ياپقۇچنى ئاچتى. ئۈستىدە يەتتە بېلىق، يەتتە نان، ئاچچىق سۇ، ئانار ۋە ھەر خىل مېۋە بار ئىدى.

داستىخان ھەر كۈنى چۈشۈپ، قىرىق كۈن داۋاملاشتى. داستىخان چاشكا ۋاقتىدا چۈشۈپ، باي-كەمبەغەل ھەممەيلەن يېگەن ۋە چۈش ۋاقتىدا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە سايىسى يەرگە چۈشتى.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، «بايلار ۋە ساق كىشىلەر يېمىسۇن!» دەپ ۋەھيي نازىل بولدى. بۇ ئەمر، قەلبى بوزۇق بولغان بايلارغا ۋە ساق كىشىلەرگە ئېغىر كەلدى. نەپسىلىرىگە ئەگىشىپ داستىخاندىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلەنگەن ھالدا:

«سىلەر بۇ داستىخاننى ھەق دەپ قوبۇل قىلىۋاتامسىلەر؟» دەپ، مەسخىرە قىلدى. بۇلار ئوتتۇز ياكى ئۈچ يۈز ئوتتۇز كىشى ئىدى. بۇلار ئىلاھىي غەزەپكە دۇچار بولغان ھالدا بىر كېچىدە چوشقىغا ئۆزگىرىپ، ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرىدى. باشقا ئىنسانلار بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

چوشقىغا ئۆزگىرىپ قالغان بۇ ئىنسانلار، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە دەرمان تىلىدى. ئەتراپىدا ئايلىنىپ بۇنى ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەتلەر قىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇلارنى ئىسىملىرى بىلەن خىتاپ قىلغاندا، ئۇلار يىغلاپ باشلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئاللاھقا قاتتىق ئىسيان قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئازاپقا لايىق بولۇپ قالغان ئىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن پۈتۈنلەي ھالاك بولدى، جەسەتلىرىمۇ يوقاپ كەتتى.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئىسا ئەلەيھىسسالام يولدا بىر چوشقىغا يولۇقتى.

«سالامەت ھالدا، يولنى بىكارلا!» دېدى. ئەتراپىدىكەر:

«بۇنى شۇ چوشقىلار ئۈچۈن دەۋاتامسەن؟» دەپ سورىدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام:

«مەن تىلىمنىڭ قەبىھ نەرسىلەرگە كۆنۈپ قېلىشىدىن قورقىمەن.» دېدى.

❀

داستىخاننىڭ چۈشۈش ۋەقەسى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

إِذْ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ هَلْ يَسْتَطِيعُ رَبُّكَ أَن يُنَزِّلَ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ السَّمَاء قَالَ اتَّقُواْ اللّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ

**"ئۆز ۋاقتىدا ھەۋارىلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېدى. ئىسا: «ئەگەر** (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) **ئىشەنسەڭلار** (مۇنداق سوئاللارنى سوراشتىن) **ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېدى.'** (سۈرە مائىدە، 112 - ئايەت)

قَالُواْ نُرِيدُ أَن نَّأْكُلَ مِنْهَا وَتَطْمَئِنَّ قُلُوبُنَا وَنَعْلَمَ أَن قَدْ صَدَقْتَنَا وَنَكُونَ عَلَيْهَا مِنَ الشَّاهِدِينَ

**"ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تىنچلىنىشىنى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز» دېدى."** (سۈرە مائىدە، 113 - ئايەت)

قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا أَنزِلْ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ السَّمَاء تَكُونُ لَنَا عِيداً لِّأَوَّلِنَا وَآخِرِنَا وَآيَةً مِّنكَ وَارْزُقْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ

**"مەريەم ئوغلى ئىسا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە** (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) **بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن» دېدى."** (سۈرە مائىدە، 114 - ئايەت)

قَالَ اللّهُ إِنِّي مُنَزِّلُهَا عَلَيْكُمْ فَمَن يَكْفُرْ بَعْدُ مِنكُمْ فَإِنِّي أُعَذِّبُهُ عَذَابًا لاَّ أُعَذِّبُهُ أَحَدًا مِّنَ الْعَالَمِينَ

**"ئاللاھ** (ئىسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): **«ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم** (ئاسماندىن) **چۈشۈرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن» دېدى."** (سۈرە مائىدە، 115 - ئايەت)

ئايەتنىڭ مەزمۇنىدا ھاۋارىلارنىڭ داستىخان تەلەپ قىلىشى، كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن بولۇپ، شەكلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىلاھىي بىر مۆجىزە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن بۇ تەلەپ بۈيۈك بىر مەسئۇلىيەتنىمۇ ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسا ئەلەيھىسسالام:

«ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھدىن قورقۇڭلار!» دېدى.

بۇ يەردە ئىككى مۇھىم نوقتا بار:

1. ئىسا ئەلەيھىسسالام: «مۆجىزىنىڭ ماھىيىتىنى تەيىن قىلغان ھالدا تەلەپ قىلىشتىن قورقۇڭلار!» دېگەن. چۈنكى مۆجىزىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە تەلەپ قىلىش، گۇناھ ۋە ھەددىدىن ئېشىشتۇر. كۆپلىگەن مۆجىزە كۆرۈپ تۇرۇپ، قايتا - قايتا مۆجىزە تەلەپ قىلىش ئورۇنسىز بىر تەلەپتۇر. بۇنداق قىلىش ئىمان ئېيتقان بىر قۇلغا ياراشمايدۇ، تەسلىمىيەتكە زىيان يېتىدۇ.

2. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسا ئەلەيھىسسالام: «مۆمىن بولساڭلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار!» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا، تەلەپلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن تەقۋالىققا بۇيرۇيدۇ.

❀

ئەممار بىن ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن: «داستىخان ئاسماندىن چۈشتى. ئۈستىدە نان ۋە گۆش بار ئىدى. يېگەنلەرگە، خىيانەت قىلماسلىق، ئېلىپ ساقلىماسلىق ۋە ئەتىسى ئۈچۈن ئايرىپ قويماسلىنى بۇيرىدى. لېكىن ئۇلار بۇ ئەمرنى تىڭشىماستىن خىيانەت قىلدى. (داستىخاندىكى تائاملارنى ئالدى ۋە ساقلىدى. بۇ سەۋەپتىن مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلىنىپ كەتتى.)» (تىرمىزى، «تەپسىر»، 5/3061)

### ھاۋارىلار ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇسەيبىنگە كېتىشى

سەلمانى پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئىسا ئەلەيھىسسالام نۇسەيبىندە تەكەببۇرلۇقى ۋە زالىملىقى بىلەن تونۇلغان بىر ھۆكۈمدارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشقا ئەمر قىلدى. ئۆزىدىن بۇرۇن ئۇ يەرگە بىرقانچە ھاۋارىنى ئەۋەتىشنى ئويلاپ:

«كىم باردۇ؟» دەپ سورىدى.

ياقۇپ:

«مەن بارمەن.» دېدى.

ئۇنىڭغا تەۋمان ۋە شەمئۇنمۇ قوشۇلدى. شەمئۇن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! رۇخسەت قىلسىڭىز مەنمۇ بارمەن، لېكىن قىينىچىلىقتا چۈشۈپ سىزنى چاقىرسام، ياردىمىڭىزنى ئايىماڭ!» دېدى.

ئۈچى بىرلىكتە يولغا چىقتى. شەمئۇن شەھەرنىڭ سىرتىدا قالدى:

«ياردەم خالىساڭلار، مەن كېلىمەن» دېدى.

ياقۇپ ۋە تەۋمان شەھەرگە كىرىپ، خەلقنى يىغىپ تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلدى. خەلق ھەزرىتى مەريەم ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بۆھتانلارغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ دەۋەتنى رەت قىلدى ۋە ئۇلارنى لەنەتلىدى. كەينىدىن تەۋماننى ھۆكۈمدارغا ئېلىپ باردى. ھۆكۈمدار، ئۇنىڭ قول ۋە پۇتلىرىنى كەستۈردى. كۆزلىرىگە مىخ قاققان ھالدا زىندانغا تاشلىدى.

بۇ ۋاقىتتا شەمئۇن مەخپى ھالدا شەھەرگە كىردى. ئۇ ھۆكۈمدارغا يېقىنلىشىپ، گۈزەل بىر دوستلۇق ئورناتتى. بىر كۈنى شەمئۇن تەۋمادىن بىر نەرسە سوراشنى خالىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھۆكۈمداردىن رۇخسەت سورىدى. شەمئۇن ۋە تەۋمان ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تونىماس قىياپەتتە كىرىۋېلىپ:

شەمئۇن؛

«ئى ئادەم! سېنىڭ داۋا قىلغىنىڭ نىمە؟» دەپ سورىدى.

تەۋمان:

«ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسىدۇر.» دېدى.

كېيىن مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

«سۆزۈڭنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە نىمە دەلىلىڭ بار؟»

«ئۇ ھەر كېسەللىككە شىپا بېرىدۇ.»

«بۇنى تىۋىپلەرمۇ قىلىدۇ. باشقا دەلىلىڭ بارمۇ؟»

«ئىنسانلارنىڭ ئۆيلىرىدە نىمە يېگەنلىكىنى ۋە نىمە ساقلىغانلىقىنى بىلىدۇ.»

«بۇنى كاھىنلارمۇ قىلىدۇ. باشقا بارمۇ؟»

«لايدىن قۇش ياساپ ئۇچۇرىدۇ.»

«بۇنى سېھىرگەرلەرمۇ قىلىدۇ. باشقا؟»

«ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ! »

«مانا بۇ ئىلاھى بىر كۈچتۇر. ئۇنداق بولسا ئىسانى چاقرايلى. ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغان بولسا ئۇنىڭغا، ئىمان ئېيتايلى!»

ھۆكۈمدار شەمئۇننىڭ پىكرىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلدى. دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى دەۋەت قىلدى. بۇ دەۋەت بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام نۇسەيبىنگە كەلدى. شەمئۇننى تونىماسلىققا سېلىۋالدى.

شەمئۇن ھۆكۈمدارغا :

«خالىسىڭىز ئۇنى تەۋمان بىلەن سىنايلى» دېدى.

تەۋماننى ئېلىپ كەلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام تەۋماننىڭ پۇت ۋە قوللىرىنى ئۇۋۇلىغان ئىدى، ئەسلى ھالىگە كەلدى. ئاندىن كۆزلىرىنى سىلىغان ئىدى، كۆزلىرىمۇ ساقىيىپ كەتتى.

شەمئۇن ھۆكۈمدارغا قاراپ:

«مانا بۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە بىر دەلىلدۇر.» دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن شەمئۇن:

«ئى ئىسا! بۇ يەردە بولغان ئىنسانلار بۇ كېچە ئۆيىدە نىمە يەپ، نىمە ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ باق» دېدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

لايدىن شەپەرەك ياساپ ئۇچۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىمۇ ياساپ ئۇچۇردى. كېسەللەر ئۇچۇن شىپا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پۈتۈن كېسەللەر ساقىيىپ كەتتى. بىر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ بولسا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سام ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامنى تىرىلدۈردى. سامغا:

ئۆلگەن ۋاقتىڭدا، مۇشۇنداق قېرىپ كەتكەنمۇ؟ دەپ سورىۋىدى. ئۇ بولسا:

«ياق، ئۇنداق ئەمەس! تىرىلگىنىمدە قىيامەت بولغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن! » دېدى.

ئارقىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سام، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ قايتىدىن ۋاپات بولدى.

بۇنىڭدەك ئوچۇق مۆجىزىلەر ئالدىدا ھۆكۈمدار ۋە ئەسكەرلىرى ئىمان ئېيتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، مۇسۇلمانلار ئەقىل ۋە ئىدراكقا ئىگە بولۇشى ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى ھەقىقەت ھەر يەردە سۆزلەنمەيدۇ. ۋاقىتنى كۈتۈپ، ئاساس تەييارلاش كېرەك.

## ھەبىب ئەن ـ نەججار

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئانتاكىيەگە ئىككى ھاۋارى ئەۋەتتى. بۇلار، ئىنسانلارنى بۇتپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىپ ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلدى. ئەمما ئۇ يەردە بۇتپەرەس بىر ھۆكۈمدار بار بولۇپ، بۇ ئىككى ھاۋارىينى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى.

بۇ سەۋەپتىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ھاۋارىلەرنىڭ رەئىسى بولغان شەمئۇننى ئۇ يەرگە ئەۋەتتى.

شەمئۇن باشتا ھۆكۈمدار بىلەن يېقىنچىلىق ئورناتتى. ھۆكۈمدار ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ئەجابى مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن ئۇلارنى گۈزەل بىر ئۇسلۇپ بىلەن ئىمانغا دەۋەت قىلدى. ھۆكۈمدار ۋە ئەتراپىدىكىلەر بۇ دەۋەتتىن مەمنۇن بولغان ھالدا ئىمان ئېيتتى، لېكىن خەلق ئىمان ئېيتمىدى.

خەلقىنىڭ بۇ ئېتىرازىنى ئاڭلىغان ھەبىب ئەن ـ نەججار ئىسىملىك بىر كىشى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئۆيىدىن يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ، بۇ ئەلچىلەرنىڭ دەۋىتىگە ئۆزىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئېيتىپ، ھەممەيلەننى ئىمانغا دەۋەت قىلدى. لېكىن غاپىل خەلق ئۇنىڭغا قۇلاق سالماستىن ئەكسىچە غەزەپلەنگەن ھالدا ھەبىب ئەن ـ نەججارنى شېھىد قىلدى.

بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَاضْرِبْ لَهُم مَّثَلاً أَصْحَابَ الْقَرْيَةِ إِذْ جَاءهَا الْمُرْسَلُونَ

**"ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) شەھەر (يەنى ئەنتاكىيە) ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى."** (سۈرە ياسىن، 13 - ئايەت)

إِذْ أَرْسَلْنَا إِلَيْهِمُ اثْنَيْنِ فَكَذَّبُوهُمَا فَعَزَّزْنَا بِثَالِثٍ فَقَالُوا إِنَّا إِلَيْكُم مُّرْسَلُونَ

**"ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن** (ئۇلارغا) **ياردەم قىلدۇق، پەيغەمبەرلەر** (ئۇلارغا)**: «بىز ھەقىقەتەن** (ئاللاھنىڭ) **سىلەرگە** (يەنى سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) **ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىز» دېدى."** (سۈرە ياسىن، 14 - ئايەت)

قَالُوا مَا أَنتُمْ إِلاَّ بَشَرٌ مِّثْلُنَا وَمَا أَنزَلَ الرَّحْمن مِن شَيْءٍ إِنْ أَنتُمْ إِلاَّ تَكْذِبُونَ

**"ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، مېھرىبان ئاللاھ ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغانچىسىلەر» دېدى."** (سۈرە ياسىن، 15 - ئايەت)

قَالُوا رَبُّنَا يَعْلَمُ إِنَّا إِلَيْكُمْ لَمُرْسَلُونَ

**"ئەلچىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇكى، بىز شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز. "** (سۈرە ياسىن، 16 - ئايەت)

وَمَا عَلَيْنَا إِلاَّ الْبَلاَغُ الْمُبِينُ

**"بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت** (روشەن دەلىللەر بىلەن) **چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر» دېدى."** (سۈرە ياسىن، 17 - ئايەت)

قَالُوا إِنَّا تَطَيَّرْنَا بِكُمْ لَئِن لَّمْ تَنتَهُوا لَنَرْجُمَنَّكُمْ وَلَيَمَسَّنَّكُم مِّنَّا عَذَابٌ أَلِيمٌ

**"ئۇلار** (ئەلچىلەرگە)**: «بىز سىلەردىن شۇم پال ئالدۇق. ئەگەر سىلەر** (دەۋىتىڭلارنى) **توختاتمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر» دېدى."** (سۈرە ياسىن، 18 - ئايەت)

قَالُوا طَائِرُكُمْ مَعَكُمْ أَئِن ذُكِّرْتُم بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ مُّسْرِفُونَ

"ئەلچىلەر: «(كۇفرىڭلار سەۋەبىدىن) شۇملۇقۇڭلار ئۆزۈڭلار بىلەن بىللىدۇر، سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا (شۇم پال ئالامسىلەر؟) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، سىلەر (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر» دېدى." (سۈرە ياسىن، 19 - ئايەت)

وَجَاء مِنْ أَقْصَى الْمَدِينَةِ رَجُلٌ يَسْعَى قَالَ يَا قَوْمِ اتَّبِعُوا الْمُرْسَلِينَ

"شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى (يەنى ھەبىب نەجار) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار." (سۈرە ياسىن، 20 - ئايەت)

اتَّبِعُوا مَن لاَّ يَسْأَلُكُمْ أَجْرًا وَهُم مُّهْتَدُونَ

"توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار." (سۈرە ياسىن، 21 - ئايەت)

بۇ تەۋسىيەلىرى سەۋەپتىن، ئۇ ئادەمگە:

«ئاھ سەنمۇ ئۇلارنىڭ دىنىدىمۇ؟!» دەپ سورىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇ ئادەم مۇنداق دېدى:

وَمَا لِي لاَ أَعْبُدُ الَّذِي فَطَرَنِي وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ

"مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر (ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلماي؟" (سۈرە ياسىن، 22 - ئايەت)

أَأَتَّخِذُ مِن دُونِهِ آلِهَةً إِن يُرِدْنِ الرَّحْمَن بِضُرٍّ لاَّ تُغْنِ عَنِّي شَفَاعَتُهُمْ شَيْئًا وَلاَ يُنقِذُونِ

"مەن ئاللاھتىن غەيرىينى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ." (سۈرە ياسىن، 23 - ئايەت)

إِنِّي إِذًا لَّفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ

**"ئەگەر ئۇنداق بولسا** (يەنى ئاللاھتىن غەيرىينى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام)، **مەن ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا بولىمەن."** (سۈرە ياسىن، 24 - ئايەت)

إِنِّي آمَنتُ بِرَبِّكُمْ فَاسْمَعُونِ

**"مەن ھەقىقەتەن** (سىلەرنى ياراتقان) **پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم** (ئىمانىمغا) **قۇلاق سېلىڭلار** (ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار)**»."** (سۈرە ياسىن، 25 - ئايەت)

لېكىن ئازغۇن ۋە بەدبەخت گوروھ، بۇ سۆزلەرنى ئىڭشىماي ئۇ زاتنى چالما-كېسەك قىلدى. ھەبىب ئەن نەججار ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئۇنىڭغا:

قِيلَ ادْخُلِ الْجَنَّةَ قَالَ يَا لَيْتَ قَوْمِي يَعْلَمُونَ بِمَا غَفَرَ لِي رَبِّي وَجَعَلَنِي مِنَ الْمُكْرَمِينَ

"(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) **«جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: «كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى» دېدى."** (سۈرە ياسىن، 26 - 27 - ئايەت)

ھەزرىتى ئەبۇ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ:

«مەخلۇقاتنىڭ ئەخمىقى نەپسىتۇر. چۈنكى داۋاملىق ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولغان نەرسىلەرنى خالايدۇ.»

شۇڭلاشقا بەدبەخت خەلق ھەبىب ئەن-نەججارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى تەلەيسىزلىك بىلەن ئەيىپلىدى. ھالبۇكى، ھەبىب ئەن-نەججار، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى بولۇشىنى خالىدى. لېكىن ئۇلار نەپسانىيەتلىرىگە ئەگىشىپ ئىمانغا كەلمىدى ۋە ئاخىرەتنى ھالاك قىلدى.

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىشى

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن دىندا بەنى ئىسرائىل بوشاڭلىق قىلىپ كۆپلەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، نەتىجىدە توغرا يولدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر، ئۇلارنى دائىم ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئازغۇن مىللەت، يەنىلا ئىسلاھ بولماي، ئەكسىچە ئۇلارغا قارشى چىقىشتا ھەددىدىن ئاشتى، ھەتتا پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، پەيغەمبەر قاتىلى بولدى.

مانا بۇ قەۋم، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا چىققاندا، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئىدى. بىر قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار كېلىشىنى كۈتكەن پەيغەمبەرنىڭ، قەھرىمان، تۇتقىنىنى يۇلۇپ ئالىدىغان جەسۇر ۋە كەسكىن بىر كىشى بولۇشىنى خالايتتى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنى ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇپ، بۈيۈك مەنپەئەتلەرگە ئىگە قىلىشى كېرەك ئىدى.

شۇڭا ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندە، يەھۇدىيلار ئۇنى ناھايىتى ياۋاش كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشنى خالىمىدى.

لېكىن ئىسا ئەلەيھىسسالام نېمە بولۇشتىن قەتئىي نەزەر سەۋر قىلغان ھالدا، يەر يۈزىدە سۈلھى ۋە تىنچلىق ھېسلىرى ئورنىتىشقا، ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۈزىتىپ ئۇلارنى ئىتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن غەيرەت كۆرسەتتى. يەھۇدىيلارنى ئازغۇنلۇق ئىچىدىن قۇتقۇزۇشقا تىرىشتى. لېكىن قولىنى پەيغەمبەر قانلىرى بىلەن بۇلغىغان يەھۇدىيلار، بۇ دەۋەتتىن بىئارام بولدى. نەتىجىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە زۇلۇم قىلدى.

ئۇلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان ھاۋارىلاردىن يۇداس، ئىسھار ۋە يوت (يەھۇدا) دىنىدىن قايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەھۇدا، زەكەرىيا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرگەن قانخور يەھۇدىيلارغا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى ئېيتىپ قويدى. لېكىن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قىلغىنىنىڭ جازاسىنى، قانخور يەھۇدىيلارغا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە كۆرسىتىلىپ كىرىستقا ئۆزى مىخلاندى. ئىسا ئەلەيھىسسالام بولسا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار بار:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كەلگەن رىۋايەتتە، يەھۇدىيلاردىن بىر جامائەت، ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئانىسىغا تىل ئۇزاتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام قولىنى كۆتەرگەن ھالدا:

«ئى رەببىم! سەن مېنى «كۇن! (بول!)» كەلىمىسى بىلەن ياراتتىڭ. ماڭا ۋە ئانامغا تىل ئۇزاتقانلارغا لەنەت قىل!» دەپ دۇئا قىلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ دۇئانى قوبۇل قىلىپ، بۆھتان چاپلىدى ۋە مەسخىرە قىلغانلارنى مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرۋەتتى.

مانا بۇ ۋەقەدىن كېيىن يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە قارار بەردى. ھاۋارىيلاردىن يەھۇداغا بىر مىقدار پۇل بېرىپ ئۇنىڭدىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېرىنى بىلىۋالدى. لېكىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، روھۇللاھنىڭ يېنىدىن ھېچ ئايرىلماي ئۇنى قوغدىغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئايەت مۇنداق دەيدۇ:

وَآتَيْنَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ الْبَيِّنَاتِ وَأَيَّدْنَاهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ

**"...مەريەم ئوغلى ئىساغا** (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، گاچىلارنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىشقا ئوخشاش) **روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس** (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) **بىلەن كۈچلەندۈردۇق،..."** (سۈرە بەقەرە، 253-ئايەت)

نەتىجىدە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇ زاماندا ئوتتۇز ئۈچ ياشتا ئىدى.

يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇرغان ئۆيگە كىرگىنىدە ئاللاھ، يەھۇدانى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن روھۇللانىڭ ئورنىغا يەھۇدانى ئۆلتۈردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَبِكُفْرِهِمْ وَقَوْلِهِمْ عَلَى مَرْيَمَ بُهْتَانًا عَظِيمًا وَقَوْلِهِمْ إِنَّا قَتَلْنَا الْمَسِيحَ عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ رَسُولَ اللهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَكِن شُبِّهَ لَهُمْ وَإِنَّ الَّذِينَ اخْتَلَفُواْ فِيهِ لَفِي شَكٍّ مِّنْهُ مَا لَهُم بِهِ مِنْ عِلْمٍ إِلاَّ اتِّبَاعَ الظَّنِّ وَمَا قَتَلُوهُ يَقِينًا

**"يەنە ئۇلارنىڭ كۇفرى** (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى) **ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بۆھتان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن** (ئۇلارغا لەنەت

قىلدۇق) **يەنە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن** (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). **ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە پەقەت ئۇلارغا شۇبھە سېلىندى** (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، **ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى** (مەسلىسى) **دە شۇبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ** (ئىشنىڭ ھەقىقتى) **نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى."** (سۈرە نىسا، 156 - 157 - ئايەت)

بَل رَّفَعَهُ اللّٰهُ إِلَيْهِ وَكَانَ اللّٰهُ عَزِيزًا حَكِيمًا

**"بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى** (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). **ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر."** (سۈرە نىسا، 158 - ئايەت)

ئاللاھ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلاردىن قوغداپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە توسالغۇ بولدى، بۇ ھەقىقى ۋەقەدۇر. ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىمۇ شۇبھىسىزدۇر. بۇنىڭ ماھىيىتى يەنى شەكلى ۋە زامانى ھەققىدە ھەرخىل رىۋايەتلەر بار. كۆپچىلىكنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قۇدرىتى بىلەن مەنىۋى سامالاردىكى خۇسۇسى مەۋكىگە كۆتۈردى. قىيامەتتىن بۇرۇن تەكرار دۇنياغا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ زامان پۈتۈن خرىستىئانلار موسۇلمان بولىدۇ ۋە دۇنيادا پەقەت ئىسلام دىنىلا قالىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

وَمَكَرُواْ وَمَكَرَ اللّٰهُ وَاللّٰهُ خَيْرُ الْمَاكِرِينَ

**"ئۇلار مىكىر ئىشلەتتى** (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى)، **ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلدى** (ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). **ئاللاھ مىكىر قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر."** (سۈرە ئال ئىمران، 54 - ئايەت)

إِذْ قَالَ اللّهُ يَا عِيسَى إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ وَمُطَهِّرُكَ مِنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ وَجَاعِلُ الَّذِينَ اتَّبَعُوكَ فَوْقَ الَّذِينَ كَفَرُواْ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأَحْكُمُ بَيْنَكُمْ فِيمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى ئىسا! مەن سېنى** (ئەجىلىڭ يەتكەندە) **قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن** (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن). **سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن** (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)، **ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش** (يەنى ئىسانىڭ ئىشى) **ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن."** (سۈرە ئال ئىمران، 55 - ئايەت)

فَأَمَّا الَّذِينَ كَفَرُواْ فَأُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا شَدِيدًا فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَمَا لَهُم مِّن نَّاصِرِينَ

**"كاپىرلارغا بولسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب قىلىمەن، ئۇلارغا** (ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى توسىدىغان) **ھېچ مەدەتكار بولمايدۇ»."** (سۈرە ئال ئىمران، 56 - ئايەت)

وَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْ وَاللّهُ لاَ يُحِبُّ الظَّالِمِينَ

**"ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ** (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) **ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ** (زالىملارنى دوست تۇتمايدىغان زات قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟)**."** (سۈرە ئال ئىمران، 57 - ئايەت)

## ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن، خىرىستىئانلار يەتمىش ئىككى پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. تەسلىس (ئۈچ ئاللاھ) ئەقىدىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. خىرىستىئانلارنىڭ ياقۇبىيە پىرقىسى:

«ئاللاھ ئىساغا ھۇلۇل ئەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدە شەكىللەندى ۋە ئۇنىڭ شەكلىدە كۆرۈندى. يەنى ئاللاھ، ئىسادۇر.» دېدى.

بۇ قاراش ھىند پەلسەپىسىدىن كەلگەن. قۇددۇس، دائىم ھىند مەدىنىيىتى بىلەن رىمنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىدى. ھىند پەلسەپىسىدە ئاللاھ دۇنياغا چۈشتى، بىر ئانا ۋە دادىدىن تۇغۇلغان «كرىشنا» غا ھۇلۇل قىلدى. بۇ شەكىلدە كرىشنا، يارانقۇچى بولدى يەنى ئاللاھ بولدى.

ھالبۇكى، قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّ اللّهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ وَقَالَ الْمَسِيحُ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اعْبُدُواْ اللّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ إِنَّهُ مَن يُشْرِكْ بِاللّهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللّهُ عَلَيهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ

**"شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ئىسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن** (يەنى ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)**، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار** (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) **بولمايدۇ» دېدى"** (سۈرە مائىدە، 72 - ئايەت)

مَّا الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ إِلاَّ رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ الرُّسُلُ وَأُمُّهُ صِدِّيقَةٌ كَانَا يَأْكُلاَنِ الطَّعَامَ انظُرْ كَيْفَ نُبَيِّنُ لَهُمُ الآيَاتِ ثُمَّ انظُرْ أَنَّى يُؤْفَكُونَ

**"مەريەم ئوغلى ئىسا پەقەت** (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) **پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل خوتۇندۇر، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى** (يەنە ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى)**. ئۇلارغا** (يەنى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىللىقىغا) **ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغا قارىغىن."** (سۈرە مائىدە، 75 - ئايەت)

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ پۈتۈنلەي شىرىكتىن ئىبارەت بولغان تەسلىس ئەقىدىسىنىڭ باتىل بىر ئەقىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

❁

ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىنكى مەيدانغا كەلگەن يەتمىش ئىككى پىرقە ئاساسەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1. «ئىسا ئارىمىزدا ئاللاھ ئىدى، ئەمدى كەتتى» دېگەنلەر،

2. «ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىدى، ئەمدى كەتتى» دېگەنلەر،

3. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە پەيغەمبىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلدى" دېگەنلەر. باشتىكى ئىككى گورۇپپا كۇفۇر ۋە ئازغۇنلۇققا چۈشكەنلەر، ئۈچىنچى گورۇپپا بولسا ھەقىقى ئىمان ئېيتقانلاردۇر.

❁

يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھاۋارىيلارغا بولغان زۇلۇمنى ئاشۇردى. ھاۋارىيلار بولسا بۇ قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى.

بۇلاردىن بىرى بولغان بارناباس، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ھەققىدە ئىنجىلىنىڭ 221 ۋە 222-بابلىرىدا مۇنداق يېزىلغان:

رىم ئەسكەرلىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۆيگە كىرگەندە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن تۆت چوڭ پەرىشتە ئۇنى دېرىزىدىن چىقىرىپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. رىم ئەسكەرلىرى:

«سەن ئىسا دۇرسەن!» دەپ يەھۇدانى تۇتۇپ، ئۇنىڭ يالۋۇرۇشىغا قارىماي ئېسىپ ئۆلتۈردى.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئانىسى مەريەم ۋە ھاۋارىيلىرىغە كۆرۈندى. ھەزرىتى مەريەمگە:

«ئى كۆيۈمچان ئانا، مېنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن ئېسىلمىدىم. مېنىڭ ئورنۇمغا يەھۇدا ئېسىلدى. شەيتاندىن ھەزەر ئەيلىگىن، چۈنكى ئۇ دۇنيانى چىرايلىق كۆرسىتىپ سىلەرنى ئالداشقا تىرىشىدۇ.» دېگەن.

كېيىن ئىنسانلارنىڭ مۇھاپىزە قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدى. كېيىن ھاۋارىيلارغا بۇرۇلۇپ:

«ئاللاھ تائالانىڭ نېمەت ۋە رەھمىتى سىلەر بىلەن بىللە بولسۇن!» دېدى.
بۇ سۆزلەردىن كېيىن تۆت چوڭ پەرىشتە، ئۇنى ئۇنى تەكرار ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، قىرىق يىلدىن كېيىن (مىلادىدىن كېيىنكى 70 - يىللاردا) رىملىقلار تىتوسنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا قۇددۇسنى تالان ـ تاراج قىلدى. يەھۇدىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ بىر قىسمىنى ئەسىر ئالدى. تەۋرات ۋە باشقا كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. قۇددۇسنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ سۇلايمان ئىبادەتخانىسىنى يىقىپ تاشلىدى. ئىبادەتخانىنىڭ پەقەت بىر تېمىلا قالدى. بۈگۈن يەھۇدىيلار «يىغلاش تېمى» (غەرب تېمى) دەپ بىلىنگەن بۇ ئىزلارنىڭ ئالدىدا ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ كۆز يېشى تۆكىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىيلار بىر يەرگە يىغىلالماي خورلۇق ۋە زۇلۇم ئاستىدا ياشىدى.

ھاۋارىيلار، يەھۇدا مۇرتەد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ماتتىھسانى تاللاپ، ئەتراپقا تارقىلىپ ئىسەۋىيلىك (خرىستىئانلىق) نى تارقىتىشقا باشلىدى.

خرىستىئانلىق تارقىلىشقا باشلىغاندا يەھۇدىيلار، رىملىقلار، يۇنانلار ۋە بۇتپەرەسلەر بىلەن بىرلىشىپ بۇ دىنگە چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى چىقتى. خرىستىئانلىقنى تاللىغان تۇنجى يەھۇدىيلارنى، سىرك مەيدانلىرىدا ۋەھشى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا تاشلاپ پارچىلىتىشقا ئوخشاش ۋەھشى قىين ـ قىستاققا ئالدى.

يەھۇدى زۇنۇۋاس ۋە ئادەملىرى، يەھۇدىيلىكنى قوبۇل قىلمىغان نەجران خرىستىئانلىرىنى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان خەندەكلەرگە تاشلاپ، ئۇلارنىڭ كۆيۈشىنى تاماشا قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق مۆمىنلىرى ئىمانلىرىدىن ۋاز كەچمىدى، ئەكسىچە داۋالىرى ئۈچۈن ئۆلۈمنى تاللىدى. «ئەسھابى ـ ئۇخدۇد» دەپ ئاتالغان بۇ مۆمىنلەر، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَالسَّمَاءِ ذَاتِ الْبُرُوجِ وَالْيَوْمِ الْمَوْعُودِ وَشَاهِدٍ وَمَشْهُودٍ قُتِلَ أَصْحَابُ الْأُخْدُودِ النَّارِ ذَاتِ الْوَقُودِ إِذْ هُمْ عَلَيْهَا قُعُودٌ وَهُمْ عَلَى مَا يَفْعَلُونَ بِالْمُؤْمِنِينَ شُهُودٌ

**"بۇرۇجلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاسمان بىلەن، قىيامەت كۈنى بىلەن، جۈمە كۈنى بىلەن، ھارپا كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى."** (سۈرە بۇرۇج، 1-ئايەتتىن-7ئايەتكىچە)

ھاۋارىلار، يەھۇدا مۇرتەد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ماتتىھسانى تاللاپ، ئەتراپقا تارقىلىپ ئىسەۋىلىك (خرىستىئانلىق) نى تارقىتىشقا باشلىدى.

يەھۇدىيلار بۇ ۋەھشى زۇلمى بىلەن توختاپ قالماي، خرىستىئانلىقنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاشنى پىلانلىدى. بولۇس (پاۋلوس) ئىسىملىك بىر يەھۇدى ئۆزىنىڭ يالغان پىكىرلىرىنى قوشۇپ، ھەرخىل رىسالىلەر يازدى. ئۆزىنى خرىستىئان كۆرسەتكەن ھالدا: «ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر!» دېدى.

ھاراقنىڭ ۋە چوشقىنىڭ ھالال ئىكەنلىكى، شەنبە كۈنى چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە سۈننەت بولۇشنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىكى ئەمىر ۋە چەكلىمىلەرگە رىئايە قىلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىماننىڭلا يېتەرلىك بولۇپ، ئەمەل قىلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھالبۇكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئەمەل قىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك ئىنجىلدە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت قىلىنغان بىر سۆزدە مۇنداق دېيىلگەن:

«سىلەر مېنى، شەرىئەتنى ياكى پەيغەمبەرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن كەلدى دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس پەقەت تولۇقلاش ئۈچۈن كەلدىم.» (ماتتا، 5/17)

بۇ سەۋەپتىن ئىسا ئەلەيھىسسالام، ھاياتى بويىچە يەھۇدى ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت قىلدى، سۈننەت بولدى. ھاراق ئىچىش ۋە چوشقا گۆشى يېيىشتىن ھەزەر قىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئاللاھ تائالا پاۋلوس ۋە دوستلىرىغا مۇنداق بىر ھوقۇقنى بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ چەكلىمىلەرنى يولغا قويۇپ، دىنىنى، شەرىئەتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق خرىستىئانلىقنى نەپسانى ئارزۇلىرىغا ئاساسەن شەكىللەندۈردى.

پاۋلۇس: «ئاللاھ بىردۇر، سۈپىتى ئۈچتۇر» دېدى. دىننى، ئەفلاتۇننىڭ پەلسەپىسى بىلەن يېزىشقا باشلىدى. ئەفلاتۇننىڭ پەلسەپىسى قىسقىچە مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. كۆرۈلمىگەن ياراتقۇچى ئىلاھ؛
2. ئىلاھنىڭ كۆرۈنگەن ۋە بىلىنگەن ۋەزىرى، ياردەمچىسى بولغان «لوگوس» (مەنتىق)؛
3. كۆرۈنگەن ۋە بىلىنگەن كائىنات؛

پاۋلۇسمۇ خرىستىيانلىقنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىنى مۇنداق تۈزۈپ چىقتى:

1. ئاللاھ؛
2. ئوغلى ئىسا؛
3. روھۇل ـ قۇددۇس؛

بۇنىڭ بىلەن خرىستىيانلىققا بۈگۈنكى تەسلىس ئەقىدىسى (ئۈچ ئىلاھ) بارلىققا كەلدى.

ئۇ ۋاقىتتىكى شارائىتلار ئۇنىڭغا يار بېرەتتى. چۈنكى خەلق، مۇتەئەسسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىلىكنى خالاپ كەتمەيتتى. بۇ يېڭى تەسلىس ئەقىدىسىنى ئاتىلىرىدىن قالغان كۆپ تەڭرىلىك دىنىغا يېقىن دەپ قارايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن خرىستىيانلار ئىككىگە بۆلۈندى:

1. بولۇسچىلار (پاۋلۇسچىلار): ئۇنى ھۆكۈمدارلار قوبۇل قىلدى، بۇ سەۋەپتىن كۈچلەندى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خرىستىيان ئىكەنلىكىنى ئېيتقان پاۋلۇس، بۇ يېڭى دىننى ئەسلى ئەقىدىسىدىن يىراقلاشتۇرۇپ تەسلىس (ئۈچ تەڭرى) ئەقىدىسىگە تايانغان بىر ئەقىدە سېستىمىسىغا ئايلاندۇردى. بۇ ئەھۋال بۈگۈنكى ئىنجىللەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلدى. بۇ ئىنجىللار تۇنجى تۆت ئىنجىلگە مەنبە بولغان 14 خىل رىسالە يېزىلدى. بۇلار خرىستىيانلىقنىڭ مۇقەددەس تېكىستلىرىدە تۆت ئىنجىلگە ئوخشاش مۇھىمدۇر.

2. بارناباسچىلار «ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىنساندۇر، بىر پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭغا ئەسلا چوقۇنۇشقا بولمايدۇ" دەيدۇ. لېكىن ھاۋارى ياقۇبنىڭ باشچىلىقىدىكى ئەبيونىتلەر بۇ گورۇھنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئوخشاش ئەقىدىگە ئىگە ئىدى. بۇلار، ئۆزىنى قوللايدىغان ھۆكۈمدارلار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاجىز قالدى.

يەنە بىر تەرەپتىن پاۋلوسچىلارنىڭ دۈشمەنچە تۇتقان پوزىتسىيىسى كۈندىن- كۈنگە ئاشتى ۋە بارناباسچىلار ئېرىپ تۈگەشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مىلادى 325 - يىلقى كوستانتىن تەرىپىدىن يىغىلغان مەجلىستە پوپلار ھەيئىتى بارناباس ئىنجىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، نۇرغۇن ئىنجىللەر ئىچىدىن بىر-بىرىگە يېقىن بولغان تۆت ئىنجىلنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئىنجىللەر لۇقا، يۇھەننا، ماركوس ۋە ماتتادىن ئىبارەت. بۇ ئىنجىلدىن باشقا پۈتۈن ئىنجىللەر چىركاۋ تەرىپىدىن ساختا دەپ ئېلان قىلىندى، باشقىلىرى يوقۇتۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقى بولمىغان بۇ تۆت ئىنجىل يېزىلىپ ئوقۇلۇشقا باشلىدى. باشقا ئىنجىل بىلەن بىرلىكتە بارناباس ئىنجىلى ئەڭ ئىشەنچىلىك بولغان بولسىمۇ، يوقاپ كەتتى. ھەقىقەتەن بارناباس، ھاۋارىلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كۆرۈپ، ئاڭلىغانلىرىنى توغرا يازغان ئىدى. لېكىن بۇ ئەھۋال، يەھۇدى پاۋلوس ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دىتىغا ياقمىدى، بۇ سەۋەپتىن بارناباسنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بولۇپمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، 30 يىل كېيىن قىبرىستا شېھىد بولغان بارناباسنى، بۈگۈنكى خرىستىئانلارمۇ، ئىزنىك مەجلىسىدە چىققان قارارلارنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ئۇنى ھاۋارى دەپ ھىساپلىمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا توماسنى ھاۋارى دەپ قارايدۇ.

بارناباستىن كېيىن ئارىيۇس ئىسىملىك بىر پوپ، پاۋلوسچىلار بىلەر كۈرەش قىلدى. لېكىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇ مىسىرغا بېرىپ تەۋھىد ئەقىدىسىنى تارقىتىش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلدى.

ئارىيۇسنىڭ خرىستىئانلىققا قىلغان تەنقىدى ئۈچۈن رەسمى چىركاۋلارنىڭ بەرگەن جاۋاپلىرى، تارىخ بويىچە خرىستىئانلارنى تولۇق قايىل قىلىپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش تەنقىدلەر، خرىستىئان تارىخىدا پۇرسەت چىقسىلا ھەر ۋاقىتتا يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ چىركاۋنىڭ نۇپۇزى ۋە ئۇنىڭ قوبۇل قىلغان ئەقىدىسىنى تەۋرىتىشكە سەۋەپ بولدى. خرىستىئان دىن ئالىملىرى بۇ تەنقىدلەرگە جاۋاپ بېرىش، خرىستىئان بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇھىمى خرىستىئان ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نۇرغۇن مەجلىس ئاچتى ۋە بۇ مەجلىسلەردە ھەر خىل قارارلارنى چىقاردى.

مەسىلەن، تۇنجى قېتىملىق مەجلىس مىلادى 325 - يىلى ئىزنىكتە ئېچىلدى. بۇ مەجلىستە، ئىسانىڭ تەڭرى ئىكەنلىكى ئېلان قىلىندى. مىلادى 381 - يىلى

ئىستانبۇلدا ئېچىلغان مەجلىستە مۇقەددەس روھنىڭمۇ تەڭرىلىكىنى قوبۇل قىلىپ تەسلىس ئەقىدىسىنى تولۇقلىدى. 431 - يىلى ئەفەس مەجلىسىدە مەريەمنىڭ تەڭرىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىندى، مىلادى 451 - يىلدىكى قادىكۆي مەجلىسىدە ئىسانىڭ تەبىئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنازىرىلار ئېلىپ بېرىلدى ۋە چىركاۋلار ئارىسىدا پارچىلىنىش ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنە مىلادى 869 - يىلى ئىستانبۇلدا ئېچىلغان 8 - قېتىملىق مەجلىستە مۇقەددەس روھنىڭ كىمدىن چىققانلىقى ھەققىدە مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئۇزۇن مۇنازىرە نەتىجىسىدە مىلادى 1054 - يىلى خرىستىيانلىق، كاتولىك (رىم) ۋە ئورتودوكوس (ئىستانبۇل) دىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپكە بۆلۈندى. 16 - ئەسىرلەردە بولسا مۇتەئەسسىپ كاتولىك مەزھىبىگە قارشى پروتەستانلىق مەزھىبى مەيدانغا چىقتى.

خرىستىيانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ئەڭ ئاساسى پرىنسىپ ۋە ئەسلى ئەقىدە نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئۆز قولى ئارقىلىق چىگىتىشقا ئۇرۇنغانلىقى، ئۇ دىنىنىڭ قانچىلىك ئۆزگەرتىشكە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئەسلىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ بۇ مەجلىسلەردە ئېلىنغان قارارلار كېيىنكى مەجلىسلەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دۇنيادا، بۇقەدەر ئۆزگەرتىلگەن، مەزمۇنى كېمەيتىلگەن ۋە يېڭى نەرسىلەر قوشۇلۇپ تۇرغان باشقا بىر دىن يوقتۇر.

❁

## كۆپ ئىنجىل يېزىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى

ئۆزگەرتىۋېتىلگەن خرىستىيانلىقتىكى تەسلىس ئەقىدىسىدە، ئاللاھ، ئاللاھنىڭ ئوغلى ھەزرىتى مەسىھ (ئىسا) ۋە روھۇل قۇدۇس بار. بۇ ئەقىدىگە ئىگە بولغان نۇرغۇن پوپلار، روھۇل قۇدۇسنىڭ ئۆزىگە ۋەھيى نازىل قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ خالىغانچە ئىنجىل يازدى. «روھۇل قۇدۇس جىبرىئىل ياكى ئىنسان قەلبىگە سۇنۇۋاھات بەرگەن مەنىۋى بىر كۈچتۇر» دېگەندەك بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئېيادىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، تولۇق بىر ئىزاھات بېرەلمىدى. كۈنىمىزدىمۇ بۇ شەكىلدە ئىنجىل يازغانلار بار.

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى

ئىسا ئەلەيھىسسالام، قىيامەت يېقىنلاشقاندا ئاسماندىن چۈشىدۇ. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىمۇ مۇنداق بايانلار بار:

وَإِنَّهُ لَعِلْمٌ لِّلسَّاعَةِ فَلَا تَمْتَرُنَّ بِهَا وَاتَّبِعُونِ هَذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ

**"ئۇ** (يەنى ئىسا) **ئەلۋەتتە قىيامەت** (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) **ئالامىتىدۇر، ئۇنىڭغا** (يەنى قىيامەتكە) **شەك كەلتۈرمەڭلار.** (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) **«ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ** (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) **توغرا يولدۇر."**
(سۈرە زۇخرۇف، 61-ئايەت)

بۇ ئايەتتە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت ئۈچۈن بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئاخىرقى زاماندا ئۇنىڭ قايتىدىن دۇنياغا چۈشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى ئايەتتىكى"ئىلىم" كەلىمىسى، ئىشارەت مەنىسىگە كەلگەن «ئەلەم» شەكلىدە ئوقۇلىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالام يەرگە چۈشكەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئۇ مەھدى ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بولىدۇ، مەھدى دەججالنى يەر-يۈزىدىن يوقىتىدۇ. مەھدى ئەلەيھىسسالام ھاشىمى نەسلىدىن كېلىدۇ ۋە خەلىپىلىكنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئۆمرۈم يار بېرىدىغان بولسا ئىسا بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايتتىم. ئۆمرۈم بۇنىڭغا يار بەرمىسە، سىلەردىن كىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشسا، ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيتسۇن.» (ئىبنى ھەنبەل، 2، 298)

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەريۈزىگە چۈشۈشى، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر رەھمەت ۋەسىلىسى بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئۈستىدە قىزىل تۇپراق رەڭلىك كىيىم كىيگەن ھالدا چۈشىدۇ، خرىستىئانلىقنىڭ بەلگىسى بولغان كرىستنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ زامانىدا ئىسلامدىن باشقا پۈتۈن دىنلارنى يوقىتىدۇ.

يەرىۈزىگە خاتىرجەملىك كېلىدۇ، شىرلار تۆگە بىلەن بىللە ئوتلايدۇ. كىچىك بالىلار يىلانلار بىلەن ئوينايدۇ.» (ئىبنى ماجە، «فىتەن»، 33/4077)

باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

نەپسىم قۇدرەت قولىدا بولغان ئۇ زات بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ ئاراڭلارغا (ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ) ئادالەتلىك بىر ھاكىم بولغان ھالدا چۈشىدىغان، كرىستنى چېقىپ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدىغان، جىزيەنى (ئەھلى كىتابتىن) ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان (يەنى ئەھلى كىتابنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ يەھۇدىلىك ۋە خرىستىئانلىقنىڭ يېقىلىدىغان ۋاقتى) يېقىندۇر. ئۇ زاماندا مال شۇنداق كۆپىيىدۇكى، ھېچكىم ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ، يالغۇز بىر سەجدە دۇنيا ۋە ئىچىدىكىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ياخشى بولىدۇ.»

بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رىۋايىتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

«مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار:

**"ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەر قانداقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ."** (سۈرە نىسا، 159 - ئايەت)» (بۇخارى، «سېھىر» 102، «ئەنبىيا» 49؛ مۇسلىم، «ئىمان» 242)

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن:

1. ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەتتى،
2. كېسەللەرنى ساقايتاتتى،
3. يېيىلگەن ۋە ئۆيلەردە ساقلانغان نەرسىلەرنى بىلەتتى،
4. لايدىن قۇش ياساپ ئۇچۇراتتى،
5. ئۇنىڭغا ئاسماندىن داستىخان چۈشكەن،
6. ئۆيقۇدا بولسىمۇ ئەتراپىدا سۆزلەنگەن ۋە قىلىنغان ئىشلارنى بىلەتتى،
7. يىراقتا ۋە مەخپىي ھالدا سۆزلەنگەنلەرنى ئاڭلايتى.

پەرىشتىلەر، ھەزرىتى مەريەمگە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى خۇش خەۋەر قىلغاندا مۇنداق دېدى:

وَرَسُولاً إِلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنِّي قَدْ جِئْتُكُم بِآيَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ أَنِّي أَخْلُقُ لَكُم مِّنَ الطِّينِ كَهَيْئَةِ الطَّيْرِ فَأَنفُخُ فِيهِ فَيَكُونُ طَيْرًا بِإِذْنِ اللّهِ وَأُبْرِىءُ الأكْمَهَ والأَبْرَصَ وَأُحْيِي الْمَوْتَى بِإِذْنِ اللّهِ وَأُنَبِّئُكُم بِمَا تَأْكُلُونَ وَمَا تَدَّخِرُونَ فِي بُيُوتِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لَّكُمْ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ

**"ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ.** (ئۇ دەيدۇ) **«شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان** (پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) **بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن ـ دە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ. تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتىمەن، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، سىلەر يەيدىغان ۋە ئۆيۈڭلاردا ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن** (يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). **شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا** (يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) **سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە** (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) **ئالامەت بار."** (سۈرە ئال ئىمران، 49 - ئايەت)

**باشقا ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ:**

يَوْمَ يَجْمَعُ اللّهُ الرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَا أُجِبْتُمْ قَالُواْ لاَ عِلْمَ لَنَا إِنَّكَ أَنتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ

**"ئاللاھ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «**(قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىڭلاردا) **قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «**(سېنىڭ بىلگىنىڭگە سېلىشتۇرغاندا) **بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن» دەيدۇ."** (سۈرە مائىدە، 109 - ئايەت)

إِذْ قَالَ اللّهُ يَا عِيسى ابْنَ مَرْيَمَ اذْكُرْ نِعْمَتِي عَلَيْكَ وَعَلَى وَالِدَتِكَ إِذْ أَيَّدتُّكَ بِرُوحِ الْقُدُسِ تُكَلِّمُ النَّاسَ فِي الْمَهْدِ وَكَهْلاً وَإِذْ عَلَّمْتُكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَالتَّوْرَاةَ وَالإِنجِيلَ وَإِذْ تَخْلُقُ مِنَ الطِّينِ كَهَيْئَةِ الطَّيْرِ بِإِذْنِي فَتَنفُخُ فِيهَا فَتَكُونُ طَيْرًا بِإِذْنِي وَتُبْرِىءُ الأَكْمَهَ وَالأَبْرَصَ بِإِذْنِي وَإِذْ تُخْرِجُ الْمَوتَى بِإِذْنِي وَإِذْ كَفَفْتُ بَنِي إِسْرَائِيلَ عَنكَ إِذْ جِئْتَهُمْ بِالْبَيِّنَاتِ فَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْهُمْ إِنْ هَذَا إِلاَّ سِحْرٌ مُّبِينٌ

**""ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس** (يەنى جىبرىئىل) **بىلەن مەدەت بەردىم،** (كىچىككىڭدە) **بۆشۈكتە ۋە** (پەيغەمبەر بولغان) **ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ ـ دە، ئۇنى پۈۋلىسەڭ ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتاتتىڭ، ئەينى زاماندا، مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى** (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلەردىن) **چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى."** (سۈرە مائىدە، 110 - ئايەت)

❁

## بۈگۈنكى خىرىستىئانلىق

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خىرىستىئانلىق، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزگەرتىشىگە ئۇچراپ، خىل كىشىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالدى. قۇرئان كەرىم ئەھلى كىتاب ھەققىدە :

**"سىلەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خوشاللىنىدىغانلاردىن** (بولماڭلار)**."** (سۈرە رۇم، 32 - ئايەت) دېگەن..

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«مەسىھنىڭ ئۈممىتى، ئۇنىڭ سۈننىتى ۋە ھىدايىتى ئۈستىدە ئىككى يۈز يىل

تۇردى. (كېيىن دىنلىرىنى بۇزۇپ توغرا يوللىرىنى ئالماشتۇردى).» ھەيسەمى، «مەجمائۇززەۋائىد»، 8، 207)

ھەقىقەتەن خرىستىئانلىق، ئۆز دىنى ئالىملىرى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ، كۆنىمىزگە دەسلەپكى شەكلىدە مەۋجۇت بولغان تەۋھىد ئەقىدىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ھالدا يېتىپ كەلدى.

بۇ ئۆزگەرتىش سەۋەبى بىلەن باشقا ئىلاھىي دىنلارغا ئوخشاش خرىستىئانلىقنىڭمۇ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئاخىرقى ۋە ھەق دىن بولغان ھالدا ئىسلام دىنى ئەۋەتىلدى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللّهِ الإِسْلاَمُ

**"ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام** (دىنى)**دۇر..."**

(سۈرە ئال ئىمران، 19- ئايەت)

ئاللاھنىڭ بۇ ھۆكمى ئالدىدا خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلار، ئىسلامنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۆز ئىچىدىن چىقىدىغانلىقى چۈشەنچىسى بىلەن قوبۇل قىلمىدى. ھەر ئىككى دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى كىتابىدىكى ھەقىقەتلەرگە قاراپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىگە قەدەر ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ كېلىشىنى خۇش خەۋەر بېرىپ، ئۇنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان قاراشلىرى ئۆزگەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە يېڭى دىنىنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەسەت قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا اخْتَلَفَ الَّذِينَ أُوْتُواْ الْكِتَابَ إِلاَّ مِن بَعْدِ مَا جَاءهُمُ الْعِلْمُ بَغْيًا بَيْنَهُمْ وَمَن يَكْفُرْ بِآيَاتِ اللّهِ فَإِنَّ اللّهِ سَرِيعُ الْحِسَابِ

**"...كىتاب بېرىلگەنلەر** (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) **پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى** (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى)، **كىمكى**

**ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن (ئاللاھ ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ)، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر."** (سۈرە ئال ئىمران، 19 - ئايەت)

ئەھلى كىتاب پەقەت ھەسەت قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، كىتابىدىكى ئاخىرقى دىن بولغان ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن خۇش خەۋەر بەرگەن قىسىملارنى ئۆزگەرتىۋەتتى. چۈنكى بۇ بۆلۈملىرىنى ئوقۇغان بىر قىسىم پاراسەتلىك خىرىستىئان ۋە يەھۇدىيلار، ھەقىقەتنى چۈشىنىپ دەرھال مۇسۇلمان بولغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەھۇدى ئالىملىرىدىن ئابدۇللاھ بىن سالام ۋە باشقىلار، خىرىستىئانلاردىن سەلمانى ـ فارىسى، ھەتتا ھۆكۈمدارلاردىن ھەبەش ھۆكۈمدارى نەجاشىغا ئوخشاش كۆپلىگەن كىشىلەر، بۇ ۋەسىلە بىلەن مۇسۇلمانلىقنى جان دەپ قوبۇل قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَإِنَّ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَمَن يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْكُمْ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِمْ خَاشِعِينَ لِلَّهِ

**"ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا** (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) **ئىشىنىدىغانلار بار؛ ئۇلار ئاللاھتىن قورقىدۇ..."** (سۈرە ئال ئىمران، 199 - ئايەت)

ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلىغان ۋىزانتىيە ئىمپىراتورى ھىراقلىيۇس ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەختىيار ئەلچىلىرىگە:

«ئۇ زات، شۇ پۈتلىرىم دەسسەپ تۇرغان يەرلەرگىمۇ يېقىن بىر زاماندا ھاكىم بولىدۇ. مەن بۇرۇنلا بۇ پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارالايدىغانلىقىمنى بىلسەم، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن پۈتۈن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىدايتتىم. يېنىدا بولغان بولسام پۈتلىرىنى يۇيۇپ قويغان بولاتتىم.» دېدى. (بۇخارى، «بەدئۇل ۋەھيى»، 6)

بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ۋەقەلەرنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، خىرىستىئان ۋە يەھۇدىيلار، زامان ئۆتكەنسېرى پۈتۈن دىنداشلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئۆز كىتابىدا بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئىلىپ كەلگەن ئاخىرقى دىنىنى خۇش خەۋەر بەرگەن تېكىستلىرىنى ئۆزگەرتتى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ قىلمىشى ئارقىلىق ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلَ اللّهُ مِنَ الْكِتَابِ وَيَشْتَرُونَ بِهِ ثَمَنًا قَلِيلاً أُولَئِكَ مَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ إِلاَّ النَّارَ وَلاَ يُكَلِّمُهُمُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ

**"ئاللاھ كىتابتا** (يەنى تەۋراتتا) **نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر** (چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارام مېلى ئۇلارنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ)، **قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا** (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) **سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى** (گۇناھلىرىدىن) **پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ."** (سۈرە بەقەرە، 174 - ئايەت)

بِئْسَمَا اشْتَرَوْاْ بِهِ أَنفُسَهُمْ أَن يَكْفُرُواْ بِمَا أنَزَلَ اللّهُ بَغْياً أَن يُنَزِّلُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ عَلَى مَن يَشَاء مِنْ عِبَادِهِ فَبَآؤُواْ بِغَضَبٍ عَلَى غَضَبٍ وَلِلْكَافِرِينَ عَذَابٌ مُّهِينٌ

**"يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىنى** (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) **خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى** (يەنى ئىمانىنى) **كۇفرىغا سېتىشى ئەجەب يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى - ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. كاپىرلار خارلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ."** (سۈرە بەقەرە، 90 - ئايەت)

ئايەتتى كەرىمدە ئىپادىلەنگەندەك ھىدايەتكە رام بولمىغان ۋە ئىسلام بايرىقى ئاستىغا توپلانمىغان ئەھلى كىتاب، ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن شەكىللەندۈرگەن باتىل كىتابلىرىغا ئەگىشىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتىنى بىكار قىلدى. چۈنكى پۈتۈن ئىلاھىي كىتابلارنى ئەۋەتكەن ئاللاھ تائالاھ، ئەڭ ئاخىرىدا ئەۋەتكەن دىن بولغان ئىسلامغا ئەگەشمەي، ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان دىنلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ باتىل بىلەن تولغان ئىمانىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الإِسْلاَمِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ

**"كىمكى ئىسلام** (دىنىدىن) **غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ** (يەنى ئۇنىڭ دىنى) **قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر."** (سۈرە ئال ئىمران، 85 - ئايەت)

ھەقىقەتەن بۇگۈن ئىسلامدىن باشقا پۈتۈن دىنلار، خرىستىئانلىقتا مەۋجۇت بولغان ئىمان ۋە ئىبادەت ئاساسلىرىغا قارىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادە، بۇيرۇقلىرىغا، ھەتتا ئىنسان مەنتىقىسىگە زىت بولغان ماھىيەت بىلەن تولغانلىقىنى بىلىدۇ. خرىستىئانلىقتا:

ھەر ئىنسان گۇناھكار بولغان ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، جەننەتتىن چىقىرىلدى. ھازىر بۇ گۇناھ پۈتۈن ئىنسانلاردا زىنجىرسىمان شەكىلدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى بۇ «ئەزەلى گۇناھتىن» قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بۇ گۇناھتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئوغلى (ئىسا)نى كرىستقا مىخلىدى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازالىرىنى بىر ـ بىرىگە چەكتۈرۈشكە ئوخشاش بىر مۇئامىلىنى ھېچ بىر ئىلاھىي كىتابىدا بايان قىلمىدى. چۈنكى باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن بىر گۇناھسىزنى قۇربان قىلىش زۇلۇمدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ گۇناھكار ھالەتتە دۇنياغا كېلىشىگە ئىشىنىشمۇ ئاللاھقا زۇلۇم نىسبەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ نەبەۋى ئىپادىسى گۈزەل ئىپادىلەيدۇ:

«ھەر بوۋاق (ئىسلام) تەبىئىتى ئۈستىگە (پاك ۋە گۇناھسىز بولغان ھالدا تەۋھىدكە مايىل بولغان ھالدا) دۇنياغا كېلىدۇ! » (مۇسلىم، «قەدەر»، 22)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

باتىل بىلەن تولغان ئىماننى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ

**"باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا** (ئەگەشكىنكى) **ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، پەقەت ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ."** (سۈرە رۇم، 30 - ئايەت)

خرىستىئانلىقتىكى باتىل ئەقىدىلەردىن بىرى **«ۋافتىز»** يەنى خرىستىئانلىقنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ يۇيۇنۇپ پاكىزلىنىشىدۇر. خرىستىئانلارنىڭ ئاتا ـ بالا ۋە روھۇل قۇدۇس ئۈچۈن ۋافتىز بولۇشى، چىركاۋنىڭ بىر ئەمرىدۇر. چىركاۋ، يۈزگە سۇ سېپىش ياكى بەدىنىنى سۇغا چىلاش ئارقىلىق ۋافتىز قىلىدۇ. بۇنى خرىستىئان بولۇشنىڭ ئىلانى دەپ قارايدۇ. لېكىن ئەزەلى گۇناھنىڭ ۋافتىز بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىش ئەقىدىسى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن خرىستىئانلار، ۋافتىز بولماستىن ئۆلگەنلەرنى گۇناھكار ھالدا ئۆلدى دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

خرىستىئانلارنىڭ قارىشىچە دۇنيا جاپا ـ مۇشەققەت يېرىدۇر، راھەت ـ پاراغەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت يوقتۇر. ئىنسانلار جاپا چېكىش ئۈچۈن يارىتىلدى، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئېغىزىدا شۇنداق دەپ، ئەمەلىيەتتە ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە چېكىدىن ئاشقان نەپسانىي ئارزۇلىرى بويىچە ياشىغان خرىستىئانلارنىڭ تۇرمۇشلىرى بىر ـ بىرىگە زىتتۇر.

بىر ئىمتىھان دۇنياسى بولغان بۇ دۇنيادا ئەبەدى سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھايات شەكلىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قارمۇ ـ قارشى بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇنى بىلىش لازىمكى، ئاللاھ تائالا قۇللىرىنى ھەرخىل شەكىلدە سىنايدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن قۇل بەزىدە تارلىق، بەزىدە كەڭچىلىك، بەزىدە جاپا ـ مۇشەققەت، بەزىدە خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدە ياشايدۇ.

يەنە خرىستىئانلار، ئىنسانلارنى باشقىلارغا تايانماستىن مۇستەقىل ھالدا ئاللاھ بىلەن بىر مۇناسىۋەت قۇرالمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئورنىغا پوپلار يالۋۇرۇپ يېنىلىشى مۇمكىن. يەنە ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى پوپلار مەغپىرەت قىلالايدۇ. يەنى پوپلار ئاللاھ بىلەن قۇل ئارىسىدا بىر ۋاستىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن پوپلارغا گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، خرىستىئانلىقتا بىر ئىبادەت ھالىغا كەلدى. چىركاۋ، گۇناھلارنى ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ، پوپلار بولسا پۇلغا، ئەگەر پۇلى بولمىسا چىركاۋدا ئىشلىتىش بەدىلىگە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشقا سالاھىيەتلىكتۇر. خرىستىئانلار بۇنى ئۆزگەرتىلۋېتىلگەن ئىنجىلنىڭ مۇنۇ ئىپادىلىرىگە قاراپ پەردازلايدۇ:

«ئىسا ئۇلارغا، «سىلەرگە ئامان ـ ئېسەنلىك بولسۇن!» دېدى. «ئاتام مېنى ئەۋەتكەندەك مەنمۇ سىلەرنى ئەۋەتىمەن» بۇلارنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۈفلەپ، «مۇقەددەس روھنى ئېلىڭلار!» دېدى. «كىمنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرسەڭلار، كەچۈرۈلگەن بولىدۇ، كىمنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرمىسەڭلار، كەچۈرۈلمىگەن پېتى قالىدۇ.»» دېدى.» (يۇھەننا، 23 - 20/21)

بۇ ئۇسۇل ۋە ئەركانلار، ئىنسانلارغا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، پوپلارغا بىر خىل ئىمتىياز بېرىش ۋە باشقىلىرىنى بولسا قانداقلا بولمىسۇن كەچۈرۈم قىلىنمەنغۇ دېگەن چۈشەنچە بىلەن گۇناھ ئىشلەشكە رۇخسەت قىلغانلىقتىن ئىبارەتتۇر.

ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن پوپلارنىڭ، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۆزى گۇناھ قىلىشتىن خالى بولالمىغان بىر ئىنسان، ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىر ئىنساننىڭ گۇناھلىرىنى قانداق ئەپۇ قىلالىسۇن!؟ مۇنداق بىر سالاھىيەت ئۇلۇغ ئەزىم بولغان پەيغەمبەرلەرگىمۇ بېرىلمىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆمۈرلىرى، گۇناھ ئىشلىمىگەن بولسىمۇ تەۋبە ۋە ئىستىغپار بىلەن ئۆتتى. ئىلاھىي مەغپىرەت پوپلارنىڭ مەغپىرەت قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش تولىمۇ ئازغۇنلۇقتۇر.!

ئەھلى كىتابنىڭ ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە زىت بولغان ھالدا پۇل بەدىلىگە ياكى چېركاۋدا ئىشلىتىش بەدىلىگە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىدەك ئازغۇنلىقى ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّ كَثِيرًا مِّنَ الأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللّٰهِ

**"ئى مۆمىنلەر! ھىبرىلەر ۋە راھىبلەردىن** (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) **نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ،** (كىشىلەرنى) **ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ."** (سۇرە تەۋبە، 34 ـ ئايەت)

شۇنداق بولسىمۇ خرىستىئانلار، راھىبلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ. خرىستىئانلىقنىڭ مۇقەددەس كىتابى پەيغەمبەرلەرگە نىسبەتەن نۇرغۇن گۇناھ ۋە بۆھتانلار بىلەن تولغان بولسىمۇ، ھېچبىر پەيغەمبەرلىك خۇسۇسىيىتى بولمىغان «پاپا» گۇناھسىز دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىشى توغرا دەپ قارىلىدۇ.

ئىنساننىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بوي سۇنۇشقا چاقىرغان ئاللاھنىڭ تاللىغان پەيغەمبەرلىرىگە، ئۇلارنىڭ ئىلاھىي دەۋەتلىرى نەپسىلىرىگە قىيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، زىنا، ھاراق ئىچىش، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە بۇتپەرەسلىككە ئوخشاش قەبىھ سۈپەتلەرنى چاپلاش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىك مۇئەسسەسىنى كۆزگە ئىلمىگەن خرىستىئانلار، ئۆزى

تاللىغان ئادەتتىكى بىر ئىنسان بولغان پوپلارغا نىسبەتەن ئۇلۇغ خۇسۇسىيەتلەرنى چاپلاپ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ.

بۇ ئەھۋال قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُواْ إِلاَّ لِيَعْبُدُواْ إِلَهًا وَاحِدًا لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ

**"ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى** (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) **ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى.** (ھالبۇكى) **ئۇلار** (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) **پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا** (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا) **ھېچ مەبۇد** (بەرھەق) **يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر."** (سۈرە تەۋبە، 31-ئايەت)

ئايەتتە ئىپادىلەنگەن ھەقىقەتلەرنىڭ باشقا بىر كۆرۈنۈشى، خرىستىئانلار ئىنسان ھەققىدىمۇ خاتا كۆز قاراشلارنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلارچە ئىنساننىڭ روھى ۋە بەدىنى بىر-بىرىدىن ئايرىمدۇر. روھنى پەقەت پوپلار پاكلايدۇ. بەدەن بولسا كۆپىنچە ھالدا گۇناھكار ۋە قەبىھ بىر مەۋجۇتلۇقتۇر، دەپ قوبۇل قىلىندۇ.

ھالبۇكى بۇ ئىپادىلەر، «زۇبدەئى ئالەم» (ئالەمنىڭ ئۆزى) بولغان ھالدا يارىتىلغان ۋە «ئەشرەپۇل مەخلۇقات» (يارىتىلغانلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى) بولغان ئىنسان ئۈچۈن خاتا ئىزاھتۇر. بۇنىڭ توغرىسى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنسَانَ فِي أَحْسَنِ تَقْوِيمٍ

**"بىز ئىنساننى شەك - شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق."**

(سۈرە تىن، 4-ئايەت)

شۇنداق ھۆرمەتلىك يارىتىلغان ئىنسان، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ چەكسىز نەقىشى بىلەن نەقىشلەنگەن بۇ ئالەمدە ئىلاھىي سەنئەتنىڭ ئەڭ ئۈستىنىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ ئۇلۇغ ئۇستۇنلۇككە لايىق بىر ئىمان ۋە ئىبادەت ھاياتى ئىچىدە بولمىغانلار، يارىتىلىشىدىكى ئۇلۇغ سۈپەتلەرنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ «سەفەلى ـ سافىلىن» (تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى) ئىپادىسى بىلەن سۈپەتلەنگەن بىر ھالغا چۈشۈپ ئىلاھىي ئامانەتنى زايا قىلغان بولىدۇ. ھالبۇكى ھەر ئىنسان باشلانغۇچتا:

وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ

**"شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق..."**

(سۈرە بەنى ئىسرائىل، 70 - ئايەت)

خرىستىئانلار ئىنجىللاردىن ھەرخىل دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ خرىستىئانلىقنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە تىنچلىق دىنى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن ئۆزگەرتىلگەن ئىنجىللاردا بۇنىڭغا زىت بولغان ئىپادىلەر بار. مەسىلەن: لۇقا ئىنجىلدا، ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە مۇنداق بىر سۆز نەقىل قىلىنىدۇ:

«لېكىن ئۆزىگە ھۆكۈمدار بولۇشۇمنى خالىمىغان دۈشمەنلىرىمنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار ۋە ئۆلتۈرۈڭلار!» (لۇقا، 19/7)

يەنە پاۋلوسنىڭ مەكتۇپلىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

«چۈنكى پۈتۈن دۈشمەنلەرنى پۇتىنىڭ ئاستىدا دەسلەپ تۇرغىچە ئۇنىڭ سەلتەنەتى داۋاملىشى لازىمدۇر!» (كورىنتوسلارغا مەكتۇپ، 1/15)

باشقا بىر يەردە ھەزرىتى ئىسا مۇنداق دەيدۇ:

«مېنى يەر يۈزىگە تىنچلىق ئېلىپ كەلدى دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مەن تىنچلىق ئەمەس، پەقەت قىلىچ ئەكىلىشكە كەلدىم. چۈنكى مەن كىشى بىلەن دادىسىنىڭ، قىزى بىلەن ئانىسىنىڭ، كېلىنى بىلەن قېيىن ئانىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن كەلدىم!» (ماتتا، 35 - 10/34)

خرىستىئانلار قوبۇل قىلغان بۇرۇنقى تېكىستلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«پەقەت تەڭرىنىڭ ساڭا مىراس بولغان ھالدا بەرگەن بۇ قەۋملەرنىڭ شەھەرلىرىدىن نەپەس ئالغان ھېچ بىر كىشىنى ساق قويمايسەن. پەقەت ئۇلارنى رەببىڭ ساڭا بۇيرۇغاندەك پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ تاشلايسەن.» (تەسنىيە 17 - 20/16)

«ئەمدى كەتكىن (ئۇ زامان دۈشمەن بىر قەۋم بولغان) ئامەلەكنى يوقات. ئۇلارنىڭ ھەممە نېمىسىنى پۈتۈنلەي يوقات. ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتما، ئەر ـ ئايال، كىچىك ـ چوڭ، قوي ـ كالا، تۆگە ـ ئېشەك بولۇپ ھەممىسىنى ئۆلتۈر!» (1. سامۇئەل، 3 - 15/2)

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خرىستىئانلىقنىڭ ئۆزگەرتىلۋېتىلگەن مۇقەددەس كىتابلىرىدا سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە تىنچلىققا زىت بولغان زورلۇق ۋە زۇلۇم ئىپادىلىرى مەۋجۇت.

ئىسلامدا ئۇرۇشنىڭ قانداق بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

وَقَاتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلاَ تَعْتَدُواْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبِّ الْمُعْتَدِينَ

**"سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ."** (سۈرە بەقەرە، 190-ئايەت)

ئىسلامدا ئۇرۇش، ئاللاھنىڭ دىنىنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلغان ئايەتلەر، پەقەت ئۇرۇش ئېلان قىلىنغان كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان كىشىلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇرۇشقا قاتناشمىغان ئاياللار، باللار، ياشانغانلار ۋە كېسەل كىشىلەرگە چېقىلمايدۇ. ھەتتا ھايۋانلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دەرەخلەر كېسىلمەيدۇ ۋە زىرائەتلەر نابۇت قىلىنمايدۇ.

❀

ئىسا ئەلەيھىسسالام، باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام، ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھالال قىلغان ۋە ئۈممىتىگە بۇلارنى ئەمىر قىلغان بىر پەيغەمبەردۇر. بۇنىڭدىن باشقا ھاراملارنىڭ سىرتىدا دىنىنىڭ روھىغا مۇۋاپىق بولمىغان، توغرىدەك كۆرۈلگەن ئەمەللەرنى، يەنى «بىدئەت»لەرنى رەت قىلغانلىقى ئېنىق بولغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى خرىستىئانلىقتا گۇناھلار ئىبادەت ھالىغا كەلدى. بۇلاردىن بىرى بولسا «ئىشائى راببانى»دۇر.

ئىشائى راببانى بولسا، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى كېچە يېگەن تامىقىنىڭ سىمۋولى بولغان ھالدا،ناننى ئۇشتۇپ ئۈستىگە ھاراق تۆككەن ھالدا يېيىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە نان، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ گۆشىگە، ھاراق بولسا قېنىغا سىمۋولدۇر. خرىستىئانلار بۇلارنى يېيىش ئارقىلىق ھەزرىتى ئىسا بىلەن پۈتۈنلەشكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئەۋھارىستىيا دەپ ئاتالغان بۇ ئايىن (مۇراسىم)، ۋاپتىزدىن كېيىن مۇھىم ئىبادەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ مۇراسىم پۈتۈن خرىستىئانلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

بۇرۇن يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلەتتى. كېيىن ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ خرىستىئانلارنىڭ بىر ئەقىدىسى ھالىغا كەلدى. مۇنداق بىر ئىبادەت ۋەسىلىسى بىلەن بىر خىل ئىلاھىي شېرك ئەقىدىسى، تەۋھىد ئەقىدىسى ھېچبىر شەكىلدە قوبۇل قىلمايدىغان بىر شېرىك تۈرىدۇر.

خرىستىئانلىقتا ئىبادەت دۇئا ۋە تەڭرى ئىسمىگە ئاتاپ ئوقۇلغان بىر تۈر ئىلاھىيلەردىن ئىبارەتتۇر. نان ـ ھاراق مۇراسىمى ياكى ئىبادىتىدىن باشقا ئىسلامدا بولغىنىدەك ناماز، روزا، ھەج ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەجبۇرى ئىبادەتلەر يوق. خرىستىئانلىقتا روزا پەقەت پەرھىزدىن ئىبارەت. نەپس ئارزۇ قىلغان بەزى يېمەك ـ ئىچمەكلەردىن روزا مەزگىلىدە چەكلەنگەن بولۇپ، پەقەت ئاز مىقتاردا ناشتا قىلىنىپ كەچتە ئاز يېمەك يېيىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا، خرىستىئانلارنىڭ ئەقىدىلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئەمر قىلىنغان دىنىنىڭ بۇنىڭدىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَمَا تَفرَّقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ إِلَّا مِن بَعْدِ مَا جَاءتْهُمُ الْبَيِّنَةُ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ

**"كىتاب بېرىلگەنلەر** (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) **پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا** (يالغۇز) **ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە** (بۇيرۇلدى)**، ئەنە شۇلار** (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) **توغرا دىندۇر."** (سۈرە بەييىنە، 4 - 5 - ئايەت)

پۈتۈن بۇلار بىلەن بىرگە خرىستىئانلىقنىڭ كۈلكىلىك بۇ قائىدىلىرىگە يەنە كېيىن قوشۇلغىنى «تەسلىس ئەقىدىسى»دۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن خرىستىئان ھۆكۈمدارلارغا ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدا بۇ ھەقتە توختالدى. ۋىزانتىيە ئىمپىراتورى ھىراقلىيۇسقا ئەۋەتكەن مەكتۇپ مۇنداق:

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

**"ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەددىن، رىملىقلارنىڭ كاتتىسى ھىراقلىيۇسقا!

ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە سالام بولسۇن!

مەن سېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدىم. ئىسلامغا كىرسەڭ سالامەت قالىسەن ۋە ئاللاھ ساڭا ئىككى قات ئەجىر بېرىدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلمايدىغان بولساڭ خەلقىڭنىڭ گۇناھى سېنىڭ بوينۇڭدا بولىدۇ.

قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْاْ إِلَى كَلَمَةٍ سَوَاء بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلاَّ نَعْبُدَ إِلاَّ اللّهَ وَلاَ نُشْرِكَ بِهِ شَيْئًا وَلاَ يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللّهِ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَقُولُواْ اشْهَدُواْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ

**«ئى ئەھلى كىتاب!** (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) **پەقەت ئاللاھغىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە** (يەنى بىرخىل ئەقىدىگە) **ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە** (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): **«**(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) **بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار."** (سۈرە ئال ئىمران، 64 - ئايەت)

(بۇخارى، «بەدئۇل ۋەھيى»، 6،5؛ مۇسلىم، «جىھاد»، 74)

## تەسلىس (ئۈچ تەڭرى) ئەقىدىسى

تەسلىس خرىستىئانلارنىڭ «ئاتا، ئوغول ۋە روھۇل- قۇدۇس»تىن ئىبارەت ئۈچ تەڭرى ئەقىدىسىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئۇقۇمدۇر. ئەسلىدە خرىستىئانلىق ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بىر تەڭرىگە ئىشەنگەن دىنلار ئارىسىدا زىكىر قىلىنىدۇ. خرىستىئانلىقنىڭ تايانغان «بۇرۇنقى ئەھدە» دىققەت قىلىنغان تەۋھىد ئەقىدىسى، خرىستىئانلىقنىڭ مەركىزى بولغان قۇدۇستا ئارىلىرىدا سىقىلىپ قالغان ھىند ۋە يۇنان مەدىنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن تەۋھىدكە خىلاپ بىر شەكىلگە ئايلاندى.

تەسلىس ئەقىدىسى خرىستىئانلىققا خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كىردى. مىلادى 325 - يىلدا ئېچىلغان ئىزنىك مەجلىسىدە تېخى تەسلىس ئەقىدىسى

يوق ئىدى. ئۇ يەردە پەقەت ئاتا ۋە ئوغۇلنىڭ تەڭرى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى جەۋھەردىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۈستىدە توختالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىلادى 381 - يىلى يىغىلغان كونستانتىنوپولىس مەجلىسى بولسا، روھۇل ـ قۇدۇسنىمۇ تەڭرىلىككە قوشۇپ، تەسلىس ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان ھالدا، خرىستىئانلاردىن «ئۈچ ئۇكنوم»غا، يەنى ئۈچ ئۇنسۇرلۇق يالغۇز ئۇلۇھىيەتكە چوقۇنۇشنى تەلەپ قىلدى.

بۈگۈن ئوتتۇرىغا چىققان ئىپتىرازلار ئالدىدا تەسلىس ئۈچۈن تەئۋىل يولىغا كەتكەن ھالدا: تەڭرى يالغۇزدۇر، كۈچ ئۇنىڭدىدۇر، ئىسا بولسا پەقەت ئۇنىڭ ئوغلىدۇر، روھۇل ـ قۇدۇسمۇ كۈچىدۇر دېگەندەك ئىپادىلەر، قىلىنغان شېرىكنى تەۋھىدكە يېقىنلاشتۇرمايدۇ. لېكىن ھەر تۈرلۈك نوقسانلىق ۋە ئىنسانى سۈپەتلەردىن پاك بولغان ئاللاھقا ئوغۇل نىسبەت قىلىش، دەھشەتلىك بىر ئازاپقا دۇچار قىلىدىغان چوڭ شېرىكتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَقَالُواْ اتَّخَذَ اللّهُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ بَل لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ كُلٌّ لَّهُ قَانِتُونَ

**"ئۇلار** (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار)**: « ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئاللاھ** (ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن) **پاكتۇر، ئۇنداق ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر."** (سۈرە بەقەرە، 116 - ئايەت)

قَالُواْ اتَّخَذَ اللّهُ وَلَدًا سُبْحَانَهُ هُوَ الْغَنِيُّ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَات وَمَا فِي الأَرْضِ إِنْ عِندَكُم مِّن سُلْطَانٍ بِهَذَا أَتقُولُونَ عَلَى اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ

**"ئۇلار** (يەنى كاپىرلار)**: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېيىشتى، ئاللاھ** (بۇنىڭدىن) **پاكتۇر، بىھاجەتتۇر** (يەنى بالا قىلىۋېلىش ئېھتىياج ئۈچۈن بولىدۇ، ئاللاھ بولسا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەستۇر)**، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر،** (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) **بۇ سۆزۈڭلارغا ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق، سىلەر بىلمەيدىغان ئىشلارنى يالغاندىن ئاللاھقا چاپلامسىلەر؟."** (سۈرە يۇنۇس، 68 - ئايەت)

قُلْ إِنَّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللّهِ الْكَذِبَ لاَ يُفْلِحُونَ

**"**(ئى مۇھەممەد!) **ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن** (دوزاخ ئازابىدىن) **قۇتۇلالمايدۇ».'** (سۈرە يۇنۇس، 69 - ئايەت)

مَتَاعٌ فِي الدُّنْيَا ثُمَّ إِلَيْنَا مَرْجِعُهُمْ ثُمَّ نُذِيقُهُمُ الْعَذَابَ الشَّدِيدَ بِمَا كَانُواْ يَكْفُرُونَ

**"ئۇلار بۇ دۇنيادىن** (ئازغىنا ۋاقىتلا) **بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار** (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) **بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز."** (سۈرە يۇنۇس، 70 - ئايەت)

مَا اتَّخَذَ اللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ إِلَهٍ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ

**"ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر."** (سۈرە مۆئمىنۇن، 91 - ئايەت)

دەسلەپتە تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئىگە بولغان خرىستىئان ئەقىدىسىگە كېيىن كىرگەن تەسلىس ئەقىدىسىنىڭ ئىنجىللاردە ھەقىقى بىر دەلىلى يوقتۇر. «ئۈچلۈك» مەنىسىدە كەلگەن تەسلىسنىڭ غەرب ئەللىرىدىكى ئاتىلىشى «ترىنىتە»دۇر. ترىنىتە كەلىمىسى، ئىنجىللارنىڭ ھېچبىر يېرىدە تىلغا ئېلىنمىدى. خرىستىئانلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم مىلادى 2 - ئەسىردە تەرتۇللىئەن تەرىپىدىن قوللىنىلدى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېڭى ئاھدىنىڭ ھېچبىر يېرىدە ھەزرىتى ئىسا «مەن تەڭرى بولىمەن» دېمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ زىددىنى، يەنى قۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. (ماتتا، 12/18) ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قۇل ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. (سۈرە نىسا، 172 - ئايەت) بۇ قۇللۇق سۈپىتىدىن ئۆزى رەنجىمىدى، ئەكسىچە مۇقەددەس كىتابتا بۇنى بايان قىلىپ بۇنىڭدىن پەخىرلەندى. ھاياتىنى ناھايىتى ئۈستۈن بىر قۇللۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. بولۇپمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئاللاھقا ئىبادەت قىلدى.

ھالبۇكى ئىبادەت قىلىش، ئۇلۇھىيەت بەلگىسى بولماستىن بەلكى قۇللۇقنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

خرىستىئانلار تەسلىسنىڭ ئىنجىللاردىكى دەلىلىنى كۆرسەتكەن ھالدا مۇنۇلارنى زىكىر قىلىدۇ:

«ئىسا ۋاپتىز بولۇپ دەرھال سۇدىن چىقتى ۋە ئاسمان ئېچىلىپ ئاللاھنىڭ روھىنىڭ كەپتەرگە ئوخشاش ئۈستىگە ئۇچۇپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى ۋە مانا بۇ ئاسماندىن كەلگەن بىر ئاۋاز دېدى: «سۆيۈملۈك ئوغلۇم بۇدۇر، ئۇنىڭدىن رازى بولدۇم.»» (ماتتا، 3، 16-17)

بۇنىڭغا ئوخشاش ئىپادىلەر ئىنجىلنىڭ باشقا بۆلۈملىرىدىمۇ مەۋجۇتتۇر. (يۇھەننا، 1/1، 14) لېكىن دىققەت بىلەن قارىلىدىغان بولسا بۇ تېكىستلەرنىڭ مەنىسىدىن ئۈچ تەڭرى ياكى ئۈچ ئۇنسۇردىن تەشكىل تاپقان بىر تەڭرى چىقىرىش مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇنى ئىپادىلەش كېرەككى، ئەسلى ئۆزگەرتىلمىگەن ۋە قۇرئان كەرىمدە بىلدۈرۈلگەن خرىستىئانلىقنىڭ ئاساس كىتابى بولغان ئىنجىللادىمۇ توغرا ۋە چۈشىنىشلىك بىر دەلىل بولمىغان تەسلىس ئەقىدىسى، قانداق تەئۋىل قىلىنسا قىلىنسۇن ياكى خرىستىئانلار تەرىپىدىن قانداق شەكىلدە ئىزاھلانسا ئىزاھلانسۇن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئاخىرقى دىن بولغان ئىسلام كەلتۈرگەن «تەۋھىد» ئەقىدىسىگە ھېچ ماس كەلمەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، خرىستىئانلارنىڭ تەڭرى ئۈچۈن قوللانغان «ئاتا» تەبىرىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بىر ئىپادىدۇر. چۈنكى ئىنسان نەزەرىدە ناچار تەسىر پەيدا قىلغان ئاتا سۈپەتلىرى بار. شۇنداقلا ئاتا چۈشەنچىسى، بىر ئىنسانى كەيپىيات بولغان جىنسى مۇناسىۋەتلەرنى، ئۆزىدىن كېيىن بىر ۋارىس قويۇش چۈشەنچىسى ۋە ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ، ئاللاھ تائالا پۈتۈن بۇ سۈپەتلەردىن پاكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىسىز ھالدا يارىتىشى پەۋقۇلاددە ئۇلۇغ بىر مۆجىزىدۇر. ئەمما بۇ ئەھۋال، ئۇنىڭ ئىلاھ بولۇشىنى تەقەززا قىلمايدۇ. چۈنكى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ ئاتىسىز يارىتىلغان ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ يارىتىلىشىدا بىر ئانا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئاتىسىز ھەم ئانىسىز يارىتىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بۇ سۈپەتتىن ۋە ھەزرىتى ھاۋۋانىڭ ئۇنىڭدىن يارىتىلغانلىقى سەۋەپتىن ئۇنىڭغا ئىلاھلىق نىسبەت قىلىنمىغان يەردە، ئىسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئىلاھلىق نىسبەت قىلىنمايدۇ. ئۇنداقتا ئاللاھ تائالا، توي قىلمىغان بىر قىزدىن

ئاتىسىز ھالدا بىر بوۋاق ياراتقان بولسا، ئۇ بوۋاققا ئەمەس ئۇنى ياراتقان ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش كېرەك.

ئىسلام، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن، ھېچبىر مەخلۇققا ئوخشىمىغان، ھەر تۈرلۈك نوقسانلاردىن پاك، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان، ئەزىمەت ۋە قۇدرەت ئىگىسى ۋە يېگانە ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئېلان، قىسقا بىر شەكىلدە ئىخلاس سۈرىسىدە بايان قىلىنىدى:

قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ  اللَّهُ الصَّمَدُ  لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ  وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ

"(ئى مۇھەممەد!) **ئېيتقىنكى، ئۇ ـ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.**" (سۈرە ئىخلاس، 1-ئايەتتىن 4-ئايەتكىچە)

بۇ قىسقا سۈرە، تەۋھىدنىڭ پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرىنى خۇلاسىلاپ بەرگەن بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈمگە ئوخشاش سۈپەتلەرگە ئىگە چەكلىك بىر مەۋجۇداتنىڭ ئۇلۇھىيىتى بىلەن بىر مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش ۋە تەسلىس ئەقىدىسىنىڭ ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە كۇپايىدۇر.

بۇ جەھەتتىن ئاللاھ تەسلىس ئەقىدىسىدىكىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّ اللّهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ وَقَالَ الْمَسِيحُ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اعْبُدُواْ اللّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ إِنَّهُ مَن يُشْرِكْ بِاللّهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللّهُ عَلَيهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ

**"شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ئىسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن** (يەنى ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)**، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار** (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) **بولمايدۇ» دېدى."** (سۈرە مائىدە، 72-ئايەت)

لَّقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّ اللّهَ ثَالِثُ ثَلاَثَةٍ وَمَا مِنْ إِلَهٍ إِلاَّ إِلَهٌ وَاحِدٌ وَإِن لَّمْ يَنتَهُواْ عَمَّا يَقُولُونَ لَيَمَسَّنَّ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ

**"ئاللاھ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار** (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) **قاتتىق ئازابقا قالىدۇ."** (سۈرە مائىدە، 73 - ئايەت)

أَفَلاَ يَتُوبُونَ إِلَى اللّهِ وَيَسْتَغْفِرُونَهُ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

**"ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلمامدۇ؟ ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ ئاللاھ** (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) **ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر."** (سۈرە مائىدە، 74 - ئايەت)

مَّا الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ إِلاَّ رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ الرُّسُلُ وَأُمُّهُ صِدِّيقَةٌ كَانَا يَأْكُلاَنِ الطَّعَامَ انظُرْ كَيْفَ نُبَيِّنُ لَهُمُ الآيَاتِ ثُمَّ انظُرْ أَنَّى يُؤْفَكُونَ

**"مەريەم ئوغلى ئىسا پەقەت** (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) **پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل خوتۇندۇر، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى** (يەنە ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى)**. ئۇلارغا** (يەنى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىللىقىغا) **ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغا قارىغىن."** (سۈرە مائىدە، 75 - ئايەت)

ئايەتتە دېيىلگەن «ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى» ئىپادىسى ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئانىسىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ تاماق يېيىشى، ئۇلارنىڭ ئاچلىق ۋە توقلۇققا ئوخشاش ئىنسانى خۇسۇسىيەتلىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. جانانى ئاللاھ بۇ خىل سۈپەتلەردىن پاكتۇر.

شۇنداق بولسىمۇ ئەھلى كىتابنىڭ ئۇلارغا ئۇلۇھىيەتنى نىسبەت قىلغان ئەقىدىگە مايىل بولۇشى، پۈتۈنلەي نادانلىقى ۋە غەپلىتى تۈپەيلىدىندۇر. ھەزرىتى

ئىسا بۇ ھەقتە ئەھلى كىتابقا ئەڭ كىچىك بىر يوچۇقمۇ قويمىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

يَوْمَ يَجْمَعُ اللّهُ الرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَا أُجِبْتُمْ قَالُواْ لاَ عِلْمَ لَنَا إِنَّكَ أَنتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ

**"ئاللاھ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «**(قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىڭلاردا) **قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «**(سېنىڭ بىلگىنىڭگە سېلىشتۇرغاندا) **بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن» دەيدۇ."** (سۈرە مائىدە، 109 - ئايەت)

وَإِذْ قَالَ اللّهُ يَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ أَأَنتَ قُلتَ لِلنَّاسِ اتَّخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَهَيْنِ مِن دُونِ اللّهِ قَالَ سُبْحَانَكَ مَا يَكُونُ لِي أَنْ أَقُولَ مَا لَيْسَ لِي بِحَقٍّ إِن كُنتُ قُلْتُهُ فَقَدْ عَلِمْتَهُ تَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِي وَلاَ أَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِكَ إِنَّكَ أَنتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ

**"ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن."** (سۈرە مائىدە، 116 - ئايەت)

مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلاَّ مَا أَمَرْتَنِي بِهِ أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمْ

**"مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرىغان سۆزنى، يەنى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم."** (سۈرە مائىدە، 117 - ئايەت)

ئەقىل ئىگىلىرى، ھەزرىتى ئىسانىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللاردا تېخى دۇنياغا كەلمىگەن بولۇپ، مىلادىدىن كېيىن تۇغۇلغىنىغا قارىغاندا، ئاللاھقا كېيىن قوشۇلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يۇھەننا ئىنجىلىدا ئۇنىڭغا «ئى

رەببىم!» دەپ خىتاپ قىلىنغان ھەزرىتى ئىساغا نىسبەتەن قىلىنغان ئىلاھلىق قۇدرىتى، ئىنسانلار تەرىپىدىن كىرستقا باغلانغۇدەك ئاجىز بىر سۈپەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىنجىللاردا ھەزرىتى ئىسانىڭ خالىمىغان بىر شەكىلدە ئېسىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بار. بۇ جۈملىلەرگە قارىغاندا ھەزرىتى ئىسا ئېسىلىشقا ئىلىپ مېڭىلغاندا:

«ئى رەببىم، مېنى نېمە ئۈچۈن تاشلىۋەتتىڭ؟» (ماتتا 27، 46) دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىغان.

بۇ ئىپادىلەر، ئاجىز ۋە ئىسيان بىلەن تولغان ئىنسانى ئاجىزلىق سۈپەتلەر ئەمەسمۇ؟

ئىسلام دىنى تەۋھىدكە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ، تەۋھىدكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ كىچىك ئەھۋاللارنىمۇ شېرىك دەپ سۈپەتلەندۈرىدۇ. بىر مىسال كەلتۈرىدىغان بولساق، بىر كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ كەتكىنىدە «نەفسى خائىشىنى ئىلاھ قىلىۋالدى» (سۈرە فۇرقان، 43 ـ ئايەت) ھۆكمىنى بېرىدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ ھالال قىلغىنىنى ھارام، ھارام قىلغىنىنى ھالال قىلغانلارنى «رەبلەر»، ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇلىرىغا ئەگەشكەنلەرنى بولسا «بۇلارنى رەب قىلغان كىشىلەر» دەپ سۈپەتلەيدۇ. ئىبادەتلەردە باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەرنى يەنى رىياخورلۇقنىمۇ مەخپى شېرىك دەپ زىكىر قىلىدۇ.

تەۋھىد ھەققىدە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن قۇرئان كەرىم، خرىستىئانلىقنىڭ باتىل تەسلىس ئەقىدىسىنى شىددەت بىلەن رەت قىلىپ، ئۇنىڭ كۇفۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تالا ئەڭ ئاخىرقى ئىلاھىي كىتاب بولغان قۇرئان كەرىم تەسلىس ئەقىدىسىگە ئىگە بولغان ئەھلى كىتابنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لاَ تَغْلُواْ فِي دِينِكُمْ وَلاَ تَقُولُواْ عَلَى اللّهِ إِلاَّ الْحَقِّ إِنَّمَا الْمَسِيحُ
عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ رَسُولُ اللّهِ وَكَلِمَتُهُ أَلْقَاهَا إِلَى مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِّنْهُ فَآمِنُواْ بِاللّهِ وَرُسُلِهِ
وَلاَ تَقُولُواْ ثَلاَثَةٌ انتَهُواْ خَيْرًا لَّكُمْ إِنَّمَا اللّهُ إِلَـهٌ وَاحِدٌ سُبْحَانَهُ أَن يَكُونَ لَهُ وَلَدٌ لَّهُ مَا
فِي السَّمَاوَات وَمَا فِي الأَرْضِ وَكَفَى بِاللّهِ وَكِيلاً

**"ئى ئەھلى كىتاب!** (يەنى ناسارالار جامائەسى) **دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق** (سۆز) **دىن باشقىنى ئېيتماڭلار** (يەنى ئاللاھقا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار)**. مەسىھ ئىسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر** (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)**، مەريەمگە ئاللاھنىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر** (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىز، ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)**، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار،** (ئاللاھ، ئىسا، مەريەمدىن ئىبارەت) **ئۈچتۇر دېمەڭلار،** (ئاللاھ ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) **قايتىڭلار،** (بۇ) **سىلەرگە پايدىلىقتۇر، ئاللاھ پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن ئاللاھ پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر** (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر)**، ئاللاھ يېتەرلىك ھامىيدۇر."** (سۈرە نىسا، 171 - ئايەت)

لَّن يَسْتَنكِفَ الْمَسِيحُ أَن يَكُونَ عَبْداً لِّلّهِ وَلاَ الْمَلآئِكَةُ الْمُقَرَّبُونَ وَمَن يَسْتَنكِفْ عَنْ عِبَادَتِهِ وَيَسْتَكْبِرْ فَسَيَحْشُرُهُمْ إِلَيهِ جَمِيعًا

**"مەسىھمۇ،** (ئاللاھقا) **يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىملەركى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن،** (بىلسۇنكى) **ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى** (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) **ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ."** (سۈرە نىسا، 172 - ئايەت)

لَّقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَآلُواْ إِنَّ اللَّهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ قُلْ فَمَن يَمْلِكُ مِنَ اللَّهِ شَيْئًا إِنْ أَرَادَ أَن يُهْلِكَ الْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَأُمَّهُ وَمَن فِي الأَرْضِ جَمِيعًا وَلِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا يَخْلُقُ مَا يَشَاء وَاللّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

**"مەريەم ئوغلى مەسىھ** (يەنى ئىسا) **ئاللاھدۇر دېگەن كىشىلەر** (يەنى ناسارالارنىڭ بىر پىرقىسى) **ھەقىقەتەن كاپىر بولدى.** (ئى مۇھەممەد!) **ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ مەريەم ئوغلى مەسىھنى، مەسىھنىڭ ئانىسىنى**

**(يەنى مەريەمنى) ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھ** (نىڭ ئىرادىسى) **دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟» ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ خالىغىنىنى خەلق ئېتىدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر."** (سۈرە مائىدە، 17 - ئايەت)

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ قارىشىچە ھەزرىتى ئىسانىڭ ئۇلۇھىيەتى ھەققىدىكى بۇ پىكىر، خرىستىئانلىققا، يۇنان، ئىسكەندىرىيە ۋە ھىند پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا كىرگەن.

شۇنىڭدەك برىتانچە ئېنسىكلوپېدىيەدە مۇنداق دېيىلگەن:

«ئىسا دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئىلگىرى سۈرمىدى، ئىنسان تەبىئىتىدىن ئۈستۈن بىر تەبىئەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتمىدى.»(ج. 5. ب. 636)

ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«تىڭشا ئى ئىسرائىل! ئاللاھىمىز رەب، بىر بولغان رەبتۇر.» (ماركوس، 12، 29. قاراڭ. ماتتا 23، 8؛ لۇقا، 13،33)

يەنە باشقا يەرلەردە مۇنۇ ئىپادىلەر مەۋجۇت:

«ھەممەيلەننى بىر قورقۇنچ باستى ۋە ئارىمىزدىن بۈيۈك بىر پەيغەمبەر چىقتى دېيىشتى.» (لۇقا، 7/16)

«ئەمدى ئىسا كۆرسەتكەن ئالامەتلەرنى خەلق كۆرۈپ دۇنياغا كېلىدىغان پەيغەمبەر دەل ئۆزى دېيىشتى.» (يۇھەننا، 6/14)

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەسلىدە خرىستىئانلارنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىكى ماتېرىياللارمۇ ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇلۇھىيەت بىلەن بىر ئالاقىسىنىڭ يوقلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتىدۇ. ئەمما پاۋلوسقا ئوخشاش مەككار دىن ئادەملىرى دىنى تون ئىچىگە كىرىۋېلىپ، دىنغا دۈشمەنلىك قىلدى ۋە ھەزرىتى ئىسا ھەققىدە ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپلا قالماستىن، سان ـ ساناقسىز خاتا چۈشەنچىلەر بىلەن ئۇلارنى ئالداپ ئازغۇنلۇققا باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ يەنە بوگۈنكى خرىستىئانلار ئۆزىنى ئالدىغان ھالدا ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن قۇللىرى ئىكەنلىكىنى ۋە جەننەتكە يالغۇز ئۆزىنىڭ كىرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانلىرىنى جانابى ئاللاھ مۇنداق جاۋاپلاندۇرىدۇ:

وَقَالُواْ لَن يَدْخُلَ الْجَنَّةَ إِلاَّ مَن كَانَ هُوداً أَوْ نَصَارَى تِلْكَ أَمَانِيُّهُمْ قُلْ هَاتُواْ بُرْهَانَكُمْ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ

"**ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم** (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) **ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىشتى. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. «ئەگەر** (سۆزۈڭلاردا) **راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دېگىن."** (سۈرە بەقەرە، 111 - ئايەت)

وَقَالَتِ الْيَهُودُ وَالنَّصَارَى نَحْنُ أَبْنَاء اللّهِ وَأَحِبَّاؤُهُ قُلْ فَلِمَ يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُم بَلْ أَنتُم بَشَرٌ مِّمَّنْ خَلَقَ يَغْفِرُ لِمَن يَشَاء وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاء وَلِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَإِلَيْهِ الْمَصِيرُ

"**يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز** (يەنى ئاتا - بالىدەك يېقىنمىز) **ۋە** (بىز ئاللاھنىڭ دىنىدا بولغاچقا) **دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى،** «(ئۇنداق بولسا) **ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسانسىلەر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر."** (سۈرە مائىدە، 18 - ئايەت)

✿

خرىستىئانلار دۇچار بولغان بۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭمۇ يەھۇدىلارغا ئوخشاش ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن ئىلاھىي كىتابنى ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن ئۆزگەرتكەنلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسىنى ئىنسانى ئارزۇلار بىلەن ئۆزگەرتكەنلىكىدۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش نەپسىگە تېخىمۇ جەلىپ قىلارلىق كۆرۈندى ۋە قىلغان گۇناھىنى ئىلاھىي كىتابىغا داخىل قىلغان ھالدا قانۇنلۇق كۆرستىش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈردى، ئەمما بۇ ئەھۋال

تەبئىي ھالدا ئاخىرەت سائادىتىدىن مەھرۇم قىلىشقا سەۋەپ بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىلاھىي رەھمىتى بولغان ھالدا پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىمۇ ئۇلارغا ھېچ كار قىلماس دەرىجىدە ئازغۇنلۇققا پېتىپ كەتكەن ئەھلى كىتابنىڭ ھالى نېمىدېگەن يامان!

نەجران خرىستىئانلىرىدىن بىر ھەيئەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «قۇرئان كەرىمدە ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاتىسىز تۇغۇلغانلىقىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا قارىغاندا ئۇ ئاللاھتۇر!» دېدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى:

فَمَنْ حَآجَّكَ فِيهِ مِن بَعْدِ مَا جَاءكَ مِنَ الْعِلْمِ فَقُلْ تَعَالَوْاْ نَدْعُ أَبْنَاءنَا وَأَبْنَاءكُمْ وَنِسَاءنَا وَنِسَاءكُمْ وَأَنفُسَنَا وأَنفُسَكُمْ ثُمَّ نَبْتَهِلْ فَنَجْعَل لَّعْنَةُ اللّهِ عَلَى الْكَاذِبِينَ

**"سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقىي مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى» دېگىن."** (سۈرە ئال ئىمران، 61 - ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا نەجرانلىق خرىستىئانلار بۇنىڭغا يېقىنلاشمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنى قوبۇل قىلغان بىر كېلىشىم تۈزگەن ھالدا مەملىكىتىگە قايتتى.

ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لِمَ تَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللّهِ وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ

**"ئى ئەھلى كىتاب! ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى** (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى) **بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئىنكار قىلىسىلەر؟"** (سۈرە ئال ئىمران، 70 - ئايەت)

يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لِمَ تَلْبِسُونَ الْحَقَّ بِالْبَاطِلِ وَتَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ

**"ئى ئەھلى كىتاب! نېمە ئۈچۈن ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرىسىلەر ۋە بىلىپ تۇرۇپ ھەقنى** (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابلىرىڭلاردىكى سۈپىتىنى) **يوشۇرىسىلەر؟"** (سۈرە ئال ئىمران، 71 - ئايەت)

قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ لِمَ تَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللّهِ مَنْ آمَنَ تَبْغُونَهَا عِوَجًا وَأَنتُمْ شُهَدَاء وَمَا اللّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ

"(ئى مۇھەممەد!) **ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب!** (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىغا) **شاھىت بولۇپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ يولىنى ئەگرى كۆرسىتىشنى قەستلەپ، مۆمىنلەرنى ئۇنىڭدىن توسىسىلەر؟ ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر»"** (سۈرە ئال ئىمران، 99 - ئايەت)

خرىستىئانلارنىڭ، ئايىتى كەرىمىلەردە ئىپادىلەنگەن كۆرۈپ بىلگەن ھەقىقەت، ئۆز دىنىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ ئەسلىدىن يىراقلاشقانلىقى، بۇ سەۋەپتىن ئاخىرقى ئىلاھىي كىتاب بولغان قۇرئان كەرىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىدۇر. ئۇلار بۇنى ئوچۇق ئېيتمىسىمۇ ئاللاھ تائالا ئوچوق شەكىلدە بايان قىلىدۇ:

الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءهُمْ وَإِنَّ فَرِيقاً مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ

**"بىز كىتاب بەرگەنلەر** (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) **ئۇنى** (يەنى پەيغەمبەرنى) **ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ."** (سۈرە بەقەرە، 146 - ئايەت)

إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِن بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلعَنُهُمُ اللّهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللَّاعِنُونَ

**"بۇ كىتابتا** (يەنى تەۋراتتا) **كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان** (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست

پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) **روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ** (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ **لەنەت قىلغۇچىلار** (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر) **مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ."** (سۈرە بەقەرە، 159 - ئايەت)

ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا مەقبۇل دىن بولغان ئىسلامدىن يىراق بولغان ئەھلى كىتابنىڭ ھالىغا ۋاي! لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلۇغ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپ ئاللاھقا ھەقىقى مەنىدە يۈزلەنگەنلەر بولسا نېمىدېگەن بەختلىك! شۇنىڭدەك ئايەتتە ئەھلى كىتابنىڭ، ئاخىرقى زاماندا ھەزرىتى ئىسانىڭ يەر ـ يۈزىگە چۈششى بىلەن بىرلىكتە ئىمان ئېيتىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ:

وَإِن مِّنْ أَهْلِ الْكِتَابِ إِلاَّ لَيُؤْمِنَنَّ بِهِ قَبْلَ مَوْتِهِ وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكُونُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا

**"ئەھلى كىتابتىن** (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) **ھەر قانداقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا** (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) **ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار** (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)**غا گۇۋاھ بولىدۇ."** (سۈرە نىسا، 159 - ئايەت)

خرىستىئانلارنىڭ بۈگۈنكى ئۆز ئىچىدە مەۋجۇت بولغان ئازغۇنلۇقىنى تەرك ئېتەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئىنجىللارنىڭ ماھىيىتىدۇر. ئۇلارنى يازغانلار ئىنجىللارنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە شۇنداق ھالغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ھەقىقى ئىنجىلنى ئەۋەتكەن ئاللاھ:

فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَذَا مِنْ عِندِ اللّٰهِ لِيَشْتَرُواْ بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَّهُمْ مِّمَّا يَكْسِبُونَ

**"كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش** (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئىتى) **ئۈچۈن، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي! قولى بىلەن يازغانلىرى** (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) **ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي!** (بۇنىڭ بىلەن) **ئېرىشكەن** (ھارام) **نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي."** (سۈرە بەقەرە، 79 - ئايەت)

ئىلاھىي كىتابقا ئارىلىشىش مەسلىسى پەيغەمبەرلەرگىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان ئىلاھىي چەكلىمىدۇر. شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى ئىلاھىي ئەمىر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ فَمَا مِنكُم مِّنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ

**"ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسى قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى."**
(سۈرە ھاققە، 44-ئايەتتىن47-ئايەتكىچە)

يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ:

إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللّٰهِ الإِسْلاَمُ

**"ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى)دۇر."**
(سۈرە ئال ئىمران، 19-ئايەت) دېيىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى ۋە ھەق دىن بولغان ھالدا ئىسلامنىڭ ھۆكمىنىڭ قىيامەتقىچە داۋاملىششىنى ئىرادە قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن بىر دىن كەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتىن قۇرئان كەرىم، ئىنسانى غەيرەتلەرگە قارشى ئىلاھىي بىر ھىمايە ئاستىدىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ

**"قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز."**
(سۈرە ھىجر، 9-ئايەت)

### تۆت ئىنجىلنىڭ ماھىيىتى

جانابى ئاللاھنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن ئىنجىل-شېرىپ بولسا ئەلبەتتە ھەقتۇر ۋە ھەر مۆمىننىڭ «ئامەنتۇ» ئاساسلىرى ئىچىدە ئىپادىلەنگەن «ۋە كۇتۇبىھى» (ۋە كىتابلىرىغا ئىشەندىم) ھەقىقىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەزى بايانلاردىن بۇرۇن **«تەۋراتتا ۋە ئىنجىلدىمۇ يازغىنىمىزدەك.»** دېگەن ئىپادىلەر بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى ئىنجىل (يەنى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلمىگەن) قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىر ھىدايەت كىتابىدۇر.

ھەرخىل ۋەسىيلە بىلەن باشتا ئېيتقىنىمىزدەك خرىستىئان چىركاۋى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە ئۆگەتكەنلىرى ھەققىدە ناھايىتى جىددى بىر ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. بۇ يۇناشنىڭ تۈنجى بولۇپ كېسىلگەن ئاساسلىق گەۋدىسى، دىنىنىڭ ئاساسى بولغان تەۋھىد ئەقىدىسى، خرىستىئانلىقتىن چىقىرىلدى.

بۈگۈنكى خرىستىئانلىقتىكى ۋەھيي سىستېمىسى، ئىسلامغا زىت بولغان ھالدا، خرىستىئانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خىيال قىلغىنىنىڭ ئەكسىچە ۋاستىلىق بىر شەكىلدە نەقىل قىلىنغان بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ يالغانلىرىدىن ئىبارەت. خرىستىئان ئالىملىرىمۇ قوبۇل قىلغىنىدەك، بۈگۈن خرىستىيانلىق، ئىسا ئەلەيھىسسالام ياشىغان زامانغا ئائىت ۋە ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىنغان توغرا بىر ئىلىمگە ئىگە ئەمەستۇر.

ھەقىقەتەن بۈگۈن كىتابى مۇقەددەستىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى، ھەزرىتى ئىسادىن بۇرۇنقى زامانغا ئائىت كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قەدىمقى ئاھىد» بۆلىمىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ئىبرانىچە، ھەزرىتى ئىسادىن كېيىن زامانغا ئائىت بولغان كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «يېڭى ئاھىد» بۆلىمىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ يۇنانچە (گىرىكچە) ئىكەنلىكىدۇر. ھالبۇكى، بۇ بۆلۈمنىڭمۇ ئەسلى نۇسخىسى ئىبرانىچە ئىدى. يۇنانچە تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئىنجىللارنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يوقتۇر. بۇ ئەھۋالدا ئەسلى نۇسخىسى بولمىغان ھالدا تەرجىمە قىلىنغان بۇ كىتابقا، ئەسلى نۇسخىسىغا مۇۋاپىق تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى جەزىم قىلىش خاتادۇر.

ھازىر مەۋجۇت بولغان ئىنجىللارنىڭ ماتتادىن باشقا ئەڭ بۇرۇنقى نۇسخىلىرى يۇنانچىدۇر. خرىستىئان مەنبەلىرى ھەزرىتى ئىسانىڭ ئىبرانىچە، ئارامىچە سۆزلەشكەنلىكىنى، تەبلىغىنى بۇ تىلدا قىلغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ. ئۇ ھالدا ئىنجىللارنىڭ تىلى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ھېچ بولمىغاندا ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ھەزرىتى ئىسانىڭ تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇشى ۋە مۇھاپىزەت قىلىنىشى كېرەك ئىدى. بۈگۈن مەيلى ئىنجىل بولسۇن ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بولسۇن ھېچبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا تىلى بىلەن يېزىلمىدى.

تۇنجى ئىنجىل نۇسخىلىرى ئىبرانىچە يېزىلغان بولسىمۇ يوقاپ كېتىشى ۋە باشقا ئىبرانىچە يېزىلغان ئىنجىللارنىڭ يۇنانچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئىبرانىچە نۇسخىلىرىنىڭ يوقۇتۇلىشى، ھەتتا «يېڭى ئاھىد» بىلەن «قەدىمقى ئاھىد»نىڭ يۇنانچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كىتابى مۇقەددەسنىڭ يەنى مۇقەددەس كىتابنىڭ پۈتۈنلەي يۇنانچە يېزىلىشى، يۇنان مەدىنىيىتىنىڭ خرىستىئان مەدىنىيىتىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا خرىستىئانلىقتىن بۇرۇنقى يۇنان پەلسەپىسىگە ئوخشاش يۇنان مەدىنىيىتىمۇ تەبىئى شەكىلدە بۇ دىننى تەسىر ئاستىغا ئالدى، ئۇنى ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تەۋھىد ئەقىدىسىنى يوقاتتى. بۇ سەۋەپتىن قۇرئان كەرىمدە:

فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَذَا مِنْ عِندِ اللّهِ لِيَشْتَرُواْ بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَّهُمْ مِّمَّا يَكْسِبُونَ

**"كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئىتى) ئۈچۈن، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي! قولى بىلەن يازغانلىرى** (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) **ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي!** (بۇنىڭ بىلەن) **ئېرىشكەن** (ھارام) **نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي."** (سۈرە بەقەرە، 79-ئايەت)

يەنە بۇ سەۋەپتىن توغرا ئىلىم دەپ قارالغان ھەقىقەتلەر بىلەن بۈگۈنكى ئىنجىللار ئارىسىدا قارىمۇ-قارشىلىقلار مەۋجۇت. شۇنىڭدەك يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆگىنىپ، بۇنىڭغا قانائەت ھاسىل قىلغان گالىلى، بۇ ھەقىقەتنى ئەتراپىدىكىلەرگە ئېيتقاندا چېركاۋ تەرەپدارلىرى، ئىنجىلدىكى ئۇقۇملارغا زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن قارشى چىقتى ۋە ئۇنىڭغا:

«ئېيتقانلىرىڭدىن ۋاز كەچمەيدىغان بولساڭ سېنى ئۆلتۈرىمىز!» دېيىش ئارقىلىق تەھدىت قىلدى.

ھەقىقەتنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن تەھدىت قىلىنغان گالىلى بولسا ئامالسىز:

«دېگىنىڭلاردەك بولسۇن!» دېدى. ئۇنىڭغا جازا بېرىلگەندە، پەقەتلا:

«سىلەر ئايلانمايدۇ دېسەڭلارمۇ يەر شارى يەنىلا ئايلىنىدۇ!» دەپ پىچىرلاشتىن باشقا بىر ئىش قىلالمىدى.

بۇ قارىمۇ ـ قارشىلىقتىن ئىنجىللارنىڭ ئىچىدىكى زىتلىقلارنى يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، خرىستىئانلىققا ئائىت دىنى ئىلىملەر پەقەت قولىيازمىلار ۋە ئومۇمەن قىلىپ ئېتىقاتاندا تاللانما پارچىلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. ئىنجىللەرنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈن ھالدا ئوقۇلمايدۇ. ھەتتا مەزھەپ ۋە جامائەتلەرگە قاراپ كىتاب تاللىنىدۇ. بۇ ئەھۋال، ھەقىقى ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، مۇقەددەس كىتاب ئابزاسلىرىنىڭ نەقىل جەھەتتىن ئەسلىسىز ئىكەنلىگىنى قوبۇل قىلىشتىن باشقا مەنتىقى بىر يولى يوق.

شۇنىڭدەك ئە. ژاكوب، ئىنجىللاردىكى رىۋايەتلەرنىڭ خاتىملىرى چۆچەك شەكلىنى ئالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مائۇرىكە بۇكائىللەمۇ مۇنداق دەيدۇ:

«كىتابى مۇقەددەس، بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن تېكىستلىرى خالىغانچە ئۆزگەرتىلىپ، بىزگە قويۇپ كېتىلگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابلارنىڭ قەلەمگە ئېلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئاساس مەزمۇنلارغىمۇ ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىدى. بۇ كىتابلار، ئىنسانلار تەرىپىدىن نۇرغۇن قېتىم ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، كۆپلىگەن ئۆزگەرتىشلەرگە ئۇچرىدى. شۇڭا سان ـ ساناقسىز خاتالىقلارنىڭ تەھلىل قىلىنىشى قىيىندۇر. ھەممىسى سۆكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يازغان كىتابلىرىمۇ مۇنداق خاتالىقتىن خالى بولغان يەردە، مۇقەددەس دەپ قارالغان بىر كىتاب ئۈچۈن تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋالدۇر!»

بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغانلار بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ئەۋەتكەن كىتابلاردىن بىرى بولغان ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بايان قىلىشى كۇپايىدۇر. شۇنىڭدەك ئاللاھ، ھەم بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىش ھەمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى ئوخشاش غەپلەت ۋە ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

مِنَ الَّذِينَ فَرَّقُوا دِينَهُمْ وَكَانُوا شِيَعًا كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ

**"سىلەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ، ھەرپىرقە ئۆز دىنى بىلەن خوشاللىنىدىغانلاردىن (بولماڭلار)."** (سۈرە رۇم، 32 ـ ئايەت)

بۇ باياندا ئىسلامدىن بۇرۇنقى پۈتۈن ئىلاھىي دىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ كىتابلىرىغا ئوخشاش، ئاللاھنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن دىن ۋە ئۇنىڭ

كىتابى بولغان ئىنجىلمۇ خرىستىيانلار تەرىپىدىن ئايەتتە ئىپادىلەنگەندەك ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. بۇ سەۋەپتىن بۇگۈنكى تۆت ئىنجىلنىڭ، ئەسلى ئىنجىل بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق.

## ماتتا

ماتتا، رىم ئىمپىراتورى ئۈچۈن باج-سېلىق يىغىدىغان بىر يەھۇدى بولۇپ، ئىنجىلنى يەھۇدى نەسىللىك خرىستىئان جامائەتى ئۈچۈن يازدى. بۇ ئىنجىلنىڭ مىلادىدىن كېيىنكى 65-يىلى يېزىلغانلىقى مەلۇم. بۇ ئىنجىل، بىر قاراشقا ھەزرىتى ئىسانىڭ ئىسرائىل تارىخىنى تاماملاش غايىسى بىلەن يېزىلدى. لېكىن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار، قولدىكى ماتتا ئىنجىلىنى يازغان شەخسنىڭ ماتتا ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسمى نامەلۇم بولغان بىر پەلەستىنلىك تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەقىقەتەن دىققەت بىلەن تەتقىق قىلىنىدىغان بولسا، بۇ ئىنجىل خرىستىئانلىقتىن كۆپرەك يەھۇدىلىك چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

باشقىچە ئېيتقاندا ماتتا ئىنجىلى يېزىلغاندا، ھاۋارىلاردىن بولمىغان ماركوسنىڭ يازغان ئىنجىلىدىن پايدىلىنىپ يېزىلدى. ئۆزى ھاۋارىلاردىن دەپ قوبۇل قىلىنغان ماتتانىڭ، ھاۋارىلاردىن بولمىغان باشقا بىرسىنىڭ يازغان ئىنجىلىدىن پايدىلىنىشى ھەقىقەتەن مەنىسىزدۇر. ئا. ترىكوت، بۇ ئىنجىل ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«يۇنان تونىغا ئورالغان بۇ كىتاب، گۆشى، سۆڭىكى ۋە روھى بىلەن يەھۇدىدۇر. ئۇنىڭدا يەھۇدىلىكنىڭ ئىزلىرى ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

## ماركوس

ماركوس، ئاۋۋال قىسقا بىر ئىنجىل يازغان بولۇپ كېيىن بۇنى كېڭەيتتى. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىنجىلنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى يوقاپ كەتتى. ماركوس يەنە قايتىدىن بۇرۇنقى توپلاملاردىن پايدىلانغان ھالدا ھازىرقى مەۋجۇت بولغان ماركوس ئىنجىلىنى يازدى. بۇ ئەھۋال ئالدىدا خرىستىئان يازغۇچىلىرىنىڭ، ئۇنى پەترۇس ۋە پاۋلوسنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ يازغان بۇ ئىنجىلنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىكاردۇر.

ھەقىقەتەن ماركوس ئىنجىلىنىڭ ھەقىقى مۇئەللىپى ھەققىدە ھەرخىل كۆزقاراشلار مەۋجۇت. بەزىلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىنجىلنى ماركوس ئەمەس، پەتروس يازغان.
ئەسلىدە ماركوس، ھەزرىتى ئىسانى كۆرمىدى ۋە ئۇنى ئىنگشاپمۇ باقمىدى. يازغانلىرى بولسا ئاڭلاپ، ئۆگەنگەنلىرى ۋە ئېسىدە قالغانلىرىدىن ئىبارەت. بۇلار تەرتىپسىز بىر شەكىلدە بولۇپ، سان ـ ساناقسىز خاتالىقلار بىلەن تولۇپ تاشقان. سۆز ۋە جۈملىلىرىدىكى ئىپادىلەش شەكىللىرىگە ھېچ ئەھمىيەت بەرمىگەن.
مىلادىدىن كېيىنكى 63 - 70 - يىللىرى ئارىسىدا يېزىلغانلىقى سۆزلەنگەن بۇ ئىنجىلنىڭ يازغۇچىسى ھەققىدە م. پ. روگۇئەت مۇنداق دەيدۇ:
«ماركوس نادان بىر يازغۇچىدۇر، پۈتۈن ئىنجىل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدۇر.

## لۇقا

بۇ ئۈچىنچى ئىنجىلنىڭ يازغۇچىسى لۇقانىڭ ئەسلى كەسپى دوختۇرلۇقتۇر. «راسۇللەرنىڭ ئىشلىرى» دېگەن كىتابنىمۇ بۇ كىشى يازغان.
لۇقا ئىنجىلنى يۇنانلار ئۈچۈن يازدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىنجىلى جىددى بىر شەكىلدە تارىخى خاتالىقلار بىلەن تولۇپ تاشتى. ئۇ ئىنجىلنى يازغاندا ماركوستىن پايدىلاندى، لېكىن ئىلاھي بولمىغان باشقا ئەسەرلەردىن، ھەتتا ئاغزاكى مەنبەلەردىنمۇ پايدىلاندى، نۇرغۇن مەسىلىلەر قوشۇلدى. بۇ سەۋەپتىن م.پ. كانىنگئەسسەر، ئۇنىڭ ھەققىدە: «ھەقىقى بىر رومانچى!» دېدى.
شۇنىڭدەك ئەسلى يۇنانلىق بولغان لۇقانىڭ، ھەزرىتى ئىسانى تەسۋىرلىگەندە، يۇنانلىق بىر تارىخچىنىڭ خىيالىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ يۇنانلىق بىر قەھرىماننى تەسۋىرلىگەندەك بىر ئۇسلۇپ قوللىنىشى ۋە كىتابىدىكى رومانچە مەنتىق، ئۇنىڭ ئىلاھي بىر كىتاب ئەمەسلىكىنى بىر قاراشتا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى لۇقا ئىنجىلىمۇ، ئىنسان غەيرىتى ئىلاھي ۋەھي ئورنىغا قويۇلغان كىتابتىن ئىبارەت.

## يۇھەننا

تۆتىنچى ئىنجىل يۇھەننانى، ھەزرىتى ئىسانىڭ يېقىن دوستى ۋە ھاۋارىلاردىن بولغان زەبەدە ۋە سالومە ئوغلى يۇھەننا يازدى. ئەمما تەتقىقاتچىلار،

بۇ ئىنجىلدىكى ئىسكەندىرىيە پەلسەپە مەكتىپىدىن ئېلىنغان ۋە ئاساسى يەنە يۇنان پەلسەپەسىگە تايانغان مەنتىق پىكرىنىڭ ئوچۇق كۆرۈلگەنلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ يۇھەننا ئىسىملىك باشقا بىرسى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى هاۋارى يۇھەننانىڭ يۇنان پەلسەپىسى بىلەن يېتىشىپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە قېلىپ ئۇنى ئىنجىلدە ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەستۇر. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىنجىلنى يازغان يۇھەننانىڭ غايىسىنىڭ هەزرىتى ئىسانىڭ ئۇلۇهىييىتىنى ئىسپاتلاشقا تىرىششى ئۇنىڭ روهۇللاهقا ئىمان ئېيتقان ھەقىقى بىر هاۋارى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مىلادىدىن كېيىنكى 90 - 110 - يىللىرى يېزىلغانلىقى پەرەز قىلىنغان يۇھەننا ئىنجىلىنىڭمۇ ۋەھىي بىلەن ھېچ بىر مۇناسىۋىتى يوق. بۇ ئىنجىلدە هاۋارىلەر، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا «ئى رەب!» شەكلىدە خىتاپ قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن يۇھەننا، خرىستىئانلىقنى ئۆزگەرتكەن يەھۇدى پاۋلوسنىڭ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان بىر كىشىدۇر. بۇ سەۋەپتىن م.پ. روگۇئەت، يۇھەننا يازغان بۇ ئىنجىل ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«سىنوپتىك ئىنجىللار (بىر-بىرىگە ئوخشاپ كەتكەن باشتىكى ئۈچ ئىنجىل، ماتتا، ماركوس ۋە لۇقا) ئىسانىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قوزغايدىغان، سۆز قىلىش ئۇسلۇبىغا يېقىن بىر شەكىلدە يازغان بولسا، يۇھەننادا ھەممە نەرسە (يازغۇچىنىڭ) تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنداقكى، بەزىدە ئۆزىمىزگە: «سۆزلىگەن ئىسامۇ؟ ياكى ئىنجىل يازغۇچىلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرى بىلەن كىڭەيتىلگەنمۇ؟» دەپ سوراشقا مەجبۇر بولىمىز!»

❀

ئىنجىللارنىڭ بۇ ئاجايىپ ئەھۋاللىرى، بەزى خرىستىئان دىنى ئالىملىرى تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنىدى:

مىلادى ئۈچۈنچى ئەسىردە مانىۋىيە مەزھىبىگە مەنسۇپ بولغان تائۇستە، ئىنجىللارنىڭ يازغۇچىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنجىللار ئىسا ياكى ئۇنىڭ هاۋارىلىرى تەرىپىدىن يېزىلماستىن بەلكى كۆپ زامان ئۆتكەندىن كېيىن نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى، بۇ كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ كۆرمىگەن نەرسىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، هېكايىلىرىنىڭ بېشىغا هاۋارىلارنىڭ ياكى ئۇلارغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويغانلىقىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ.»

ھەزرىتى ئىساغا نازىل بولغان، ھازىر قولىمىزدا يوق بولغان ھەقىقى ئىنجىلنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ مۇتتەقىلەرگە بىر ھىدايەت ۋە نەسىھەت كىتابى بولغانلىقىنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَقَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِم بِعَيسَى ابْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَآتَيْنَاهُ الإِنجِيلَ فِيهِ هُدًى وَنُورٌ وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ

**"ئۇلارنىڭ** (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) **ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى** (يەنى ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) **ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبن مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق،** (ئىنجىل) **ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر** (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)**، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند ـ نەسىھەتتۇر."** (سۈرە مائىدە، 46 - ئايەت)

ئاللاھ ئەھلى كىتابنى، دىنى بۇزۇلغاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى دىن بولغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمىرلىرىگە رىئايە قىلسا ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْكِتَابِ آمَنُواْ وَاتَّقَوْاْ لَكَفَّرْنَا عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلأدْخَلْنَاهُمْ جَنَّاتِ النَّعِيمِ

**"ئەگەر ئەھلى كىتاب** (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) (ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي) **ئىمان ئېيتسا ۋە** (ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن) **پەرھىز قىلسا ئىدى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىز چوقۇم كەچۈرەتتۇق، ئۇلارنى چوقۇم نازۇنېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزەتتۇق."** (سۈرە مائىدە، 65 - ئايەت)

❀

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ تۆت ئىنجىلدىن باشقا مەشھۇر بولغان بىر ئىنجىل بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «بارناباس» ئىنجىلىدۇر. بارناباس ھەزرىتى ئىسانىڭ ساھابىلىرىدىن بولۇپ، تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئىگە ئىدى. بۇ سەۋەپتىن تەۋھىد ئەقىدىسىنى مۇھاپىزەت قىلغان بارناباسچىلار بىلەن تەۋھىددىن ئايرىلىپ تەسلىس ئەقىدىسى بىلەن ئازغان پاۋلوسچىلار ئارىسىدا

قاتتىق كۈرەشلەر قىلىندى.

بارناباس ئىنجىلىنى باشقا ئىنجىللاردىن ئايرىغان پەرقلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. ھەزرىتى ئىسا تەڭرى ئەمەس، تەڭرىنىڭ ئوغلىمۇ ئەمەس. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىدۇر.

2. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق ئۈچۈن تاللىغان ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئەمەس بەلكى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدۇر.

3. ئىسا ئەلەيھىسسالام كرىستقا مىخلانمىدى.

4. كېلىشى ساقلىنىۋاتقان مەسىھ، فاراكلىت يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

## تۆت ئىنجىلدىكى زىتلىقلار

بۇ تېمىغا كىرىشتىن بۇرۇن شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يەرىيۈزىدىكى پۈتۈن دىنلاردىن پەقەت ئىسلام دىنىلا، خرىستىئانلىقنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى بولغان ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاتىسىز ھالدا، ئېپپەت ھايالىق، توي قىلمىغان بىر قىزدىن دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە، ھەزرىتى ئىسانىڭ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ بىر پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى، جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئىسلام، ھەزرىتى ئىسانىڭ تەبلىغ قىلغان ھەقىقى دىنىگە ھېچ بىر ۋاقىت ھۇجۇم قىلمىدى بەلكى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا، ئانىسى مەريەمگە ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. لېكىن بۇ يەردىكى قوبۇل ۋە ھۆرمەت ھەزرىتى ئىسا ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئۆزگەرتىلمىگەن ھەقىقى دىنىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

بۇ قىسقا ئەسلىمىدىن كېيىن ئەسلى خارەكتېرىنى يوقۇتۇپ قويغان كۈنىمىزدىكى ئىنجىللار ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

يېزىلىش تارىخى ھەققىدە بىرلىككە كېلىنگەن لېكىن ئىككىسىنىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ تۆت ئىنجىلنى، ئىسا ئەلەيھىسسالام كۆرۈپمۇ باقمىدى ۋە يازدۇرمىدى. شۇڭا ئۇلاردىكى سان-ساناقسىز خاتالىقلار، بىر-بىرى بىلەن بولغان زىتلىقلار كۆزدىن قاچمايدۇ. ھەقىقەتەن، ئىنسانلار تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە ئۇلۇغلۇقتىن ئايرىلغان ئىنجىللار، بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىلىملەر بىلەن تولدى.

بۇ ئىلىملەردىن مۇھىملىرىدىن بەزىلىرى مۇنۇلاردۇر:

* ئوخشاش بىر ۋەقە ھەرخىل ئىنجىللاردا ھەتتا بىر ئىنجىلنىڭ ئىچىدە ئىككى، ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھالدا زىتلىقلار بىلەن بايان قىلىندى. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بۇ شەكىلدە رىئاللىققا خىلاپ ھالدا بايان قىلمايدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر.

*ماركوس ۋە يۇھەننا ئىنجىللىرى، ھەزرىتى ئىسانىڭ نەسىبى ھەققىدە ھېچ بىر مەلۇمات بەرمىدى. ماتتا بىلەن لۇقا ئۇنىڭ نەسەبى ھەققىدە مەلۇماتلار بەردى. لېكىن ماتتا، ھەزرىتى ئىسادىن ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە 40 كىشىنى ساندى، لۇقا بولسا 55 كىشىنى سانايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە لۇقا ھەزرىتى ئادەمغىچە يەنە 20 كىشىنى قوشۇپ 75 كە چىقاردى. ماتتا بولسا ھەزرىتى ئىبراھىمدىن بۇرۇنقى نەسەبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچ بىر مەلۇمات بەرمىدى. (ماتتا، 1/17؛ لۇقا، 38 - 3/23)

ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىبىنى ماتتانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچىلىك 40 كىشىنى سانىشى، لۇقادا ئۆتكەن 15 كىشىنى ئۇنۇتۇپ قالغانلىقىدىن بولماستىن، ئىسىملار تەتقىق قىلىنغىنىدا، ھەممىسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكى ۋە ئوخشاش ئىسىملارنىڭ ئايرىم قاتاردا كەلگەنلىكى ئاسانلا كۆزگە چېلىقىدۇ.

بۇ زىتلىقلار بولسا، ئىنسانلار تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلاردىمۇ قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر نۇقساندىن ئىبارەت. پەيغەمبەرلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئىلاھىي كىتابلىرىنى كۆرگەن تۇرۇقلۇق يەنە (مۆجىزىۋى) دەلىلەر تەلەپ قىلغان ئىنسان ئوغۇللىرىنىڭ بۈگۈنكى دەلىلسىز، ئاساسسىز ۋە زىتلىقلار بىلەن تولۇپ تاشقان كىتابلارنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشىنى قانداق مۇلاھىزە قىلىش كېرەك؟

* ماتتا ئىنجىلگە قارىغاندا ھەزرىتى يەھيانىڭ "ئىليا" ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن، (ماتتا، 11/4) يۇھەننا ئىنجىلىدە ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىگەن. (يۇھەننا، 1/21)

* يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تونۇپ تونۇمايدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان ئىپادىلەر مەۋجۇت. يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ماتتا ۋە ماركوس تەپسىلى بايان قىلدى. يۇھەننا بولسا بىر ئىككى جۈملە بىلەن تۈگەتتى. (يۇھەننا، 30 - 19/28؛ ماتتا، 56 - 27/32؛ ماركوس، 41 - 15/33)

* ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاۋارىيلىرى بىلەن ئۇچرىششى ۋە ئۇلارنى يېنىغا ئېلىشى ھەققىدە يۇھەننا بىلەن باشقىلىرى ئارىسىدا بىر-بىرلىرىدىن يىراق ۋە پەرقلىق چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. (لۇقا، 5/1 - 17؛ يۇھەننا، 1/35 - 51؛ ماتتا، 4/18 - 22)

* ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇر ۋە ساي رايونىغا كەلگەندە، جىن چاپلىشىۋالغان قىزنى ساقايتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن ئايالنىڭ مىللىتى ۋە يۇرتى ھەققىدە ئوچۇق بىر شەكىلدە بىر-بىرلىرىگە زىت بولغان مەلۇماتلار مەۋجۇت. ئۇ ئايالنىڭ ماتتاغا نىسبەتەن كەنانلىق (ماتتا، 15/21 - 22)، ماركوسقا نىسبەتەن يۇنانلىق بولۇشى (ماركوس، 7/26) ئىلاھىي كىتاب دەپ ئاتالغان بۇ كىتابلار ئۈچۈن ناھايىتى كۆلكىلىك بىر ئىشتۇر. بىر ئىنسان تۇغۇلغان يېرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، پۈتۈن نوقسان سۈپەتلەردىن پاك بولغان ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى ياراتقان بىر مەخلۇقنىڭ يۇرتىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس!

بۇ ئەھۋال ئىنجىللارنى، بىر-بىرىدىن خەۋەرسىز كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە شەخسى ئارزۇسىغا تايىنىپ يازغان خىلمۇ-خىل زىتلىقلار بىلەن تولغان كىتابلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

* ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئىنجىللاردا ئۇلۇھىيەت بىلەن زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ كۆپلىگەن يەرلەردە «ئىنسان ئوغلى» ۋە «رەببىنىڭ قۇلى» دەپ زىكىر قىلىنىدۇ. (ماتتا، 12/17 - 18؛ ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى، 3/13، 4/27 - 28) بىر كىشى ھەم ئاللاھنىڭ ئوغلى ھەم ئىنسان ئوغلى بولۇشى قانداق ئىزاھلىنىدۇ؟ بۇ ئەھۋالدا پەقەت ئىنسان ئاللاھ بولۇشى كېرەك، بۇنىڭ مۇنازىرە قىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. چۈنكى ئاللاھ ياراتقۇچى، ئىنسان يارىتىلغۇچىدۇر.

بۇنى ھېس قىلغان خرىستىئانلار، ئىنجىللاردىكى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» ئىپادىسى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭغا (ھۇلۇل) ئەتكەنلىكىنى ۋە ئۇ يەرگە يەرلىشىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسانلارغا تەمەسسۇل يولى بىلەن (ئىنسان سۈرىتىدە) كۆرۈنگەنلىكىنى، بۇ سەۋەپتىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھلاشقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن بۇنى قوبۇل قىلىش، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ۋە پۈتۈن نوقسان سۈپەتلەردىن پاك خۇسۇسىيىتى بىلەن ھېچقاچان ماس كەلمەيدۇ.

يەنە ئىنجىللەردە «ئاللاھنىڭ ئوغلى» تەبىرى، باشقا خرىستىئانلار ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئىسا ئەلەيھىسسالام ھاۋارىيلىرىغا مۇنداق خىتاپ قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ:

«دۈشمەنلىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈڭلار! سىلەرگە زۇلۇم قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار! شۇنداق قىلساڭلار، ئاسماندىكى **ئاتاڭلارنىڭ ئوغۇللىرى** بولىسىلەر! » (ماتتا، 45 - 5/44، 6/1؛ لۇقا، 6/35)

يەنە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«كېلىشىم تۈزگۈچىلەر نېمىدېگەن بەختلىك! چۈنكى ئۇلار، **ئاللاھ ئوغلى** دەپ چاقىرىلىدۇ!» (ماتتا، 5/9)

خرىستىئان مەدەنىيىتىگىمۇ «ئاللاھ ئاتا» تەبىرى ئەكس ئەتكەن بۇ باتىل ئەقىدە، ئۆزى ھەققىدە قىلىنغان، ھەقىقەتلەرنى كۆزىدىن ساقلاش ماھىيىتىدىكى تەئۋىل پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلىغۇدەك ئوچۇقتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن خرىستىئانلار بۇ ئىپادىنى ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئۈستۈنلۈك سەۋەبى بولغان ھالدا زىكىر قىلىدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا قارىتا مۇنداق دەيدۇ:

وَقَالَتِ الْيَهُودُ وَالنَّصَارَى نَحْنُ أَبْنَاء اللّهِ وَأَحِبَّاؤُهُ قُلْ فَلِمَ يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُم بَلْ أَنتُم بَشَرٌ مِّمَّنْ خَلَقَ يَغْفِرُ لِمَن يَشَاء وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاء وَلِلّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَإِلَيْهِ الْمَصِيرُ

**"يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز** (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) **ۋە** (بىز ئاللاھنىڭ دىنىدا بولغاچقا) **دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «**(ئۇنداق بولسا) **ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسانسىلەر، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر."** (سۈرە مائىدە، 18 - ئايەت)

❁

ئىنجىللاردىكى زىتلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن بىر قىسمى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇتۇلغان كېچىسى مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرنى تۆت ئىنجىل تەپسىلى بايان قىلغان. ئەمما بۇ ۋەقەلەرمۇ تۆت ئىنجىلدا بىر-بىرىگە زىت هالدا بايان قىلىنغان بولۇپ، بىر ئىنجىلدا بايان قىلىنغان ۋەقە يەنە بىرسىگە ماس كەلمەيدۇ. (ماتتا، 56 - 26/47؛ ماركوس، 52 - 14/13؛ لۇقا، 22/47)

* هەزرىتى مەريەمنىڭ يولدىشى ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن يۈسۈف، لۇقا ئىنجىلىگە قارىغاندا هەلىنىنىڭ، ماتتاغا قارىغاندا ياقۇبنىڭ ئوغلىدۇر. (لۇقا، 3/23؛ ماتتا، 1/16)

ماتتا، ماركوس ۋە لۇقا ئىنجىللىرىدە هەزرىتى ئىسانىڭ هەزرىتى يەهيا تەرىپىدىن ۋاپتىز (مۇقەددەس سۇدا يۇيۇش) قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ، يۇهەننادا بولسا، ۋاپتىز ئىشىدىن هېچ خەۋەر بېرىلمەيدۇ. (ماتتا، 3/17؛ ماركوس، 12 - 1/9؛ لۇقا، 22 - 3/21)

* ماتتا، ماركوس ۋە لۇقا ئىنجىللىرىدا هەزرىتى ئىسانىڭ ئاساسلىق مەملىكىتى گالىي بولۇپ، يۇهەننا ئۇنى يەهۇدىيەلىك دېگەن. (ماتتا، 58 - 13/54؛ ماركوس، 6/4؛ لۇقا، 6/29؛ يۇهەننا، 4/3، 45، 43)

* ماتتا، ماركوس ئىنجىللىرىدە هەزرىتى ئىسانىڭ ۋەزىپىسىنىڭ هەزرىتى يەهيا زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن باشلانغانلىقى، يۇهەننادا بولسا زىندانغا تاشلانغاندىن بۇرۇن باشلانغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. (ماتتا، 17 - 4/12؛ ماركوس، - 1/14 15؛ يۇهەننا، 26 - 3/22، 3 - 4/1)

* هەزرىتى ئىسانىڭ تۇتۇلىشى، سوراققا تارتىلىشى، كرېستقا مىخلىنىشى، دەپنە قىلىنىشى، قەۋرىدىن تىرىلىپ چىقىشى ۋە هاۋارىلىرىغا كۆرۈنىشى، كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان مەلۇماتلارنىڭ بولۇشى، يەنە ئىلاهىي بىر كىتاب ئۈچۈن ئىزاهلىنىشى مۇمكىن بولمىغان زىتلىقلاردۇر. (ماتتا، 28 - 27. باپلار؛ ماركوس، 16 - 15. باپلار؛ لۇقا، 24 - 23. باپلار؛ يۇهەننا، 20 - 19. باپلار)

* يەنە بىر تەرەپتىن ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئېسىلغاندا ماتتا ۋە ماركوسقا قارىغاندا:

«ئاللاهىم، ئاللاهىم! نېمە ئۈچۈن مېنى تەرك ئەتتىڭ؟» دېگەن. (ماتتا، 27/46؛ ماركوس، 15/34) بۇ ئىپادە بىر پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ئەمەستۇر. چۈنكى بۇ تەڭرىگە بولغان قارشىلىق پوزىتسىيىسىنى نامايەن قىلىشتۇر. بۇ ئەهۋال خرىستىئانلىق ئىلگىرى سۈرگەن هەزرىتى ئىسانىڭ ئىنسانىيەتنىڭ گۇناهلىرىغا

كاپپارەت بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربانلىق قىلغان دېگەن چۈشەنچىسىگە زىتتۇر.

* ئىسا ئەلەيھىسسالام گادارالىقلارنىڭ ئۆلكىسىگە بارغاندا، ماتتاغا قارىغاندا جىن چاپلاشقان ئىككى مەجنۇن بىلەن ئۇچراشقان. ماركوس ۋە لۇقادا بىرسى بىلەن ئۇچراشقان. (ماتتا، 2/28؛ ماركوس، 2 - 5/1؛ لۇقا، 29 - 8/27)

يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ دەلىلىنى تەلەپ قىلغاندا ماركوستا «ئۇلارغا ئەسلا دەلىل كۆرسىتىلمەيدىغانلىقى» خەۋەر بېرىلگەن بولسا، ماتتادا «يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ دەلىلىنىڭ كۆرسىتىلىدىغانلىقى» ئېيتىلىدىلەنگەن. (ماتتا، 41 - 12/38؛ ماركوس، 12 - 8/11)

مانا شۇنىڭدەك ھەر خىل تارىخچىلاردەك پەرقلىق مەلۇماتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىقىلىپ قالغان بىر دىن! مانا بۈگۈنكى خىرىستىئانلىق!..

## خىرىستىئانلارنىڭ قارىشىچە ھەزرىتى ئىسانىڭ كرىستتا مىخلىنىشىنىڭ سەۋەپلىرى

خىرىستىئانلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاۋۋا ئانىمىز جەننەتتىكى چاغدا چەكلەنگەن مېۋىنى يېيىش ئارقىلىق گۇناھ قىلدى. (تەكۋىن، 3/24) بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ نەسلىدىن بولغان پۈتۈن ئىنسانلارنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈشكە مەھكۇم قىلدى. لېكىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، كرىستكە ئېسىلغان ھالدا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەپپارىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ يولدا جېنىنى پىدا قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزىگە مىراس قالغان بۇ گۇناھتىن قۇتۇلدى. (رىملىقلارغا مەكتۇپ، 26 - 3/23)

ئەسلىدە ئىشنىڭ مۇنداق ئەمەسلىكىنى ئاللاھ تائالا، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

وَبِكُفْرِهِمْ وَقَوْلِهِمْ عَلَى مَرْيَمَ بُهْتَانًا عَظِيمًا وَقَوْلِهِمْ إِنَّا قَتَلْنَا الْمَسِيحَ عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ رَسُولَ اللّٰهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَكِن شُبِّهَ لَهُمْ وَإِنَّ الَّذِينَ اخْتَلَفُواْ فِيهِ لَفِي شَكٍّ مِّنْهُ مَا لَهُم بِهِ مِنْ عِلْمٍ إِلاَّ اتِّبَاعَ الظَّنِّ وَمَا قَتَلُوهُ يَقِينًا

**"يەنە ئۇلارنىڭ كۇفرى** (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى) **ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن** (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)" **"يەنە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق**

**دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن** (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). **ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە پەقەت ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى** (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، **ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى** (مەسىلىسى) **دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ** (ئىشنىڭ ھەقىقىتى) **نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى."** (سۈرە نىسا، 156 - 157 - ئايەت)

بَل رَّفَعَهُ اللّٰهُ إِلَيْهِ وَكَانَ اللّٰهُ عَزِيزًا حَكِيمًا

**"بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر."** (سۈرە نىسا، 158 - ئايەت)

رىئاللىق شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاللاھ غەزىپىنى تىنىچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوغلىنى ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ قىلغان بىر خاتالىقى تۈپەيلىدىن ئۇنى ئۆلتۈرگەن دېگەندىن ئىبارەت بۇ ئەقىدە تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئەقىدە بولۇپ، باشقىسىغا ئائىت بولغان گۇناھنى ئۆلۈم ئارقىلىق تۆلىدى. بىر قۇلنىڭ گۇناھىنى باشقا بىر قۇلغا يۈكلىمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئاللاھنىڭ ئەۋەتكەن بىر دىنىدە مۇنداق بىر ئەقىدىنىڭ بولۇشى، پەقەت ئۇ دىنىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى خرىستىئانلار، دىنىغا دەۋەت قىلغاندا، ھەزرىتى ئىسانىڭ ئۆزىنى پىدا قىلغان ھالدا ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت غەپلەت ۋە ئاجىزلىقى بىلەن، ئەسلى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان خرىستىئانلىقنى، ئىنسان نەپسىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ.

شۇنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز ۋە سورىشىمىز كېرەككى، ئۇلار چەكلەنگەن بىر مېۋىنىڭ يېيىلگەنلىكىنى ئىنسانلىق جىنايىتى دەپ قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىنسانلىق شان-شەرىپىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن سان-ساناقسىز زۇلۇم، ئىنكار، ئىسيان ۋە تىلغا ئېلىنغۇسىز رەسۋالىقلارنى ئۆزىگە قانداقمۇ راۋا دەپ قارايدۇ؟! تارىختىكى نۇرغۇن مىسلىسىز جىنايەتلەر بىلەن بىرلىكتە كېيىنكى بوسنىيە قەتلىئامى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا خرىستىئانلارنىڭ

ئىنسانى جىنايەت ئۆتكۈزۈشى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ بۇ ۋەھشى قىرغىنچىلىقتا كۆز يۇمۇشى، پاپالىق ۋە پاترىكلىك مۇئەسسەسىلىرىنىڭ بۇ جىنايەتلەرنى جىم ـ جىت ئۆتكۈزۈۋېتىشى، بىر مەرھەمەت پەيغەمبىرى بولغان ھەزرىتى مەسىھنىڭ مەنسۇپلىرى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغانلىقى بىلەن ماسلىشامدۇ؟ ئۆزىنىڭ مەنسۇپلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھامىلدار ئاياللارنىڭ قورساقلىرىنى يېرىپ، نارىسىدە بوۋاقلارنىڭ قانلىرىنى ۋەھشىلەرچە ئېقىتىشى ئېغىر جىنايەت ئەمەسمۇ؟

لېكىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ تاللانغان ۋە ئالاھىدە بىر ئورۇنغا ئىگە بولغان گۈزەل ئەخلاقنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن، ئاللاھ ئالدىدا ھەممە نېمىسى بىلەن مەقبۇل، ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ تائالا تاللىغان ۋە ياخشى كۆرگەن ئۇلۇغ بىر پەيغەمبىرىنى، ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆتكۈزگەن بىر خاتالىقى سەۋەبىدىن ئۇنى كرېستتا ئېسىپ جازالاندۇرۇشقا ئىشىنىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئىنسان ئەقلىگە كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ھەمدە نادانلىق بىلەن ئاللاھقا زۇلۇم يۈكلەشتىن ئىبارەتتۇر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ دەرىجىلەر، يۈكسەك ئورۇنلار، خەيرى ـ ئېھسان ۋە مەرھەمەت ۋەدە قىلدى. ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئىلاھلىق نىسبەت قىلىنغان ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىلگىرى سۈرگىنىدەك ئاللاھ بولسا ئىدى، ئاللاھنىڭ بىر قانچە ئىنساننىڭ قولى ئارقىلىق كرېستتا ئېسىلىشىنى ئىنسان ئەقلى قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن؟

يەنە بىر تەرەپتىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقىلارنىڭ جازاسىنى چېكىش ھەققىدىكى مەسىلىنىڭ ئىلاھىي ھۆكمگە قارايدىغان بولساق، ھەقىقەت پۈتۈن ئوچۇقلۇقى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

مَّنِ اهْتَدَى فَإِنَّمَا يَهْتَدي لِنَفْسِهِ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا وَلاَ تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَى وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّى نَبْعَثَ رَسُولاً

**"كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى جازالىغىنىمىز يوق."** (سۈرە بەنى ئىسرائىل، 15 - ئايەت)

ئايەتتە گۇناھكارغىمۇ باشقىسىنىڭ گۇناھى يۈكلەنمەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ. گۇناھسىز بىر ئىنسانغا باشقىسىنىڭ گۇناھىنىڭ يۈكلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىلاھىي ھەقىقەتكە، ھەتتا ئىنسانى مەنتىققىمۇ زىتتۇر. باشقا بىرسىنىڭ قىلغان گۇناھىنى، كىممۇ ئۆز ئۈستىگە ئالالىسۇن؟!

❀

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى چەكلەنگەن مېۋىگە يېقىنلىشىش مەسىلىسىگە كېلىدىغان بولساق، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر زەللە (خاتالىق) غەيرى ئىرادى قىلىنغان بىر خاتالىقتۇر. بىر قاراشقا ئىلاھىي ئىرادىنىڭ تەقەززاسى بويىچە رېئاللىققا ئايلانغان. چۈنكى ئىلاھىي ئىرادە، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاۋۋا ئانىمىزنىڭ، ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان يەريۈزىگە چۈشۈشى، ئۇ يەردە ئىنسان نەسلىنىڭ كۆپىيىشى ۋە قىيامەتقىچە بۇ نەسلىنىڭ داۋاملىشىشى، روھنى تاۋلاپ رەببىگە يېقىنلاشتۇرغانلارنىڭ تەكرار ئادەم ئەلەيھىسسالام كەلگەن ماكان بولغان جەننەتكە قايتۇرۇلۇشى، نەپسىگە ئالدانغانلارنىڭ بولسا شەيتاننىڭ دوستلىرى بولغان ھالدا جەھەننەمگە كىرىشى ئىدى.

بۇ ئىلاھىي ئىرادىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

«ھەزرىتى ئادەم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇنازىرلەشكەن بولۇپ، ھەزرىتى مۇسا ھەزرىتى ئادەمگە:

« گۇناھ ئىشلەش ئارقىلىق ئىنسانلارنى جەننەتتىن چىقارغان ۋە ئۇلارنى بەدبەختلىككە تاشلىغان سەن ئەمەسمۇ؟» دېدى.

ھەزرىتى ئادەم بولسا، ھەزرىتى مۇساغا:

«سەن ئاللاھنىڭ رىسالەت بېرىشى ئارقىلىق پەيغەمبەرلىككە تاللىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە ئېرىشكەن بىر كىشى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن، تېخى مېنىڭ يارىتىلىشىمدىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ ماڭا تەقدىر قىلغان ئىشىدىن مېنى ئەيىپلەۋاتامسەن! دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ھەزرىتى ئادەم، ھەزرىتى مۇسانى ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىپ قويىدى (بۇخارى، «قەدەر»، 11؛ مۇسلىم، «قەدەر»، 13)

يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاۋۋا ئانىمىز قىلغان خاتالىقى يۈزىدىن:

قَالاَ رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ

**"ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز›، دېدى."** (سۈرە ئەئراف، 23-ئايەت) مۇنداق دېيىش ئارقىلىق تەۋبە ۋە مەغپىرەت تىلىدى، نەتىجىدە ئىلاھىي مەغپىرەت ۋە نېمەتلەرگە ئېرىشتى.

بۇ مەغپىرەت بىلەن بىرلىكتە گۇناھسىز ھالغا كەلگەن ئادەم ئەلەيھىسسالام، بۇ نېمەتلەرنىڭ يېنىدا ئاللاھقا يېقىنلىقتا ئەڭ ئۈستۈن دەرىجە بولغان ۋە قۇلنىڭ بىر كەسپى بولماستىن پەقەت ئىلاھىي لۇتۇپ بىلەن بېرىلگەن پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى بىلەن شەرەپلەندۈرۈلدى.

خۇلاسىلىغاندا، مەغپىرەت قىلىنمىغان بىر گۇناھ زەنجىردەك بىر-بىرىگە باغلانمايدىكەن، ئۇنداقتا مەغپىرەت قىلىنغان بىر گۇناھنىڭ زەنجىرسىمان بىر-بىرىگە باغلىنىشى مۇمكىن ئەمەستۇر! ھەتتا سەمىمى ھالدا قىلىنغان تەۋبىنىڭ كەينىدىن مەغپىرەتكە ئېرىشكەن گۇناھلار، ئاللاھنىڭ لۇتپى بىلەن ساۋاپقا ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا

فَأُوْلَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا

**"پەقەت** (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) **تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر."** (سۈرە فۇرقان، 70-ئايەت)

❀

ئاللاھنىڭ قۇللىرىغا ئۆز دەرگاھىدىن ئەۋەتكەن ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى«مۇبىن» (ئوپ-ئوچۇق) سۈپىتىگە ئىگە. بۇنى ئاخىرقى كىتاب بولغان قۇرئان كەرىم، ئوچۇق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدا كۆپلىگەن يەردە «مۇبىن» كەلىمىسى، ئوچۇق ۋە قەتئىيلىك بىلەن تەكرارلانغان بولۇپ بۇ ھەقىقەتكە نىسبەتەن ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىمنىڭ

ئەۋەتىلىشىگە سەۋەب بولغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگەرتىشكە ئۇچرىغان ئىنجىللاردا بۇ خۇسۇسىيەتنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىنجىللاردىكى پۈتۈن زىتلىقلار ئۇلارنىڭ ۋەھىي بولۇپ بولمىغانلىقى ھەققىدە بىزگە يېتىپ ئاشقۇدەك مەلۇمات بېرىدۇ. ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى، «ئاللاھ» ھەرنەرسىگە قادىر ۋە ھەر تۈرلۈك نۇقسان سۈپەتلەردىن پاك بولغان ھالدا، قۇللىرىغا بۇنچىلىك زىتلىقلار ۋە كەمچىلىكلەر بىلەن تولۇپ تاشقان بىر ئىلاھىي كىتاب ئەۋەتمەيدۇ دەپ چۈشىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ھېچبىر نۇقسان قوبۇل قىلمايدىغان بىر «سۇبھان»دۇر.

رىبائىللىق شۈكى، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن تېزلىكتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان خرىستىئانلىق، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەق دىن بولۇش سالاھىيتىنى يوقۇتۇپ، بۇتپەرەس بىر خاراكتېر ئالدى.

بۇتپەرەس مەدەنىيەتلەردە مەۋجۇت بولغان «كرىستقا مىخلانغان خەلق قەھرىمانى» موتىپى، پەقەتلا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا تەدبىق قىلىندى ۋە بۇ ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «كرىست» مۇقەددەس بىر سىمۋول ھالىتىگە كەلتۈرۈلدى. چۈنكى كرىست، خرىستىئانلىقتىن بۇرۇنقى ياۋروپا بۇتپەرەسلىرىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى.

خرىستىئانلىقنىڭ تۇنجى دەۋرلىرىدە بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى يېڭى يىل ھېساپلانمايتتى. بۇتپەرەس ئەقىدىلەردە 12-ئاينىڭ 24-كۈنى بىلەن بىرىنچى ئاينىڭ 6-كۈنىغىچە ھەرخىل كۈنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى يىل بايراملىرى خرىستىئانلارغىمۇ تەسىر قىلدى. ھەزرىتى ئىسانىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلىغان يېڭى بىر كالېندار تۈزۈلدى. بۇ كۈن، يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ تەبرىكلىنىشكە باشلىدى. قەدىمقى رىم ۋە يۇناندا ھۆكۈمدار ۋە ئىمپىراتورلارنىڭ غايىسى پەقەت ئۆلگەندىن كېيىن تەڭرىلىشىش ئىدى. بۇ چۈشەنچىمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تەدبىق قىلىنىپ، ئۇ ئىنجىللاردا ئىلاھلاشقان بىر ئەپسانە قەھرىمانغا ئوخشاش تەسۋىرلەندى.

قىسقىچە قىلغاندا، ئىنجىللاردا ئاللاھ كالامى بىلەن ئىسا كالامى ۋە باتىل چۈشەنچىلەر بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى.

دەسلەپتە بىر ماتېرىيالىست بولغان يەھۇدىيلار، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد ئەقىدىسىنى بۇزدى. يەنە ئۇلار ئۆزى راھەت-پاراغەت ئىچىدە

ياشاش ئۇچۇن دائىم پەيغەمبەرلىرىگە يۈك بولۇشقا، ئۇلارنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنىشتەك ھەددىدىن ئاشقان بىر قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق بىر پوزىتسىيە ئۇلار ئۈچۈن نورمال بولدى.

ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە تەۋرات، ھىدايەت يولىنى كۆرسەتكەن بىرەر رەھبەر ۋە نۇر بولغىنىدەك، ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىنجىل، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان كەرىممۇ شۇنىڭدەك ھۆكمى كۈچكە ئىگە بولغان بولغان زامانلاردا بىرەر ھىدايەت رەھبىرىدۇر. شۇ بىر رېئاللىقتۇركى، بىر ھۆكۈمنى قويغۇچى، ئوخشاش مەزمۇندا بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن ئوخشىمىغان زامانلاردا ھۆكۈم بېرىپ، بۇرۇنقى ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسا، كۈچكە ئىگە بولغان ھۆكۈم، ئەلۋەتتە ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدۇر. ئەگەر ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام زامانىدا، ئۇنىڭغا نازىل بولغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىنماي، مەسىلەن ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىنغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىش داۋاملاشقان بولسا ئىدى، بۇ پوزىتسىيە ئاللاھقا ئىتائەت بولماستىن ئەكسىچە ئىسيان قىلىشتىن ئىبارەت بولاتتى. ئاللاھ ئەڭ ئاخىرقى دىن سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى ئەۋەتىپ، قىيامەتقىچە ھۆكمىنىڭ باقى قېلىشىنى ئىرادە قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈن ھۆكمى جارى بولۇۋاتقان يەككە ـ يېگانە ئىلاھىي كىتاب قۇرئان كەرىمدۇر.

پۈتۈن ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ئەسلى مەنبەسى بىر ۋە يەككە ـ يېگانە بولغان ئاللاھ تائالادۇر. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرمۇ مۇشۇ غايە بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھەق پەيغەمبەرلەرنى قوللاپ ۋە كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرلەردىن خۇشخەۋەر بەرگەن. ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى قوللىغان ۋە ئىسلامنىڭ ئاخىرقى دىن، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ۋە قۇرئان كەرىمنىڭمۇ ئاخىرقى ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىنى تەبلىغ قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ مەريەم ئوغلىغا (ئىساغا) ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ يېقىنى مەن بولىمەن. ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارامدا پەيغەمبەر يوقتۇر. پەيغەمبەرلەر قېرىنداشتۇر. پەيغەمبەرلەر ئانىلىرى ئايرىم، ئاتىلىرى بىر قېرىنداشتۇر. دىنلىرىمۇ بىردۇر.» (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 48؛ مۇسلىم، «فدائىل»، 143 - 145)

«...ئىچىڭلاردىن كىم (دۇنياغا چۈشىدىغان ئاخىر زاماندا) ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشسا مەندىن سالام ئېيتسۇن.» (ئىبنى ھەنبەل، 2، 298)

❀

ئىسا ئەلەيھىسسالام، بۈگۈنكى چېركاۋنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا ۋە زاھىدانە بىر ھايات ياشىدى. ئۇنىڭ پەرقلىق سۈپىتى بولسا، نەپسىنىڭ ساپ ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقى يەنى دۇنيانىڭ نەپسانى ئارزۇلىرىدىن ۋاز كېچىپ روھانى بىر ھايات ياشاش، گۈزەل ئەخلاق، مەرھەمەت ۋە قېرىنداشلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ مۇھىم دەستۇرلىرىدىن بىرى بولغان «ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە يەنە ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش» ھەققىدە ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيي قىلىندى:

«ئەگەر پۈتۈن يەريۈزىدىكىلەرنىڭ ۋە ئاسماندىكىلەرنىڭ ئىبادىتىنى قىلساڭ ۋە ئىچىڭدە مەن ئۈچۈن دوستلۇق ۋە مەن ئۈچۈن دۈشمەنلىك بولمىسا، پۈتۈن بۇ ئىبادەتلىرىڭنىڭ ساڭا ھېچ بىر پايدىسى بولمايدۇ!»

پۈتۈن ئىبادەت ۋە ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ كامىللىقى، روھى چوڭقۇرلۇقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنى ياخشى كۆرۈشىمىز ئاللاھ ئۈچۈن، يامان كۆرۈشىمىزمۇ يەنە ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئاسىيلەرگە دۈشمەنلىك قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا دوست بولۇڭلار! ئاسىيلەردىن يىراق بولۇش بىلەن ئاللاھقا يېقىن بولۇڭلار ۋە ئۇلارغا قارشى چىقىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزلەڭلار! »

ئى رەببىم! بىزنى ھەقنى ھەق بىلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى، باتىلنى باتىل بىلىپ ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئىككى جاھاندا سېنىڭ رازىلىق باغلىرىڭنىڭ نېمەتلىرى بىلەن تەربىيەلەنگەن سالىھ قۇللىرىڭدىن بولۇشىمىزنى نىسىپ قىل!

ئامىن!..

## غۇربەت

تەسەۋۋۇپ يولى غۇربەت يولىدۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان غۇربەت ۋە يالغۇزلۇقى، ئاللاھقا قۇربەت، يەنى يېقىنلىق نەتىجىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالام ۋە ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامدا غېرىپلىق ۋە غۇربەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆرۈلدۇ. بۇ ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ ئەتراپىدا ئۇلارغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاز بولۇشى ۋە ئېرشاتقا دەۋەت قىلغان قەۋم تەرىپىدىن ئىككىسىنىڭ شېھىد قىلىنىشى ۋە ئۈچىنچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشكە قەست قىلىنىشى، ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز جامائىتى بولسىمۇ، ئۇلارغا قىيىن بىر غۇربەتچىلىك ياشاتتى. لېكىن بۇ غېرىپلىقى نەتىجىسىدە، ھەزرىتى زەكەرىيا ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالام شېھىد قىلىنىش؛ ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۇلۇغلاپ زىكىر قىلغان ۋە «سالام بولسۇن» دېگەن بۇ سۆپەتكە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر بولغان ھالدا پىداكار بىر ھايات ئۆتكۈزدى.

بۇ پەيغەمبەرلەرگە نىسبەت قىلىنغان يالغۇزلۇق ۋە غېرىپلىق چۈشەنچىسىمۇ ھەدىس شەرىپلەردە جەلپ قىلارلىق بىر شەكىلدە زىكىر قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەدي:

«ئۆزۈڭنى بۇ دۇنيادا غېرىپ يولۇچى دەپ قارىغىن!» (بۇخارى، «رىقاق»، 3؛ تىرمىزى، «زۇھد»، 25)

«غېرىپلارغا خۇشخەۋەر بولسۇن!» (مۇسلىم، «ئىمان»، 232)

❁

تەسەۋۋۇپ، ئىنسان تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان ئۇلۇغلۇقلۇققا ئائىت مايىللىقلارنى، سۆھبەت، زىكىر، رىيازەت (جاپا ـ مۇشەققەت) ۋە ئىخلاس بىلەن تەرەققى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، خام ئىنساندىن «كامىل ئىنسان» كىشىلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئىنسانلاردا ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت ھەرخىل بولغانلىقىدىن، تەسەۋۋۇپ مېتوتلىرىنى قوللىنىپ ئىنساننى ئەشيا ۋە ھادىسىلەرنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار قىلىش ئالاھىدىلىگى، ھەر كىشىدە ئوخشاش نەتىجە بەرمەيدۇ. ئەمما بەزى مايىللىقلاردا پۈتۈن ئىنسانىيەت (ئارىلىرىدا دەرىجە پەرقى بولسىمۇ) ئورتاقتۇر. بۇلاردىن بىرسى، ھەر كىشىنىڭ كەلگەن يېرىگە يەنى ئەسلى ۋەتىنىگە قايتىش مايىللىقىدۇر.

بۇ سەۋەپتىن تەسەۋۋۇپنىڭ بىر غايىسى ئىنساننى «ئەلەستۇ بەزمى» (ئەلمىساقتا) دە، رەببى بىلەن بىللە بولغان ۋۇسلات ئىقلىمىگە قايتىش ھەققىدىكى ئارزۇ، ئىزدىنىش، مايىللىق ۋە قابىلىيىتىنى زىكىر بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئاگاھلاندۇرۇپ ئاگسىزلىقتىن

ئاڭلىقلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتۇر. قۇللۇقتا كامالەتنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ھالغا يېتىشنىڭ يولى، ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

أَلاَ بِذِكْرِ اللّٰهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ

**"...بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ."** (سۈرە رەئد. 28 - ئايەت)

بۇ ئەھۋال ئەڭ گۈزەل شەكىلدە كامىل ئىنساندا كۆرۈلىدىغان بىر خۇسۇسىيەتتۇر. چۈنكى كامىل ئىنسان:

إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعونَ

**"...«بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز** (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)**، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ."** (سۈرە بەقەرە، 156 - ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ تېگىگە يېتىدۇ.

ئەسلىگە قايتىش مايىللىقى، مەۋجۇدات ئىچىدە ئۈستۈن بىر ئىدراك بىلەن قوراللانغان ئىنسى-جىندا ئەڭ ئۈستۈن سەۋىيەگە يەتكەنلىكىگە قاراپ بىر ھەسرەت-نادامەت مەنبەسى بولىدۇ. مانا شۇ زامان ئىدراك ئىگىسى ھەر قۇل ھەر ئالغان نەپەستە ئۆزىنى دائىم غۇربەتتە ھېس قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن، غۇربەت، مەۋجۇداتلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تارتىپ ھەرخىل باسقۇچلاردىن ئۆتكەن ھالدا ھەقىقەتكە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن مەۋجۇت بولغان يېرىدىن بۇرۇنقى ماكانغا قاراپ ھەرخىل كۆرۈنىشلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىنسان بۇرۇن روھلار ئالىمىدە ئىكەن، بۇ ماكاندىن ئايرىلىپ ئانا رەھمىدە ماكان تۇتىدۇ، كېيىن دۇنياغا كېلىدۇ. دۇنيادىمۇ ھەرخىل ماكان ئالماشتۇرۇشقا ئۇچرىشى مۇمكىن. ئۇ يەردىن بەرزەخ ئالىمىگە كۆچۈپ، نەتىجىدە رەببىگە قايتىدۇ.

غۇربەتنىڭ بۇ باسقۇچلىرىنى قەلبىدە ھېس قىلغان شائىر، ئۇنىڭ بەزى باسقۇچلىرىنى مۇنداق مىسرالارغا تۆكتى:

بىر باسقۇچتىن قۇياش بىلەن دەريا كۆرىنىدۇ،<br>
بىر باسقۇچتىن ھەر ئىككى دۇنيا كۆرىنىدۇ.<br>
ئاخىرقى باسقۇچ بىر پەسىل غازاڭدۇركى سورەر،<br>
ئۆتمۈش كېلىچەك ھەممىسى بىر چۈشتۇر!

شۇنىڭدەك غۇربەت، پۈتۈن دېگەنلىرىمىز دىققەتكە ئېلىنىدىغان بولسا قاتمۇ-قات، باسقۇچ-باسقۇچ دېمەكتۇر. ئۇنى يۇقۇتۇش، پۈتۈن ئارا باسقۇچلارنى بېسىپ كەلگەن تۈنجى يەرگە، يەنى رەببىگە قايتىش بىلەن مۇمكىندۇر. بۇ ھالغا نەزەرەن روھقا قىيىنچىلىق بەرگەن غۇربەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ھەسرىتىنى ئارام ئالدۇرۇش، رەببىگە ئۇلاشماق بىلەن بولىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ھەسرەتنى ۋە روھى قىيىنچىلىقنى ئىدراك قىلماي يۇرتىدىن ئايرىلىش سەۋەبى بىلەن قىيىنچىلىق تارتقان ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭمۇ ئېڭى ئاستىدا ئەسلىدە غۇربەتنىڭ بۇ ئۇلۇغ ۋە چوڭقۇر مەنىسى باقى قالىدۇ. روھنىڭ بۇ قىيىنچىلىقنى پەقەت ئۈستۈن ئىدراك ئىگىلىرى بولغان ئەۋلىيائۇللاھ لايىقىدا چۈشىنىدۇ ۋە ئارا باسقۇچلىرىنىڭ دەردىدىن ئۇزاق ۋە ئىلاھىي ۋۇسلاتقا (ئاللاھقا يېتىش) ئىشتىياقى بىلەن تولۇپ تاشقان بىر ئۆمۈر سۈرىدۇ. بۇ سەۋەپتىن جۈنەيدى باغدادى ھەزرەتلىرى تەسەۋۋۇپنى: «ئاللاھنىڭ، سېنى سەنىلىكىڭدە ئۆلتۈرىشى ۋە ئۆزى بىلەن ئىھيا قىلىشىدۇر» دەپ تەرىپلىگەن.

بۇ ئەھۋالنىڭ ئەڭ گۈزەل كۆرۈنىشى، قۇلنىڭ رەببى بىلەن باراۋەر بولۇش سىررىغا يېتىپ، چوڭقۇر مۇھەببەت ئىچىدە زىكىر قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ. زىكىر، پەقەت تىلنىڭ ئاللاھ لەبزىنى تەكرارلىشىدىن ئىبارەت بولۇپلا قالماستىن، ئاللاھ تائالانى تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئىلاھىي تەجەللىنىڭ پۈتۈن ھالىنى قاپلىغان ھالدا قەلبتە ئورۇن تۇتۇشىدۇر.

زىكىرنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن شۇنداق بىر دەرىجىگە كېلىدۇكى، زىكىرنىڭ ھەقىقىتى ئىنساننىڭ يارىتىلىش غايىسى بىلەن بىرلىشىدۇ؛ زىكىرنىڭ ھەقىقىتى، ھەرپ، كەلىمە ۋە ئاۋۇشتىن مۇستەسنادۇر. زىكىرنىڭ جەۋھىرى يەنى ئۆزى، ئىلاھىي ۋە رەببانى بولغانلىقى ئۈچۈن ساپ بىر روھانىدۇر. بۇ ئىككى خۇسۇسىيەت، ئەشيادىن خالى ھالغا كەلگەندە، بىر-بىرى بىلەن ئەينى بولۇپ بىرلىشىپ، ھەقىقى تەۋھىدكە ئېرىشىدۇ. قەلب ئۇ يەردە يوقلۇققا، ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. زىكىر قىلىنغاندىن يەنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر شەيئى قالمايدۇ. چۈنكى بۇ دەرىجىدە قەلب ئىلاھىي ئىسىملارنىڭ تەجەللى مەركىزى بولىدۇ ۋە قۇياش نۇرىنى بىر نوقتىغا يىغقان لىنزىنىڭ، ئاستىدىكىلەرنى كۆيدۈرگىنىدەك پۈتۈن ماسىۋا (ئاللاھتىن باشقا پۈتۈن مەۋجۇدات) نى كۆيدۈرۈپ يوقىتىدۇ. بۇ، «فەنا» ھالىدۇر. فانىلارنىڭ ئارىدىن چىقىپ «باقى»نىڭ قالغان ماكانىدۇر؛ ئىتمىئنان، خاتىرجەملىك، ھوزۇرغا ئۇلاشماقتۇر.

مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ھەزرەتلىرى ئۆلۈمنى بىر «شەبئى ئارۇس» يەنى توي كېچىسىدەك سۆيەتلەپ بەرگەن ھەقىقەت بولسا، دۇنيا غۇربىتىدىن قۇتۇلۇش ۋە مەشۇقىغا ئېرىشىشتۇر.

ئاللاھ دوستلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، بۇ غۇربەت دىيارى دۇنيادا بۈيۈك بىر ھەسرەت بىلەن كۆيۈشى ۋە ھەقىقى ئۆلۈمسىزلۈككە ئۇلىشىشىدۇر. ھەزرىتى مەۋلانا بۇ كۆيۈش ۋە قورىلىشىنىڭ ئۆلۈم بىلەنمۇ تىنىچلانمايدىغان شىددەتتە ئىكەنلىكىنى بىر بېيىتىدا مۇنداق ئاڭلاتقان:

«ۋاپاتىمدىن كېيىن قەۋرەمنى ئاچ ۋە ئىچىمدىكى ئوتنىڭ سەۋەبى بىلەن كېپىنىمدىن قانداق تۈتۈن چىققانلىقىنى كۆر!»

سەكراتتا ياتقان بۇ ئەھۋالدا خۇشاللىقىدىن يۈزى پارقىراپ تۇرغان بىر ئاللاھ دوستىغا مۇنداق سورىغان:

«ئۆلۈم ئالدىدا ئىكەن، نېمە ئۈچۈن مۇنداق كۈلىسىز؟

ئاشىق مۇنداق جاۋاپ بەرگەن:

«ھازىر پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېغىزغا ئايلانغان بولۇپ كۈلۈمسىرەۋاتىدۇ! ھازىر ئېغىزىم باشقا بىر كۈلۈش بىلەن كۈلىۋاتىدۇ!..»

پەرۋانە نۇرغا ئاشىقتۇر. پەرۋانىنىڭ نۇرغا بولغان ئىشقى-مۇھەببىتىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رابىتاسىدىن (ئۇنىڭغا بولغان باغلىنىشىدىن) ئۇنىڭغا كېپىنەك ئەمەس، پەرۋانە دېيىلىدۇ. نۇرنى كۆرگەندە ھاياجانلانغان ھالدا ھوشىنى يوقىتىپ ئىرادىسى قالمايدۇ. نەتىجىدە، نۇرغا ئۆزىنى ئېتىپ، كۆيگەن ھالدا فانى بولىدۇ ۋە مەشۇقىغا ئېرىشىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانامۇ:

«جەسەتنى (ئاشىق ئوتى بىلەن) كۆيدۈرمەي تۇرۇپ، ئىلاھىي ئىشقى-مۇھەببەت لەززىتىگە ئېرىشمەك مۇمكىن ئەمەستۇر!» دېگەن.

شۇنىڭدەك ھاللاج مەنسۇر بېشىدىن ئۆتكۈزگەن چوڭقۇر بىر روھى تېپىرلاش نەتىجىسىدە ئۆلۈمنى سېغىنغان ۋە:

«مېنىڭ تىرىلىشىم، ھاياتىم، ۋۇسلىتىم (مەشۇقىغا ئېرىشمەك) ئۆلۈمىمدىدۇر!» دېگەن.

مانا بۇ چوڭقۇر تەجەللىلەرگە قارىغاندا غۇربەت؛
ياراتقۇچىدىن ئايرىلىشتۇر.

قەلبتە كۆيگەن بىر ئوتتۇر.
ھەسرەت ئوتىدا پۇچىلىنىشتۇر.
يالغۇزلۇقتۇر.

چۈنكى ئىنسان، ئىلاھىي بىر سەپەرگە ئەگەشكۈچىدۇر. ئۇ بۇ سەپەرگە «ئەلەستۇ بەزمى» (ئەلمىساقتىن)تىن باشلاپ، كېيىن بىر «غۇربەت» دىيارى بولغان بۇ دۇنياغا ئەۋەتىلگەن. ھۆر بولغان روھى، بەدەنىنىڭ ئاسارىتىگە ۋە بەش ئەزانىڭ ئەمرىگە كىرگەن. پەقەت كېلىپ چىقىش مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان ئالەمگە نىسبەتەن بىر ھەسرەت ۋە ئۇ يەرگە قايتىش مايىللىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بېسىپ ئۆتكەن دەرىجە ۋە يۈرگەن مۇساپىسىگە قاراپ ئىدراكىمۇ ساپلىشىپ، بۇ ھەسرەتىنىڭ مۇسبىتى شىددەتلىنىپ كەلگەن ماكانىغا قايتىش ئىشتىياقىمۇ ئاشىدۇ. بۇ بولسا، ئىنسان دائىم غېرىپتۇر ۋە غۇربەتتىدۇر دېمەكتۇر.

غۇربەتنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بار. بۇ جۈملىدىن بولۇپ، ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا ئۈچۈن بۇ دۇنيا غۇربىتى ئىچىدە ئىككىنچى بىر غۇربەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ بولسا دوستلاردىن ئايرىلىش ئەلەمى بىلەن كۆيۈپ ـ پۇچىلىنىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئارىسىدىكى شىددەتلىك بىر غەم ـ قايغۇ ۋە غېرىپلىق تەقدىر قىلىنغان بولۇپ، بۇ بولسا ئۇلارنىڭ ئالالاھقا بولغان تەۋبىلىرىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشى! بۇ ئارقىلىق دائىم ئالالاھقا يۆلىنىشى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشى، ماسىۋا (ئالالاھتىن باشقا ھەر شەي) دىن ئالاقىلىرىنى ئۈزۈشى ۋە يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر!..

بۇ ھېكمەتلەرگە ئاساسەن نەبىلەر ئۆز ۋەتىنىنىڭ سىرتىدا، بىر مەزگىل غېرىپ ياشىتىلىپ، غۇربەتنىڭ ھەر تۈلۈك تەمى تېتىتىلدى.

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ تائىپتا ئەڭ ئېغىر بىر شەكىلدە غۇربەت تېتىتىلغىپ، چالما ـ كىسەك ۋە تاشلار بىلەن قانلار ئىچىدە قالدى. لېكىن ئۇ چەكسىز مەرھەمەتى بىلەن پەۋقۇلئاددە بىر سەۋر ۋە رازىلىق نامايەن قىلىپ، ئۆزىنى تاش يامغۇرىغا تۇتقان تائىپ خەلقىغە بەددۇئا قىلىشنىڭ ئورنىغا ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىلاھىي مۇكاپات بولغان ھالدا «مىراج» ۋۇسلاتى (مەشۇقىغا يەنى ئالالاھ ھۇزۇرىغا بېرىش) تەجەللى قىلدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن، غۇربەت ئەلەم ۋە قىيىنچىلىق مەنبەسىدىن ئىبارەتتۇر.

مەۋلانا جالالۇددىن رۇمى ھەزرەتلىرىنىڭ بىر ھىكمەت دەرياسى بولغان مەسنىۋىسىگە:

تىڭشا نەيدىن چۈن ھىكايەت ئەتمەدە

ئايرىلىقلاردىن شىكايەت ئەتمەدە!

دەپ باشلاپ ئايرىلىق ۋە غۇربەت ئۆتىنى ئەسىرىگە باش تاج قىلىشى بۇنىڭ ئەھمىيەتلىكىگە ئاساسەندۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامۇ ھاياتقا باشلىغان يەر بولغان جەننەتتىن ۋە رەببىنىڭ ھۇزۇرىدىن ئايرىلىپ دۇنيا غۇربىتىگە ئەۋەتىلىش سەۋەبى بىلەن ئۇزۇن يىللار كۆز يېشى تۆكتى، ھەسرەت ۋە ئەلەملەر بىلەن پەريات چەكتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلى ۋەتىنى جەننەت ۋە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدۇر. بۇ غۇربەتتىن ئۇنىڭ نەسلىگىمۇ بىر ھېسسە بار. بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلبۇلنىڭ ئالتۇن قەپەزدە بولسىمۇ «ۋەتىنىم، ۋەتىنىم!» دەپ پەريات چېكىشى چۈشىنىلىدىغان بولسا، ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغ بىر ئالەمدىن تۆۋەن بىر يەرگە كەلگەندە يىغلاپ پەريات چېكىشىنىڭ ھېكمىتى تېخىمۇ ياخشى بىلىنىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا غۇربەتنى نەي بىلەن ئىنسان ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرغان ھالدا مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

«نەي مۇنداق دەيدۇ: مېنى قومۇشتىن كەسكەندىن بىر پەريادۇ پىغانىم، جاھاندىكى ھەممەيلەننى يىغلاتتى.»

«ئايرىلىش باغرىمنى پارچا-پارچا قىلسۇنكى، ئاشىق دەردىنى ئاڭلىتاي!»

«كىم ئەسلىدىن ئۇزاق ۋە ئايرىلىپ قالسا، ئۇ دائىم ۋۇسلات ۋاقتىنى ساقلار!»

«مەن ھەر مەجلىسنىڭ يىغلىغىنى، سالىھلارنىڭ ھەم پاسىقلارنىڭ دوستى بولىمەن.»

«ھەر كىم ئۆز چۈشەنچىسىگە قارىتا مەن بىلەن دوست بولىدۇ، سۆھبىتىمدىن بىر نەرسىلەر ئۆگىنىشنى خالايدۇ.»

«گەرچە پەريادىم، سىررىمنى پاش قىلىدۇ، لېكىن كۆپلىگەن كۆڭۈللەردە بۇنى سېزىدىغان نۇر يوق!»

«جان ۋە تەن بىر-بىرىدىن مەخپى ئەمەستۇر. ئەمما جاننى كۆرۈشكە رۇخسەت يوقتۇر.»

«نەينىڭ ساداسى ئوت بولدى، ئۇنى قۇرۇق بىر نەغمە دەپ ئويلاپ قالما!

كىمدە بۇ ئوت بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىشتۇر!»

ھەزرىتى مەۋلانا بىر رۇبائىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«نەيگە قۇلاق سالغىنكى، نېمە ـ نېمىلەر دەيدۇ؛ ئاللاھنىڭ مەخپى سىرلىرىنى كەشىپ قىلىدۇ. يۈزى ساغرىپ كەتكەن، ئىچى بوش، بېشى كېسىلگەن ياكى نەيچىنىڭ نەپەسلىرىگە تەرك ئېتىلگەن بولسىمۇ، تىلسىز ۋە قەلەمسىز پەرياد ئەتكەن ھالدا «ئاللاھ...ئاللاھ ...» دەيدۇ.»

چۈنكى نەي ئۆزى ئۆسكەن قومۇشلۇقتىن كېسىلگەن ھالدا ئايرىلغان؛ باغرىدىن ئوتقا داغلانغان ھالدا تۆشۈكلەر ئېچىلغان. بېشىغا، ئايىغىغا، ھەتتا بوغۇملىرى ئارىسىغا مەدەن ھالقىلار ۋە سىملار تاقالغان، يەنى زىنجىر ـ ئىشكەللەرگە مەھكۇم قىلىنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن قوپ ـ قۇرۇق ۋە ساپ ـ سېرىق كېسىلگەن ھالدا يۈزى سولغان.

ئىنسانمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىلاھىي ئالەمدىكى ئورنىدىن بۇ دۇنياغا كەلتۈرۈلگەن ۋە ئىنسانىيەت تىزىملىكىگە ئېلىنغان ھالدا ئايرىلىش ئوتى بىلەن يۈرىكى داغلىنىپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى. ئەمما ھەر ئىنساندا ۋاقى بولغان بۇ ھەقىقەت تەپەككۇر ۋە تۇيغۇ ئېتىبارى بىلەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كامىل ئىنسان ھالىغا كەلگەندە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى كۆڭۈلدە بۇنى سېزىدىغان ئىدراك نۇرى بولغاندىلا ئاشكارا بولىدۇ.

كائىناتتا كۆرگىنىمىز ۋە كۆرمىگىنىمىز پۈتۈن مەخلۇقلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۆرۈنىشىدۇر. ئىنساندا پۈتۈن ئىلاھىي ئىسىملارنىڭ كامىل تەجەللىسى مەۋجۇتتۇر. ئىنسان، **"روھىمدىن ئۇنىڭغا ئۈپلىدىم."** (سۈرە ئەل ـ ھىجر، 29 - ئايەت) ئايىتىنىڭ سىررىغا ئېرىشتى. بۇ سەۋەپتىن ئۇ بىر ئىجات بەدىئەسى يەنى ھەيران قالارلىق گۈزەل ـ سەنئىتىدۇر. قۇدرەت ۋە يارىتىش كۈچى ئەڭ كامىل مەنىدە ئىنساندا تەجەللى قىلدى. بۇ ئېتىبار بىلەن ئىنسان مەنىۋى كىرلەردىن، نەپسانى ئارزۇلاردىن تازىلىنىدىغان بولسا، تولۇق مەنىسى بىلەن كامىل بولىدۇ. بىر ماگىنىت ئەتراپىدىكى مېتال توزلارغا ئوخشاش، كەلگەن ئالەمگە شىددەتلىك بىر ئىشتىياق بىلەن ھەسرەت تۇيىدۇ.

بۇ، ئىنسان روھىنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھقا ئۇلىشىش قابىلىيىتى بىلەن تەييارلانغانلىقىدۇر. بۇ قابىلىيەتنىڭ راسخوتى ھەقىقى مۇھەببەتتۇر. مۇھەببەت يۈرەكتىكى بىر ئوت بولۇپ، كۆڭۈلدە ماسىۋا (يەنى

ئاللاھتىن باشقا پۈتۈن مەۋجۇدات) نى ساقلىمايدۇ، كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. مانا بۇ كۆيۈش بىلەن ئىنساندا كەلگەن يېرىگە قايتىش مايىللىقى مەيدانغا كېلىپ، رەببىگە بولغان ئىشتىياقى ۋە ئارزۇسى ئېشىپ، ھەسرىتى شىددەتلىنىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ غۇربەت ئالەمدىن قۇتۇلۇپ رەببىگە ئېرىشىش ئارزۇسىنى نەقەدەر گۈزەل ئىپادىلەپ بەرگەن:

«ھەزرىتى بىلال ئورۇقلاپ، ھىلالغا ئوخشاپ قالغان. يۈزىگە ئۆلۈمنىڭ رەڭگى ۋە سايىسى چۈشكەن. ئايالى ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ:

«ئاللاھ قانداق قىلاي، ئۆيۈم يىقىلدىغان بولدى!» دېدى.

بىلال بولسا ئۇنىڭغا:

«ياق ئۇنداق ئەمەس! ئۇنداق دېمە! ھازىر خۇشال-خۇراملىق ۋاقتى، ئۆيۈم بىنا قىلىندى!» دېيىشنى ئېيتتى.

بىلال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

«مەن ھازىرغىچە دۇنيانىڭ، يەنى بۇ ھەقتىن يىراق غۇربەت ھاياتىنىڭ غەم-قايغۇسىدا ئىدىم!» دېدى.

بىلال بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا يۈزىدە نەرگىسلەر، گۈللەر ۋە لالىلەر ئېچىلدى. مۇبارەك يۈزى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى.

ئايالى بولسا، بىلالنىڭ نەپەسلىرىنىڭ ئاجىزلاپ تاقەتسىزلىكىنىڭ ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى گۈزەل خۇيلۇق، يۈكسەك ئەخلاقلىق بىلال! ئايرىلىش ۋاقتى كەلدى!» دېدى.

بىلال بولسا:

«ياق، ئۇنداق ئەمەس ئۇچرىشىش، دىدار كۆرۈشۈش ۋاقتى كەلدى. ئەمدى بۇ ھەسرەت ۋە غۇربەت تۈگەيدۇ!» دېدى.

خانىمى مۇنداق دەيدۇ:

«سەن بۇ كېچە غۇربەتكە كېتىۋاتىسەن؛ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ، ئەۋلاتلىرىڭدىن ئايرىلىپ يوقاپ كېتىپ بارىسەن!»

بىلال جاۋابەن:

«ياق، ئۇنداق ئەمەس، بەلكى بۇ كېچە روھىم غۇربەتتىن ئەسلى ۋەتىنىگە قايتىدۇ!»

خانىمى بىلالغا:

«بۇنىڭدىن كېيىن يۈزۈڭنى كۆرەلمەيمەنمۇ؟» دەپ سورىدى.

بىلال:

«سەن يۇقىرىغا قارىساڭ، ئاللاھنىڭ خاس قۇللىرى ئارىسىدا مېنىڭ يۈزۈمنى كۆرىسەن! شۇنىڭغا دىققەت قىلكى، تۆۋەندىكىلەرگە قارىما؛ ئۇ يەردە مەينەت ئالەمنىڭ سەت يۈزلىرى بار!» دېدى.

خانىمى يەنە:

«ماڭا ئۇۋال بولدى، ئۆيۈم يىقىلدى!» دېدى.

بۇ قېتىم بىلال:

«سەن روھقا قارا؛ جەسەتكە قارىما!.. بالا ـ چاقام كۆپ ئىدى، ئۆيۈم تار ئىدى. ئاللاھ مېنىڭ بەدەن ئۆيۈمنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ئاۋات قىلىشى ئۈچۈن يىقتتى. ئەگەر بەدەن ئۆيۈم يىقىلمىغان بولسا ئىدى، غۇربىتىم تۈگىمەيتتى، ئەسلى ۋەتىنىمگە، ئۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان گۈزەللىكلەر ئالەمگە قايتالمايتتى، ئۇ ھۆسنىئى مۇتلەققە يەنى ئاللاھقا يېتەلمىگەن بولاتتى!» دېدى.»

بۇ روھى ھالەت ئىچىدە ياشىغان ئەۋلىيائۇللاھتىن بىرى بولغان ئەزىز ماھمۇد ھۇدايى ھەزرەتلىرىمۇ، غۇربەت ھاياتىدىكى ھېسياتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

نېمە قىلاي دۇنيانى،
ماڭا ئاللاھ كېرەك!
كېرەك ئەمەس ئاللاھتىن باشقىسى
ماڭا ئاللاھ كېرەك..
دۇنيا ئەھلى دۇنيادا
ئۇقبا ئەھلى ئۇقبادا
ھەربىرى بىر سەۋدادا
ماڭا ئاللاھ كېرەك
بىھۇدە ھاۋايى ھەۋەسنى قوي،
ھەقنى تېپىپ ئۇنىڭغا قارا،
ھۇدايىنىڭ سۆزىدۇر بۇ
ماڭا ئاللاھ كېرەك..

بۇ غۇربەت دىيارىغا كېلىپ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى سەۋدالىرىغا بېرىلىپ كەتمەي، ۋۇسلات ئوتلىرىدا كۆيگەنلەردىن بىرى بولغان يۇنۇس ئەمرە ھەزرەتلىرىدۇر. ئۇ بۇ ئالەمدە مەجنۇن مىسالى مەشۇقىدىن باشقىسىغا نەزەر تاشلىمىغان. پانى دۇنياغا ئالدىنىپ كەتكەنلەرگە ئەپسۇسلىنىپ، غۇربەت دىيارىدا ئۆتكۈزگەن غېرىپلىقنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

مەن بىر ھەيرانلىق بىلەن كەلدىم،
ھېچكىم بىلمەيدۇ ھالىمنى مېنىڭ.
مەن سۆزلەپ مەن تىڭشايمەن،
تىلىمنى بىلمەس ھېچكىم مېنىڭ.

❀

ئىنساننىڭ ماددى قۇرۇلشى تۇپراقتىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تۇپراقتا ياشاپ تۇپراقتىن ئوزۇقلىنىدۇ. كېيىن تۇپراقتا فانى بولۇپ يوقىلىدۇ؛ تۇپراق بىلەن بىرلىشىپ ئەسلىگە يەنى تۇپراققا قايتىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالەمنىڭ كامىل ئېپادىسى «غۇربەت» بولغان ھالدا، ئۇنىڭ ئۆتكۈنچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر «مېھمانخانا» بولۇپ ئىپادىلىنىش مەشھۇر بولغان. چۈنكى غۇربەتتە ھەر زامان ئارقىغا قايتىش شەرتى مەۋجۇت ئەمەستۇر. بۇنىڭغا مۇقابىل، مېھماندارلىقتا ۋاقىتلىق ۋە ئاخىرىدا كەلگەن يېرىگە قايتىش چۈشەنچىسى، تېخى ئۇنىڭ باشلىنىشى ئەقلىگە كېلىشكە باشلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بورىنىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدا بورىنىنىڭ ئىزلىرى قالدى. بۇنىڭ ئۈستىگە:

«بورىنىنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە سېلىپ بەرگەن بولساق ئىدى!» دېگەن ساھابىلارغا: «مېنىڭ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم بار؟ مەن دۇنيادا سەپەر قىلىش جەريانىدا بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا سايىداپ، كېيىن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر يولۇچىغا ئوخشايمەن.» (ئىبنى ماجە، «زۇھد»، 3؛ ئىبنى ھەنبەل، 1، 391) دېدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى قولىنى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دولىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، بۇ ئالەمنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ھالدا:

«دۇنيادا يا غېرىپ بىر ئىنساندەك ياكى بىر يولۇچىغا ئوخشاش بول!» دېدى. (بۇخارى، «رىقاق»، 3؛ تىرمىزى، «زۇھد»، 25)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپادىلىگەن بۇ غۇربەت ھەققىتى سەۋەبىدىن نۇرغۇن باغرى كۆيگەن ئاشىقلار ئىلاھىي ۋۇسلات يولىدا بىرەر غېرىپ بولغان ھالدا ياشىدى ۋە مۇنۇ دۇئا بىلەن يېلىندى:

رەببىم جەننەت ئۆيگە كىرگەنلەردىن ئەيلە بىزنى،
بېرىپ ئۇ يەرگە جامالىڭنى كۆرگەنلەردىن ئەيلە بىزنى! ...

يېقىنقى زامان ئالىملىرىدىن م. ئەسەد ئەرەبلى ھەزرەتلىرىمۇ بۇ ئىشتىياق ئىچىدە مەشۇقىغا مۇنداق يېلىنىدى:

ئى رەببىم! (شۇ قاراڭغۇ غۇربەت دىيارىڭغا چۈشكەن)كۆڭلۈم، جامالىڭنىڭ نۇرىدىن بىر ئايدىڭلىق ئارزۇ قىلىدۇ! ئى تېۋىپىم! (سەندىن ئايرىم قالغان شۇ غۇربەتتە) كۆزۈم، سېنىڭ يولۇڭنىڭ تۇپرىقىدىن بىر سۈرمە ئارزۇ قىلىدۇ!).

❀

بىر غۇربەت دىيارى بولغان دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر پانىينىڭ ئۆمۈر كالېندارى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياغا كېلىش ۋە كېتىشنىڭ ئىدراكى ئىچىدە بولۇپ، غېرىپ بىر يولچىدەك ياشىغانلار، ئىلاھىي نەسىپىنىڭ ھاياجىنى بىلەن، دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق ۋە غەم ـ قايغۇ بىلەن تولۇپ تاشقان ئىمتىھانلىرىدا مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇشقا غەيرەت قىلىدۇ. ئۇلار غۇربەت ھاياتىنىڭ بەزىدە خۇشاللىق، بەزىدە ئەلەم بولغان ھالدا تەجەللى ئەتكەن خىلمۇ ـ خىل كۆرۈنۈشى ئالدىدا دائىم تەۋەككۇل، تەسلىمىيەت، سەۋر ۋە رازىلىق بىلدۈرگەن ھالدا ياشايدۇ. مۇنداق بەختىيار كىشىلەرنىڭ ئۆلۈملىرى چەكسىز رەھمەت ئىشكلىرىنى ئارزۇ قىلدۇرغان بىر ۋۇسلات، يەنى رەببىگە يېتىش شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

غۇربەتنىڭ ئاخىرقى خاتىرىسى بولغان قەۋرە تاشلىرىمۇ نەقەدەر ئىبرەتلىكتۇر. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايرىم تىلى باردۇركى، نۇرغۇن ئىبرەتلىك ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ:

شۇنىڭدەك، تۇغۇت ۋاقتىدا بىر ئانا قوشماقلىرى بىلەن بىللە ۋاپات بولغان. مەسنەۋىنى شەرھلىگەن تاھىرۇل مەۋلەۋى بۇ ۋەقەدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئۆلگەن ئايالنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپتى:

«مەن بۇ ئۈچ مەيتكە تەزىيە بىلدۈرۈپ بىر قەۋر تېشى يازدۇرۇشنى خالايمەن!» دەپ مۇنۇ تۆت مىسرانى يازدى:

> بىر مازار تېشىغا يېزىلغان ئويما خەت:
> دۇنيادا قۇچاقلاشقا ئەجەل بەرمىدى ئىمكان،
> ئەتتى مېنى بىر قەۋر ئىككى ئەۋلادىم بىلەن،
> يېتىم قالغان قوللىرىدىن تۇتقان ھالدا
> كەلدىم ساڭا رەببىم ، ئىككى يېتىم ئەۋلادىم بىلەن.

بۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ جالالىددىن رۇمىمۇ دۇنيا ھاياتىنى بەزىدە بىر غۇربەت، بەزىدە بىر يولۇچىلىق ئالەمى بولغان ھالدا سۈپەتلەيدۇ. ۋاپاسىز، پانى ۋە ئالدامچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەل باغلىغانلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەۋلانا ھەزرەتلىرى دۇنيانىڭ مەلۇم مۇددەتلىكى جەھەتتىن ئۇنى بەزىدە بىر مېھمانخانىغا ئوخشىتىدۇ. ھەتتا روھنىڭمۇ بەدەندە ۋاقىتلىق قالغانلىقى ئۈچۈن مېھماندارلىق ھالىنى ياشىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مېھماندارلىقنىڭ بىر- بىرى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان باسقۇچلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرى شەكىللەنگەنلىكى كۆرىلىدۇ. مەۋلانا ھەزرەتلىرى بۇ ھەقىقەتنى بۇ ئالەمدە زىتلىقلارنىڭ دائىم بىر يەردە ۋە بىر-بىرى بىلەن كىرىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ ھېكمەتلىك ئۇسلۇبى بىلەن مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئى ياش يىگىت! بۇ بەدەن بىر مېھمانخانىدۇر. ھەر ئەتىگەن سېنىڭ مېھمىنىڭ بولغان خۇشاللىق ۋە غەم- قايغۇ ئۇ يەرگە يۈگۈرگەن ھالدا كېلىدۇ.»

«ئاگاھ بول؛ شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنكى، بۇ مېھمان بوينۇمدا قالىدۇ دېمە! ئۇ، يوقلۇققا ئۇچۇپ كېتىدۇ. يەنى خۇشاللىق ۋە غەم- قايغۇ باقى ئەمەستۇر.»

«غەيىپ ئالەمدىن نېمە كەلسە كەلسۇن، ئۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ مېھمىنىدۇر. ئۇنى دائىم خۇشال تۇت، يەنى غەم- قايغۇدىن كۆڭۈلسىز؛ خۇرسەنلىكتىن كۆپ خۇشاللىق ئىچىدە قالما!»

«غەم- قايغۇ چۈشەنچىسى، خۇشال- خۇراملىق يولىنى توسۇپ قويىدۇ. پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. ھەقىقەتتە بولسا غەم- قايغۇ، باشقا بىر خۇشال- خۇراملىقنىڭ يوللىرىنى ئاچىدۇ.»

«پىكىر ۋە غەم، كۆڭۈل ئۆيىنى باشقا پىكىرلەردىن سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ، تاكى قەلبكە يېڭى ياخشىلىقلار ۋە خۇشال- خۇراملىقلار كەلگۈچە!»

«غەم بىلەن كۆڭۈل شاخلىرىدىن ساغىرىپ كەتكەن غازاڭلار سىلكىنمەكتە. بۇ شاخلاردىن بىر- بىرىنىڭ كەينىدىن يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ چىقىشى ئۈچۈن!»

«غەم، كۆڭۈلدىن نېمىنى ئېلىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ياخشىسىنى كەلتۈرىدۇ!»

زامانىمىز شائىرلىرىدىن قادىر مىسىر ئوغلىمۇ، ۋەتەندىن جۇدا قالغان زامانلىرىدا يازغان «غۇربەت» ئىسىملىك بىر شېئىرىدە مۇنداق ئىپادىلەپ بەرگەن:

...

يۇرتقا ئەمەس رەببىمگە،
جىم ـ تاسلىق ئالەمگە،
قايتقاندا تۇگەر غۇربەت،
مۇتلەق بولغان ئاقىبەت!
لېكىن ئۇ ۋاقىت كەلگۈچە،
مىڭبىر چىقىش ۋە چۈشۈش بار!
..............
مەشھۇر ماقال ـ تەمسىللەر،
بەس يېتەر تۇگەتمە نەپەس،
ئاللاھ بەس (كۇپايە) باقى ھەۋەس!..

ئى رەببىم! بىزنى بۇ غۇربەت دىياردا ۋۇسلات ھالىنى ياشاشقا نىسىپ قىلغىن! بىزنى جامالىڭنى كۆرگەن سالىھ قۇللىرىڭنىڭ قاتارىغا داخىل قىل! ئامىن!..

زەكەريا ئەلەيھىسسالام ـ يەھيا ئەلەيھىسسالام




ئىسا ئەلەيھىسسالام

